

زۇنۇن قادىرى



بابوُر



شیکسپیر



ليرمونتوف



جيك لوندون



خېلېن كېللېر



نۇرمۇھەممەت توختى

مەجبۇرىيەت مائارىپى دەرس ئۆلچىمى
تەجرىبە دەرسلىكى

# تىل-ئەدەبىيات

9 - يىللىقلار ئۈچۈن

2 - قىسىم

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

编　　者：艾海提·阿曼
牙里坤·肉孜
太来提·卡迪尔
卡米里·热依木
阿木提江·艾克木
责任编辑：牙里坤·肉孜
责任校对：阿布都热依木·阿
插图作者：帕尔哈提·伊

义务教育课程标准实验教科书

**语　文**

**九年级下册**

经新疆维吾尔自治区中小学教材
审定委员会2005年审查通过
（维吾尔文）

*

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتى باستى

*

فورماتى: 240 1×890، 1/32؛ باسما تاۋىقى: 8.5
2005 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىل 10 ـ ئاي 3 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 140 000 —— 1
ISBN 978 — 7 — 5370 — 5795 — 0

باھاسى: 5.28 يۈەن

نەشر ھوقۇقى بىزدە، باشقىلارنىڭ كۆپەيتىپ بېسىشىغا بولمايدۇ.
بېسىش ـ تۈپلەش سۈپىتىدە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 187 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830049؛ تېلېفون نومۇرى: 2863761,2870654 (0991)

# مەجبۇرىيەت مائارىپى تەجرىبە دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش - تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ھەيئىتى

ھەيئەت مۇدىرى : ساتتار ساۋۇت

مۇئاۋىن مۇدىرى : ئالىمجان مەتتىمىن    جاڭ چياڭ

ھەيئەت ئەزالىرى : جاۋ مىڭ    ما ۋېنخۇا

ماۋ ۋېنشىن    تاھىر ناسىر

ما شېڭشۇ    ئابلىمىت قاسىم

نۇرباقىت قادىر    ئەكبەر سىراجىدىن

جاڭ يۇجيې    ئەخەت سالى

قابىلقاق سادىق    ماقاداس ئاقان

تۈزگۈچىلەر : ئەھەت ئامان

يالقۇن روزى

تەلئەت قادىرى

كامىل رەھىم

ھامۇتجان ھېكىم

مۇھەررىرى : ھامۇت ياسىن

مەسئۇل مۇھەررىرى : يالقۇن روزى

مەسئۇل كوررېكتورى : ئابدۇرېھىم ئابلىمىت

رەسسام : پەرھات ئىبراھىم

مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى : ھۆرىيەت يۇسۇپ

قەدىرلىك ساۋاقداش:

توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ ئاخىرقى مەۋسۇمىغا قەدەم قويدىڭىز.

يېڭى دەرسلىكنى ئاچقاندا يېڭى تېكىست، يېڭى مەزمۇنلارنىڭ سىزنىڭ ئۆگىنىشىڭىزنى، تەھلىل قىلىپ ھۇزۇرلىنىشىڭىزنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىسىز. بۇ مەۋسۇملۇق «تىل - ئەدەبىيات» دەرسلىكىدە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشىڭىزگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەر قويۇلدى. ھەربىر بۆلەكتىكى تېكىستلەردە بىر قەدەر يىغىنچاق تېمىلار دەۋر قىلىندى: يۇرتنى سۆيۈش، ئانا تۇپراقنى ئۇلۇغلاش؛ ھاياتنى سۆيۈش، ھاياتنى قەدىرلەش؛ ھاياتنىڭ مۇشەققەتلىك سىناقلىرىغا باتۇرلۇق بىلەن بەرداشلىق بېرىش؛ ئوخشاش مۇھىتتىكى، ئوخشاشمايدىغان ماھىيەت؛ مېھىر - مۇھەببەت يەتكۈزۈش . . .

«مەخسۇس تېما» — «كۆڭلۈمدىكىدەك تىل - ئەدەبىيات» نىڭ تەلىپى بويىچە ئوقۇتقۇچىڭىز سىزنىڭ ئۈچ يىللىق تىل - ئەدەبىيات ئۆگىنىش تەسىراتلىرىڭىزنى ئەستايىدىل يەكۈنلىشىڭىزگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

گەرچە، توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىدىكى تىل - ئەدەبىيات ئۆگىنىشى تاماملىنىش ئالدىدا تۇرغان بولسىمۇ، سەمىڭىزدە بولسۇنكى تىل - ئەدەبىيات ئۆگىنىشى ئۆمۈرلۈك ئۆگىنىشتۇر. تىل - ئەدەبىيات ئۆگىنىشىنىڭ ھەربىر باسقۇچىنىڭ ئاخىرلىشىشى دەل يېڭى ئۆگىنىش باسقۇچىنىڭ باشلىنىشىدۇر. كەلگۈسىدىكى ئۆگىنىش ۋە خىزمەت تىل - ئەدەبىيات ئۆگىنىشىڭىزگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى قويىدۇ. تىل - ئەدەبىيات دۇنياسىنىڭ مول ۋە رەڭدارلىقىنى بارغانسېرى ھېس قىلىسىز. تىل - ئەدەبىياتنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى بارغانسېرى چوڭقۇر تونۇيسىز.

بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆگىنىش ۋە خىزمەتلەردە تىل - ئەدەبىياتنى ياخشى ئۆگىنىپ، ياخشى ئىشلىتىپ، كىشىلىك ھاياتىڭىزنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرگەيسىز.

— تۈزگۈچىلەردىن

# نەشرىياتتىن

بۇ «تىل ـ ئەدەبىيات» دەرسلىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى بېكىتكەن مەجبۇرىيەت مائارىپى «تىل ـ ئەدەبىيات دەرس ئۆلچىمى» گە ئاساسەن تۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە كونكرېت يېتەكچىلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات ئورنى بىلەن شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى بۇ دەرسلىكنى بىرلىكتە تۈزدى. بۇ دەرسلىك شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇ-تۇش ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى.

بۇ دەرسلىكنى تۈزۈشتە، دۆلەتنىڭ دەرس ئۆلچىمىنى ئاساس قىلىپ، كۆپ خىل ئۇچۇر مەنبەلىرى ۋە ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىش ھەمدە يېڭى پەنلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى مۇۋا-پىق گەۋدىلەندۈرۈش كۆزدە تۇتۇلدى؛ بىلىم ۋە قابىلىيەت، جەريان ۋە ئۇسۇل، ھېسسىيات، پوزىتسىيە ۋە قىممەت قارىشىدىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتىن تەربىيىلەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا، مەزمۇن جەھەتتە ئەمەلىي تۇرمۇشتا قوللىنىش ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا يېقىنلاشتۇرۇشقا دىققەت قىلىندى؛ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل ئۆ-گىنىش، ھەمكارلىشىپ ئۆگىنىش، ئىزدىنىپ ئۆگىنىش جەريانىغا باشتىن ـ ئاخىر كۆڭۈل بۆلۈنۈپ، ھەممە ئوقۇغۇچىنى ئۆز ئالاھىدى-لىكى بويىچە ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزگىچە خاس ئۆگىنىش تەلىپىنى قاندۇرۇشقا، دەرس ئىسلاھاتى ئىدى-يىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەمەلىيەت بىلەن نەزەرىيىنى زىچ بىرلەش-تۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلدى.

بۇ دەرسلىكنى تۈزۈش ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىش جەريانىدا، ئۇ-

ئۈرۈمچى شەھەرلىك چوڭلار مائارىپ ئىنىستىتۇتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوقۇتۇش تەتقىقات مەركىزى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلار مول ئوقۇتۇش تەجرىبىسىگە ئىگە دوتسېنت، ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى ۋە تەتقىقاتچىلارنى ئەۋەتىپ، يېڭى دەرسلىك تۈزۈش خىزمىتىمىزنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلىدى. تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن پروفېسسور ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدىن ئالىي مۇھەررىر تۇرنان قاسىم، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن دوتسېنت جېلىل ئابدۇراخمان، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىدىن ئالىي مۇھەررىر ھامۇت ياسىن، شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىدىن ئابدۇقەييۇم توختىھاجى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 16 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن ماھىرە روزى قاتارلىق يولداشلار قاتناشتى. بىز بۇ دەرسلىكنىڭ نەشر قىلىنىشىغا قىزغىن ياردەمدە بولغان ئورۇنلارغا، ئالاھىدە ئەجىر سىڭدۈرگەن ۋە قىممەتلىك تەكلىپ - پىكىرلەرنى بەرگەن مۇتەخەسسىسلەرگە ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز!

بۇ دەرسلىك مەجبۇرىيەت مائارىپى بويىچە دەرس ئىسلاھاتى تەجرىبە رايونلىرىدىكى مەكتەپلەر 9 - يىللىقلىرىنىڭ 2 - ئوقۇش مەۋسۇمىدا ئىشلىتىلىدۇ. كېيىنكى نەشرىدە تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئوقۇتۇش تەتقىقات خادىملىرىنىڭ ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى ۋە تەتقىق قىلىش جەريانىدا بايقىغان مەسىلىلەرنى نەشرىياتىمىزغا ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىپ، قىممەتلىك تەكلىپ - پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

2005 - يىل، ئۆكتەبىر

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى بۆلەك

## شېئىرلار


1. ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك ......... ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر (2)

2. ئانا تۇپراق ......................... ئارسلان (23)

3. چەت ئەل شېئىرلىرىدىن ئىككى پارچە ..................... (26)

4. ۋەتەن ................... ئابدۇقادىر جالالىدىن (31)

ئۇنىۋېرسال ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش ......................... (33)


## ئىككىنچى بۆلەك

## نەسرلەر


5. ناخشىلار (تاللانما) ........... جىبران خىلىل جىبران (38)

6. تەبەسسۇم ............ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن (43)

7. چىم ......... نۇرمۇھەممەت توختى (46)

8. ھايات ............................. براندېس (49)

ئۇنىۋېرسال ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش ......................... (55)

**ئۈچىنچى بۆلەك**

## نەسرىي ئەسەرلەر

9 . قوش مەسچىت ..................... مۇھەممەتئەلى زۇنۇن (60)
10 . ھاياتلىق بىلەن تىنچلىق بىر ـ بىرىگە ئاشىق ··· تىي نىك (73)
11 . ھاياتقا مۇھەببەت ..................... جېك لوندون (82)
12 . تۇرمۇشتىن بەھرىلىنىش ..................... خېلىن كېللېر (95)

ئۇنىۋېرسال ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش ........................... (106)

## مەشھۇر ئەسەرلەرنى تونۇشتۇرۇش ۋە ئوقۇش

«مىڭ بىر كېچە» ..................................... (111)

**تۆتىنچى بۆلەك**

## سەھنە ئەسەرلىرى

13 . غۇنچەم ..................... زۇنۇن قادىرى (134)
14 . ۋېنىتسىيە سودىگىرى ..................... شېكىسپىر (150)
15 . مۇزىكا ساداسى ..................... رېمان (170)
16 . كەچ كۈزدىكى غېرىبلىق ..................... تۇرسۇنجان لېتىپ (180)

ئۇنىۋېرسال ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش ........................... (190)

بەشىنچى بۆلەك

## كلاسسىك ئەسەرلەر


17 . «تۇنيۇقۇق مەڭگۇ تېشى» (پارچە) ................... (194)
18 . ئىككى تىگىننىڭ ھېكايىسى.................................. (199)
19 . قارلىق تاغدىن ئۆتۈش .......................... بابۇر (216)
20 . مەھمۇد غەزنەۋىگە ھەجۋىي ........................ فىردەۋسى (224)

ئۇنىۋېرسال ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش .................... (228)


## مەخسۇس تېما


كۆڭۈلۈمدىكىدەك تىل - ئەدەبىيات ........................ (234)

ئۇيغۇر تىلى ................................................... (251)

قوشۇمچە I

خەت - چەكلەردىن كۆرسەتمە ............................... (255)



# بىرىنچى بۆلەك

## شېئىرلار

ۋەتەننى سۆيۈش، ئانا تۇپراقنى قەدىرلەش، يۇرتىنى سېغىنىش ھېسسىياتى ھەممە كىشىگە ئورتاق. بۇ بۆلەكتىكى ۋەتەننى سۆيۈش، يۇرتىنى سېغىنىش باش تېما قىلىنغان شېئىرلارغا شائىرلارنىڭ چوڭقۇر ھەم كۈچلۈك ئىدىيىۋى ھېسسىياتى سىڭگەن بولۇپ، قەلبلەرنى ھاياجانغا سالىدۇ. بۇ شېئىرلار ھېسسىياتنى تاۋلاپ، قەلبنى پاكلايدۇ. بىزنىڭ ۋەتەنگە، يۇرتىمىزغا بولغان ھېسسىياتىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.



# 1 . ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك[1]

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

*تۇلكە ئۆز ئىنىغا ئۇرسە ، قوتۇر بولۇر .*
*— «دىۋانۇ لۇغاتىت تۇرك»تىن .*

مۇقەددىمە

بىر زامانلار مەنمۇ سىزدەك ياش ئىدىم ،
ياشلىقىم غۇرۇرىدىن بەخۋاش ئىدىم .
گاھ يۈگەنسىز شوخ - ئاساۋ بىر تاي كەبى ،
گاھ بۇلۇتلار ئىچرە ئۈزگەن ئاي كەبى .
تەلپۈنەتتىم ھەر نەپەس مۇشتاق بولۇپ ،
ئارزۇ دەرياسىغا قانماق بولۇپ .
بىر زامان تەكلىماكانغا ئىشتىياق —
قوزغىلىپ ، قويدۇم ئاتا دادىل ئاياق .
تەلىيىمگە ھەمراھىممۇ بار ئىدى —
كى ، خوتەن كارۋانلىرى تەييار ئىدى .
قالدۇرۇپ چۆللەردە ئىز ماڭدۇق ئۇزاق ،
گاھى ئاتلىق ، گاھ ئېشەكلىك ، گاھ ياياق .
بىزگە يول باشلار ئىدى ھېچ تىنىمەي ،
كۆپنى كۆرگەن ، كۆپنى بىلگەن بىر بوۋاي .

---

① بۇ داستان شائىرنىڭ «ئۆمۈر مەنزىللىرى» (شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان ) ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى .

ئاخشىمى سۆكسۆك قالاپ، گۈلخان يېقىپ،
سوزۇلۇپ ئارام ئېلىپ چۆلدە يېتىپ،
گاھ ھېكايەت ئاڭلىشاتتۇق، گاھ راۋاپ،
ئۈچرىسا چۆلدە كېيىك يەيتتۇق كاۋاپ...

بىر كۈنى چۈشكۈن① قىلىپ قونغاندا بىز،
بەك قىزىق بىر چۆچەك ئېيتتى بوۋىمىز.
بەلكى بۇ چۆچەكنى سىزمۇ ئاڭلىغان،
ياكى مەلۇم بىر كىتابتىن ئوقۇغان.
كونىراپ قالماس لېكىن ھەق گەپ پەقەت،
گەرچە تەكرار بولسىمۇ بىرنەچچە رەت،
چۈنكى كۆپ سۈرتكەنسېرى ئەينەكنى بىز
شۇنچە روشەن بولغۇسى ئۆز ئەكسىمىز.
يەنە ھەر گۈلنىڭ پۇراقى ئۆزگىدۇر،
گۈلخۇمارلار دىماغى ھەم ئۆزگىدۇر.
شۇڭا، ئۇ چۆچەك مېنىڭدە كەتمىگەي،
ئاڭلىغاننى باشقىلارمۇ ئاڭلىغاي —
دەپ بۇگۈن تۈزدۈم بايانىغا قوشاق،
بولسىمۇ نۇقسانى گەرچە بىر قۇچاق.

## 1

بار ئىكەن تەكلىماكاندا بىر شەھەر،
بۇ شەھەرنى دەر ئىكەن شەھرى قەمەر.
تا قەدىم «يىپەك يولى»دا كۈن ۋە تۈن

① چۈشكۈن — سەپەر ياكى ساياھەت جەريانىدا ۋاقىتلىق تۇرۇپ، ئارام ئېلىپ ئۆتىدىغان جاي قونالغۇ.

شەرق بىلەن مەغرىب ئارا بولغاچ تۇگۇن ،
پۇر كېتىپ داڭقى جاھانغا دەمۇدەم ،
بوپتۇ ئەلنىڭ نەزەرىدە مۆھتەرەم .
ھەيۋىتى ھەم قەسرى ـ كاشانىسى[1]
شۇ زامان بازارىنىڭ يېگانىسى .
كوچىلارغا سايىۋەن چىنارلىرى ،
بويلىشىپ بۇلۇت بىلەن مۇنارلىرى ،
چېلىنار كۇن ئالدىدا بوم قوڭغۇراق ،
تارقىلار ئارچا ئىسىدىن خۇش پۇراق .

چۆرىسى خۇددى ئۇنىڭ باغى ئېرەم ،
باغ ئارا رەيھان پۇرايدۇ سۇبھى دەم .
تاغلىرىدا قاشتېشى ھەم كەھرىۋا ،
سۇپسۇزۇك مەرمەر بىلەن ياقۇت تولا .
سۇلىرى ئاندىن شىپالىق ، جىلۋىگەر ،
زەر چاچار ھەر مەۋجىدە شامۇ سەھەر .
ئوتلىشار بۇغا ـ مارال پادا ـ پادا ،
قۇشلىرى پەرۋاز قىلار كەڭ دالادا .
خەلقى كۆپ مەشھۇر ئىكەن ھۇنەر بىلەن ،
قىز ـ جۇۋانلار بەسلىشەر ئەرلەر بىلەن .
شايى ـ ئەتلەس ، زىلچىسىدىن دەمۇدەم ،
رەشىك بىلەن ھەيران ئىكەن ھىندۇ ، ئەجەم .[2]
شاھىمۇ ئۆز تەختىدە مەسرۇر[3] ئىكەن ،
ئامىتى ، ئىقبالىدىن مەغرۇر ئىكەن .

---

[1] كاشانە — پارسچە سۆز بولۇپ مەنىسى : كولبە ، ئۆي ، خانا ؛ تۇرار جاي ، ئاشيان (ئۇۋا) ماكان ؛ ئىمارەت .
[2] ھىندۇ ، ئەجەم — ھىندىستان ۋە ئىران .
[3] مەسرۇر — خۇرسەن ، شاد ، خۇشال

ئۆزىمۇ تاۋغاچقا[1] تەۋە شاھ ئىكەن ،
بولسا تاۋغاچ بىر دەرەخ ، ئۇ شاخ ئىكەن .
ھەممىدىن تاۋغاچ خانىغا كۆيئوغۇل —
بولغىنىچۇن ، سۇ ئىچىپ ئاندىن كۆڭۈل ،
ئۆتكۈزەركەن ئۆمرىنى بىدەرد - بىغەم ،
لىك[2] تولا قىينايدىكەن بىرلا ئەلەم .
چۈنكى بىر ئوغۇل يۈزىن كۆرمەي ھۇنۇر ،
باشلىنىپ قاپتۇ ئۆمۈر باغىدا كۈز .
ئاھ چېكىپ ، ھەسرەت چېكىپ ، ئەپغان بىلەن ،
ئۆزتىپ يىللارنى شۇ ئارمان بىلەن ،
ئاخىرى يالغۇز قىزىنى پادىشاھ —
تەختىنىڭ ۋارىسى دەپ قىپتۇ جاكار .

شاھ قىزى ھۆسنى - جامالدا ھۆر ئىكەن ،
بەلكى كۆپ ئەللەر ئارا مەشھۇر ئىكەن .
بىر كۆرۈپ قالغان كىشى بوپتۇ ئادا ،
ئىككى كۆرسە قىلغۇسى جاننى پىدا .
كۈن بىلەن ئاي تەڭلا چىققاندەك شۇدەم ،
ھۆسنىگە ئەمدى قوشۇلغاچ تاجى ھەم ،
بىر - بىرىدىن قىزغىنىپ بەگزادىلەر ،
ئەڭ يىراق ئەللەردىكى شاھزادىلەر —
ئەلچىسى بىرلە تولۇپ كەتكەچ شەھەر ،
پادىشاھقا ھەم يېتىپتۇ بۇ خەۋەر .

---

① تاۋغاچ — مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تەبىرىچە (1) ئۇيغۇر دېمەكتۇر ؛ (2) ھەممىدىن چوڭ ۋە قەدىم نەرسە دېمەكتۇر . شۇنىڭدىن ئىبلىنىپ خانلارنىڭ خانى «تاۋغاچ خان» دېيىلىدۇ ؛ (3) ماچىن مەملىكىتىنىڭ نامى ، بۇ مەملىكەت چىندىن تۆت ئايلىق يول ئۇزاقتا جايلاشقان ( «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك» فوتو نۇسخا ، 116 - ، 117 - بەتلەر ) . «قۇتادغۇ بىلىك»تە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمدارى «تاۋغاچ بۇغراخان» دەپ ئاتالغان ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ كىتابنى شۇ خانغا تەقدىم قىلغان .
② لىك — لېكىن .

قارىسا بىر ـ بىرىدىن ئالىي ماقام،
ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق گەپنى تامام؟
ئاخىرى قىزغا بېرىپ ئەركىنى شاھ،
قىپتۇ خىلۋەتخانىنى باشقا پاناھ.
رازىلىق بىلدۈرمىگەچكە قىز بىراق،
تارقىلىپتۇ بەزى بەگلەر ھەر قاياق.
بەزىلەر ئاڭلاپ بۇ قىز جاۋابىنى
باشلىشىپتۇ ئۆچ ـ ئاداۋەت بابىنى.
بەزىلەر ئۈزمەي ئۈمىد قىپتۇ داۋام،
شاھ قىزىغا ھەر كۈنى يوللاپ سالام.
شۇ يوسۇن بىرنەچچە ۋاخ ئۆتكەن ئىمىش،
ئاقىۋەتتە يۈز بېرىپتۇ غەيرىي ئىش.

## 2

شۇ شەھەرنىڭ چېتىدە بىر تۇل ئايال —
كۈن كۆرەركەن ئوغلى بىرلە قەدرى ـ ھال.
ئوغلى بىر پالۋان يىگىت بوپتۇ ئۆسۈپ،
ئەل ئىچىدە ئاتىسىغا ئىز بېسىپ.
گاھىدا يەر باغرىنى تىلغايدىكەن،
گاھىدا چۆلدە كېيىك ئوۋلايدىكەن،
بىر كۈنى قاچقان كېيىككە دۇچ كېلىپ،
يىقتىپ تۇرغان ئىكەن ئوقيا ئېتىپ،
دەل شۇ چاغدا چۆل تەرەپتىن بىر پەرى،
بىر پەرىكىم، بارچە گۈللەر دىلبىرى،
قولدا ئوقيا، بەلدە خەنجەر پارقىراق،
ئاستىدا چىلان تورۇق شوخ ئارغىماق،

قوغلىشىپ كەپتۇ كېيىكنى بىتۇيۇق،
بۇ يىگىتنىڭ ئاتقىنىدىن خەۋىرى يوق.
ئۇ پەرى بىلگەچ كېلىپ ئىشنىڭ سىرىن،
ئاتقۇچىغا دەپتۇ دەرھال ئاپىرىن.



ئۇ يىگىت ، ئاتلىق پەرىگە بىر قاراپ ،
تېڭىرقاپ قاپتۇ گوياكى كۆز قاماپ .
«نېمە بۇ ، ئادەممۇ ياكى ئۆزگە سىر ؟
ياكى كۈندۈر ئۇچرىغان شۇۋقەدىر ؟
ئادىمى بولسا ئەگەرچە ، ئېھتىمال ،
شاھ قىزىدۇر » دەپ يىگىت قىپتۇ خىيال .
شۇ مەھەلدە ئارقىسىدىن ئات قويۇپ ،
بىپايان چۆللەر ئارا چاڭ توزدۇرۇپ ،
يېتىشىپ كەپتۇ يەنە بىر توپ پەرى ،
خۇددى باغنىڭ گۈللىرىكەن ھەربىرى .
ھەممىسى ئاتتىن چۈشۈپ نىزام بىلەن ،
شاھ قىزىغا باش ئېگىپ ئىكرام بىلەن ،
قوشتۇرۇپ قول تۇرغۇدەك قاتار - قاتار ،
بويلىرى گويا يېڭى ئۆسكەن چىنار .
دەل شۇ چاغ ئۆلگەن كېيىكنىڭ جورىسى —
كۆرۈنۈپ قاپتۇ يىراقتىن قارىسى .
شاھ قىزى ھەم كېنىزەكلەر شادىمان
ئات قويۇپتۇ تۇشمۇتۇشتىن شۇ تامان .

ئەلقىسسە ، شۇ بايىقى مەرگەن يىگىت ،
ئەمدىلەتىن ھوشىغا كەلگەن يىگىت
باشقىچە ھالغا چۈشۈپتۇ ناگىھان ،
خۇددى ئەمدى قالمىغاندەك تەندە جان .
بىر تۇرۇپ ئاھ دەيدىكەن مىڭ تولغىنىپ ،
بىر تۇرۇپ ۋاھ دەيدىكەن باغرى كۆيۈپ ،
ئۆزىمۇ بىلمەيدىكەن نېم بولغىنىن ،
نېمە دەرد ، نېمە بالاغا قالغىنىن .

بىرلا دەرد قىينايدىكەن بارغانسېرى ،
شاھ قىزىنىڭ سۈرىتى كەتمەي نېرى .
ئۆرۈلۈپمۇ شۇ خىيال ، شۇ ۋەسۋەسە ،
چۆرۈلۈپمۇ شۇ خىيال ، شۇ تەلۋەسە[1] .
شۇ ئىكەن جاننى قىسىپ ئىسكەنجىدەك
ھەم غىدىقلاپ قىينىغان تىلسىز تىلەك .
قىسقىسى مەرگەن يىگىت شۇندىن بۇيان —
مۇپتىلالىق ئوقىغا بوپتۇ نىشان ،
نە شىكار ، ئېتىز ئىشى ، نە كالىسى
يادىغا كەلمەيدىكەن نە ئانىسى .
كۆن بويى ئاھ دەپ يۈرۈپ ، ۋاھ دەپ يۈرۈپ ،
تۈن بويى پەرياد بىلەن پاھ دەپ يۈرۈپ ،
سارغىيىپ چىرايىمۇ بوپتۇ سامان ،
راست ئەمەسمۇ «ھەممىدىن كۆيۈك يامان» .

## 3

نە تېۋىپ ، نە پىرىخون ، نە بىر دۇئا —
بولمىغاچ بۇ غەلىتە دەردكە داۋا ،
ئانىسى مىڭ يالۋۇرۇپ ، مىڭ بىر سوراپ ،
ئاڭلىماق بوپتۇ ئوغۇلدىن بىر جاۋاب .
ئاخىرى يىغلاپ ئوغۇلمۇ زارۇزار ،
قىپتۇ سىرنى ئانىسىغا ئاشكار .

ئانىسى كۆز ياش تۆكۈپ تارام ـ تارام ،

[1] تەلۋەسە — بۇ سۆزنىڭ مەنىسى (1) تەلۋە ، مەجنۇن ، سەۋدا ؛ (2) پەرىشان ، گاڭگىرىغان ؛ (3) ئاشىق ، مەپتۇن .

دەپتۇ : «جان باغرىم ، جىگەر پارەم بالام ،
شۇنچە دەردكە قالغىنىڭغا مەن سەۋەب ،
چۈنكى سەندىن سورىمىدىم ھالىڭ نە دەپ .
نە قىلايكى ، تۇل خوتۇن بىچارىمەن ،
كاج پەلەك رەپتارىدىن ئاۋارىمەن .
ھەر يىلى بەك قىسقا كەلدى قولىمىز ،
ھېچ ئېچىلماي ياخشى ئىشقا يولىمىز .
گەر ھايات بولسا داداڭ ئۇ رەھمەتى
(چوڭ ئىدى ھەر ئىشتا ھىممەت ـ غەيرىتى ) .
ھالىمىز بولماس ئىدى مۇنچە يامان ،
ھەم سىنى ئۆيلەر ئىدۇق ئالدىراپ
ھېلىمۇ بولساق ئامان ، بۇ كۆز چوقۇم ،
سادىغاڭ بولسۇن بالام بارۇ يوقۇم .
شەھرىمىزدە قىز تولا گۈل ـ غۇنچىدەك ،
تېگى ـ تەكتى پاكىزە ھەم ئۈنچىدەك .
ئەتىلا ئۈمىد بىلەن ئۆيدىن چىقاي ،
تەلىيىڭنى بىر سىناپ كۆرۈپ باقاي .
شاھ قىزىنى ئويلىما ئوغلۇم لېكىن ،
ئاينى ئالماقتىنمۇ بۇ بىزگە قىيىن .
ھەر كىشىنىڭ ئۆز خىلى ، ئۆز جورى بار ،
كونا تۆگمەن چېغىدا ئۆز نورى بار ،
شاھ قىزى بولماس ساڭا ھەرگىز قاياش .
تاڭسىمۇ تۇرماس ياغاچقا چۈنكى تاش . »

شۇ يوسۇن قىلسا نەسىھەتلەر ئانا ،
ھېچ پىسەنت بولماپتۇمىش لېكىن ئاڭا .
ئەكسىچە ، ئەزۋەلىشىپ بارغانسېرى ،

يەر قۇچاقلاپ، باش كۆتۈرمەي، ئاخىرى —
دەپتۇكى: «گەر شاھ قىزى بولماس نېسىپ،
ئۇشبۇ دەردتە ئۆلسەم ئەمدى نە ئەجىب[1]،
ياخشىسى مەندىن رىزا بولغىن ئانا،
قىسمىتىم شۇ بولسا ئەمدى، ئەلۋىدا!»
ئاقىۋەت بىچارە مەزلۇم باغرى خۇن،
شۇ نادان، تەرسا ئوغۇلنىڭ كۆڭلىچۈن،
تا ئۆلۈمگە ھەم تەۋەككۇل ئەيلىبان،
ئوردىغا دادىل قەدەم بوپتۇ راۋان.

## 4

ئەلقىسسە، ئۈچ كۈن ئۇدا ئوردا ئالدىنى —
سۈپۈرۈپ قىلغاندا ئىزھار دادىنى.
شاھقا يەتكەچ بۇ خەۋەر، قىپتۇ قوبۇل،
بولسىمۇ بۇ ئەلچىدىن كۆڭلى مەلۇل.
مەيلى دەپ ئۇ شاھمۇ بۇزماي ۋەدىسىن،
چىللىتىپتۇ ئالدىغا مەلىكىسىن.

شاھ قىزى ھەيران بولۇپ قىپتۇ سوئال:
«كىم تەرەپتىن كەلدىڭىز، بۇ نىمە ھال؟»
شۇندا ئۇ بىچارە مەزلۇم ناتىۋان،
شاھ قىزىغا ھەممىنى قىپتۇ بايان.
شاھ قىزى مەرگەن يىگىتنى ئەسلىگەچ،
قەھقەھە بىرلە كۈلۈپ مەسخىرىلىگەچ.

---

① ئەجىب — شائىر «ئەجەب» دېگەن سۆزنى قاپىيە ئېھتىياجى بويىچە شۇنداق ئىشلەتكەن. «ئۇشبۇ دەردتە ئۆلسەم ئەمدى نە ئەجىب» دېگىنى: مۇشۇ كۆيۈك دەردىدە ئۆلۈپ كەتسەم ھەيران قالغۇلۇق ئەمەس، دېگىنى.

دەپتۇكىم : شۇ ئوغلىڭىز كەلسۇن كۆرەي ،
ھەم جاۋابنى ئۆزىگە روشەن بېرەي .

ئوردىدىن قايتقاچ ئانا مىڭ غەم بىلەن ،
نەملىنىپ كىرپىكلىرى شەبنەم بىلەن .
شاھ قىزىنىڭ گەپلىرىن قىپتۇ بايان ،
ھەم ھاقارەت قىلغىنىن تۇتماي نىھان .
شۇندىمۇ گەپكە پىسەنت قىلماي يىگىت ،
ئانىنىڭ كۆز يېشىغا باقماي ، ئىسىت ،
خۇددى مەست پىلدەك چىقىپ ئۆيدىن گاراڭ ،
ئوردىغا ئۈمىد بىلەن بوپتۇ راۋان .

شاھ قىزى كۆرگەچ يىگىتنىڭ ھالىنى ،
ھېچ تاپالماي قايتۇرۇش ئامالىنى ،
ئويلىنىپ بىردەم ، ئاڭا دەپتۇ كېيىن :
«تويلۇقۇمغا كۈچىڭىز يەتمەسمىكىن ؟»
«قېنى ، — دەپتۇ ئۇ يىگىت ، — ئاڭلاپ كۆرەي ،
گەر كېرەك بولسا بۇ جاننى ھەم بېرەي . »
«ياخشىنى ، — دەپتۇ ئۇ قىز ، — سىز سورىماڭ
مەنمۇ ئېيتماي ، جېنىڭىزنى قىينىماڭ .
سىز ئەمەس ، مەن ـ مەن دېگەن بەگ چېغىدا ،
ئاڭلىسا ، قالغاي پۇشايمان دېغىدا . »
«مەيلى ، — دەپتۇ ئۇ يەنە ، — ئاڭلاپ كۆرەي ،
نېمە بولسا ھەم ئۆزۈمنىڭ شورى دەي . »
شاھ قىزى دەپتۇ ئاخىر : «ئۆز مەيلىڭىز ،
خۇن تۆلەشكە بولسا شۇنچە رايىڭىز .
ئانىڭىزنى ئۆلتۈرۈپ ھازىرغىنا ،

يۈرىكىنى ئەپكېلىڭ ئىسسىققىنا .
تويلۇقۇم شۇلدۇر مېنىڭ ، بۇ سۆز تامام ،
پائىلاتون ، پائىلاتون① ، ۋەسسالام ! »

5

ئوردىدىن قايتقاچ ئوغۇل ھالى خاراب ،
«نېمە گەپ ؟ ! » دەپتۇ ئانا ئەھۋال سوراپ .
ئوغلى دەپتۇ : جان ئانا ، كۆپ قىينىماڭ ،
تويلۇقى ئېغىر ئىكەن ، گەپ سورىماڭ .
«قېنى ئېيىت ، ئاڭلاپ باقاي ، — دەپتۇ ئانا
— مۈشكۈلۈڭنى ھەل قىلار قادىر خۇدا . »

شۇندا ئۇ تەرسا يىگىت كۆپ ئويلىماي ،
ھەممىنى ئېيتقان ئىمىش گەپ ئايىماي ...
«جان بالام غەم يېمىگىن ، — دەپتۇ ئانا ، —
سەن ئۈچۈن ھەممە نېمەم تەييار مانا .
گەر مۇرادىڭ مەن بىلەن ھەل بولسا ، تا —
بۇ مېنىڭ ئىسسىق جېنىم بولسۇن پىدا .
بىر ئەمەس ، مىڭ بىر يۈرەك بولسا بېرەي ،
ئال بالام ، تەسەددۇقۇڭ مەن بولاي ! »

شۇندا بارچە يەر ـ جاھان ، بارچە ھايات ،
تاكى ئۇ چەكسىز سامادا كائىنات .
نىم قىلاركىن بۇ يىگىت ئەمدى دىبان ،
كۈتكىنىدە ئاقىۋەتنى ، ناگىھان .

① پائىلاتون — ئاروز ۋەزنىنىڭ شېئىرلارنىڭ بىر خىل ۋەزىن تۈرى .

ئەقلىدىن ئازغان يىگىت قولدا پىچاق —
ئانىنىڭ ئالدىغا تېز كەپتۇ ... بىراق ،
شۇ زامان بوران چىقىپ ، يەر سىلكىنىپ ،
كۆكتە گۈلدۈر ھەمدە چاقماق چېقىلىپ ،
ياغسىمۇ دەھشەتتە يامغۇر كەينىدىن ،
شۇندا ھەم يانماي ئۇ قاتىل پەيلىدىن ،
ئاخىرى قانلىق يۈرەكنى سۇغۇرۇپ ،
ئوردىغا ئوقتەك ئۇچۇپتۇ يۈگۈرۈپ ...
دۈم چۈشۈپتۇ پۈتلىشىپ يولدا بىراق
ھەم يۈرەك ئىرغىپ چۈشۈپتۇ نېرىراق .
شۇندا چوغدەك قىزىرىپ ھەم نۇر چېچىپ ،
پارقىراپ تۇرغان يۈرەك ئېغىز ئېچىپ ،
دەپتۇ : «جان باغرىم ، جېنىم ، ئالتۇن قوزام ،
بىر يېرىڭ ئاغرىدىمۇ جېنىم بالام ؟»
بۇ يۈرەكتىن ئۇرغۇغان ئۇشبۇ سادا —
دىن شۇئان تەسىرلىنىپ ھەتتا خۇدا ،
ئانىلىق مېھىر ئۇچۇن رەھمەت قىلىپ ،
شۇم ئەجەلنىڭ نۆۋەتىن ھەم رەت قىلىپ ،
ئورنىغا سالغاچ يۈرەكنى قايتىدىن ،
ئانا ھەم دەرھال تۇرۇپتۇ جايىدىن .
يوق ئىمىش ئوغلى قېشىدا قارىسا ،
ھېچ كىشى بىلمەس ئىمىش ھەم سورىسا .
شۇڭا كۆپ ئىزدەپ ئۇنى سەرسان بولۇپ ،
شۇ جۇدالىق دەردىدە ۋەيران بولۇپ ،
ئاخىرى ھالدىن كېتىپ قالغان گېزى ،
باشقا ئىش باشلاپتۇ ئاسمان گۈمبىزى .

## 6

بايىقى قاتىل چۆچۈپ ھەق قەھرىدىن ،
باشقا بىر ئەلگە كېتىپتۇ شەھرىدىن .
ئۇندىمۇ بىر پادىشاھلىق بار ئىكەن ،
ئەل ئۇنى تاغلار دىيارى① دەيدىكەن .
ئۇ شۇ يۇرتتا بىر مۇساپىر ھالىدا ،
كۈن كۆرۈپتۇ نەچچە كۈنلەر خالىدا .
بىر كۈنى مىرشەپ تېپىپ ئۇندىن خەۋەر ،
تۇتقىلى نۆكەر بىلەن كەپتۇ سەھەر .
شۇندا ئۇ بىرنەچچىسىنى تاش بىلەن ،
بەزىسىنى مۇشت ۋە پەشۋا ، باش بىلەن
يىقىتىپ ، قىلغاچ تامام زىرۇ زەۋەر② ،
پادىشاھقا ھەم يېتىپتۇ بۇ خەۋەر .

بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ھەم نوقۇل ،
ھېلىقى مەلىكىگە باغلاپ كۆڭۈل ،
ھەر قېتىم يانغاچ جاۋابسىز ئەلچىلەر ،
ئۇخلىماي ھەتتا ئۇ ئەمدى كېچىلەر ،
گاھى پۇل ، گاھى زۇلۇم قىلماق بىلەن
بەند ئىكەن بىر چوڭ قوشۇن يىغماق بىلەن .
بايىقى تەرسا يىگىت پالۋانلىقى
خۇددى شۇ كۈنلەرگە دەل كەلگەن چېغى ؛
شۇ سەۋەبتىن پادىشاھمۇ شۇ كۈنى

---

① تاغلار دىيارى — قەدىمكى تۇبۇت ياكى تىبەت مەملىكىتى .
② زىرۇ زەۋەر — زىر ۋە زەۋەر دېگەنلىك بولۇپ ، زىر — ئەرەب يېزىقىدا ھەرپلەرنىڭ ئاستىغا قويۇلىدىغان بەلگە . زەۋەر — ئۇستىگە قويۇلىدىغان بەلگە . شائىر بۇ يەردە ئوڭدا ـ دۈمدە قىلىۋېتىلگەن ھالەتنى تەسۋىرلىگەن .

«بىر كۆرەي» دەپ، تۇتقۇزۇپ كەپتۇ ئۇنى،
قارىسا، بەستى يوغان بولغان بىلەن،
گەپ ـ سۆزىدىن تولىمۇ نادان ئىكەن.
شۇندىقى لازىم ئىدى دەپ خۇش بولۇپ،
كۆڭلىگە پۈككەن ئۈمىدى قوش بولۇپ.
دەپتۇكىم: «قىلساڭ ئەگەر خىزمەت ماڭا،
كەلگۈسى دۆلەت گۈلى جەزمەن ساڭا،
چۈنكى ئۇ شەھىرى قەمەر قىلدى نىزا.
بەرمىكىم لازىم بولۇپ قالدى جازا.
شۇندا مەن دارغا ئېسىپ پاشاسىنى،
يەتكۈزەي مەلىكىگە جەزمەن سېنى.
شەرت شۇكى، پالۋانلىقىڭنى ئايىما،
ئۆز دىيارىم دەپ ئاڭا يۈز قارىما!»

شۇندا ئۇ ئەقلى بۇزۇق ئازغۇن نادان،
نە نادانكىم، لەنىتى تۇزكور قاۋان،
باغلىبان دۈشمەنگە خىزمەت كەمىرىن،
نەچچە ۋاخ تەلىم ئېلىپ جەڭ ھۈنىرىن،
بىر كۈنى باشلاپتۇ ياۋ لەشكىرىنى،
قانغا غەرق قىلماق ئۈچۈن ئۆز شەھىرىنى.

ياۋ تەرەپ پاشاسىمۇ دەل شۇ كۈنى
قىچقىرىپ خاس مەھرىمىدىن بىرسىنى،
دەپتۇكى: «بىزگە زەپەر كۈلگەن ھامان،
قويما بۇ ئەبلەخنى ھەرگىز تىنچ ـ ئامان.
ئارقىسىدىن ئوق ئېتىپ جايلا ئۇنى،
تۈيمىسۇن ھەم چىقمىسۇن ھەرگىز ئۈنى.

چۈنكى ئۇ ئۆز ئېلىگە سالدى جاپا ،
ئەمدى قانداق كۈتكۈلۈك ئۇندىن ۋاپا ؟ »

ئەلقىسسە ، ئۇ ياۋنى باشلاپ كىرگەن شۇ كۈن ،
قوزغىلىپ چۆللەر ئارا دەھشەت قۇيۇن .
سىلكىنىپ يەر ۋە زېمىن ، تىترەپتۇ تاغ ،
دومىلاپ تاشلار چۈشەرمىش ھەر قاياق .
ئۆرۈلۈپ قىرغاققا دەريا تاشقۇدەك ،
ۋادىدا جەرەن - كېيىكلەر قاچقۇدەك ،
ئۈركۈشۈپ بارچە ئۇچار قۇشلارمۇ تەڭ ،
تىنچ ياتالماي قاپتۇ ھەتتا شەپەرەڭ .
شۇندا بىر بۆرە ئېگىز دۆڭدە تۇرۇپ ،
دەر ئىمىش ھۇۋلاپ ئاچا لەنەت ئوقۇپ :
«ئەي رەزىل ئەبلەخ ، سېنىڭ ھالىڭغا ۋاي ،
ئادىمدىن سەندىكى ھېچ چىقمىغاي .
مەن چېغىمدا ئۆڭكۈرۈم - ئىنىم سايان
باشلىمايمەن دۈشمىنىمنى ھېچقاچان .
گەرچە قان ئىچمەي تاپالماسمەن ئارام ،
ئۆز قېرىنداشىم قېنى مۇتلەق ھارام .
شۇمىدى سەندە ئادەملىك خىسلىتى ؟
ياغسۇن ئەمدى مەڭگۈ ھەقنىڭ لەنىتى ! »

7

شۇ يوسۇن تا يەتكۈچە ياۋدىن خەتەر ،
ئۇيقۇ ئىچرە غەرق ئىكەن شەھىرى قەمەر .
سەلتەنەت تەختىدە شاھ غەپلەت بىلەن ،

مەست ئىكەن ھەر كۆڭلۈكى ئىشرەت بىلەن .
بولسىمۇ مەلۇم قوشۇن ـ لەشكەرلىرى ،
بولمىغانكەن ئېھتىيات تەدبىرلىرى .
چۈنكى نە ھاجەت ئۇرۇش دەپ ئويلىغان ،
باشقىلارنى ھەم ئۆزىدەك چاغلىغان .
دەل شۇ چاغدا ياندۇرۇپ دەھشەت ئالاۋ
باستۇرۇپ كىرگەچكە ئەلگە ۋەھشىي ياۋ ،
ئاندا يانغىن ، مۇندا قىرغىن ـ قەتلىئام
ھەم تالان ـ تاراج بىلەن خامان تامام .
ياۋ كېزەر پىتىراپ گويا چېكەتكىدەك ،
يەر ـ جاھاننى توزىتىپ يەپ كەتكۈدەك ،
قارشىلىق كۆرسەتسىمۇ يۇرت ئەرلىرى ،
كۆپ ئىكەن ھەم زور ئىكەن ياۋ لەشكىرى .
ئاخىرى شەھىرى قەمەر بوپتۇ قامال ،
ھەم قامالدىن يوق ئىكەن ئۆزگە ئامال .
گەرچە خانغا كەتسىمۇ دەرھال چاپار ،
يول يىراق ، تاغلار ئېگىز ، قاچان بارار ؟
بەختىگە قورغان تېمى بەكمۇ ئېگىز ،
تاش بىلەن پۇختا سېلىنغان دەخلىسىز .
ياۋ كىرەلمەي قاپتۇ سىرتتا خېلى كۈن ،
تۇمشۇقى تاغقا تېگىپ ، ھالى زەبۇن .
قىلسىمۇ ياۋ كۆپ ھۇجۇم دەھشەت بىلەن ،
قايتۇرار قورغان ئۇنى شىددەت بىلەن .
چۈنكى ئەمدى ئويغىنىپ شەھىرى قەمەر ،
ياش ـ قېرى ، ئەرۇ ئايال باغلاپ كەمەر ،
قوغدىماققا يۇرتنى يادلاپ قەسەم ،
ھەممىسى قويغانىدى دادىل قەدەم .

قىلسىمۇ شۇنچە جاسارەتلەر ، بىراق يە ،
تەس ئىدى ياۋنى بوسۇغتىن قوغلىماق .
چۈنكى ياۋنىڭ سىپىدە بىر پەھلىۋان —
بار ئىدىكى ، خۇددى بىر غالجىر قاۋان .
ھېچ كىشى بەرداش بېرەلمەي زەربىگە ،
«خەپ سېنى» دەپ ئاستا قايتار كەينىگە .
قانچىلارنى شۇ قاۋان قىلغاچ ھالاك ،
ئەھلى قورغان ياقىسى كۆپ بولدى چاك .
ئۇ ئىدى شۇ بايىقى ئازغۇن نادان ،
ئۇ نادان كىم ، بايىقى خائىن يۇھان[1] .
خەلق ئۇنى دەرھال تونالماي نەچچە كۈن ،
شۇ يوسۇن ئۇ ئەلگە ساپتۇ قارا كۈن .
ئاخىرىدا بەزىلەر يەتكەچ تونۇپ ،
قارغىشپتۇ تۇشمۇتۇش لەنەت ئوقۇپ .
بەزىلەر «ئەمەستۇ» دەپ تالاشقۇدەك ،
بەزىلەر ئانىغا يات قاراشقۇدەك .

## 8

بىر كۈنى قورغان بېشىدا بەند ئانا ،
جەڭ ئىشىغا جان بىلەن پەيۋەند ئانا ،
بىر قاراپ مەيدان ئارا ھاڭ - تاڭ بولۇپ ،
ھېچ ئىشەنمەي كۆزىگە ھەيران بولۇپ ،
توۋا دەپ تۇتۇپ ياقا غەزەپ بىلەن
ئاھ ئۇرۇپتۇ مىسلى يوق بىر دەرد بىلەن :

---

① يۇھان (يەھۇدا) — ئىنجىل رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا ، ئىسا پەيغەمبەرنىڭ 12 مۇرتىنىڭ بىرى بولۇپ ، ئاخىر ئىساغا خائىنلىق قىلغان ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن تارىختا خائىنلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى سۈپىتىدە تونۇلغان .

«ۋاي ئىسىت ، نېمىدەپ سېنى تۇغقاندىمەن ! ؟
نېمىدەپ ئاق سۈت بېرىپ باققاندىمەن ! ؟
شۇمىدى سەندىن يېتەر ئەلگە ۋاپا ؟
بالا ئەمەس ، بولدىڭغۇ يۇرتقا بىر بالا ! »
دەپتۇ ـ دە ، ئوتتەك يېنىپ غەمكىن كۆزى ،
تاشقىرى چىققان ئىمىش تەنها ئۆزى .

قولدا تىغ ، ئات ئوينىتىپ تۇرغان قاۋان
تونۇغاچ ھەم ئانىنى كۆرگەن ھامان ،
ئېتىدىن دەرھال چۈشۈپ ، رەڭگى ئۆچۈپ ،
يۈگۈرۈپتۇ ئالدىغا ئوقتەك ئۇچۇپ .
كەپتۇ ـ دە ، قۇچاق ئېچىپتۇ ئانىغا ،
تاش كەبى قاتقانىكەن لېكىن ئانا .
ئانىنىڭ ئۆتكۈر نىگاھى نەيزىدەك —
سانجىلىپ تۇرغاچقا كۆزگە يەكمۇيەك ،
تىزلىنىپتۇ ئاخىرى ئۇ شۇم قاۋان
تىترە ـ تىترە بار ۋۇجۇدى ، باش تۆۋەن .
شۇ مىنۇت جىم بوپتۇ بارچە يەر ـ جاھان ،
نە جاھان ، جىم بوپتۇ ھەتتا ئاسمان .
مۇندا قورغان ئەھلى جىم ھەيرەت بىلەن ،
ئاندا دۈشمەن تىترىشەر دەھشەت بىلەن .
شۇ سۈكۈنات ئىچرە ئۇ قەيسەر ئانا
بۇرچىنى نومۇس بىلەن ئەيلەپ ئادا ،
تىغ ئۇرۇپتۇ ياۋغا قايناپ نەپرىتى ،
دۈم چۈشۈپتۇ شۇ زامان ئۇ لەنىتى .
كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇنچە ئىش بوپتۇ تامام ،
ياش تۆكۈپتۇ ئانا ھەم تارام ـ تارام .

نە ئۇچۇن ياش تۆككىنىن بىلمەس ئىكەن،
كۆز يېشىنى ئۆزىمۇ سەزمەس ئىكەن.
بىر چىگىش تۇيغۇ بىلەن بىھوش كەبى
يادىغا ھېچ نەرسىمۇ كەلمەس ئىكەن.
دەل شۇ چاغ ۋۇلقان كەبى پارتلاپ شەھەر
ئېتىلىپتۇ ياۋغا قارشى سەرمۇسەر.
ئانىمۇ شەمشەر بىلەن جەڭگە كىرىپ،
ئەل بىلەن ئالغا مېڭىپتۇ سەپ يېرىپ.
پىتىرىشىپ ياۋ ھەر قاياققا ئۇرۇنار،
خۇددى بىر باشسىز يىلاندەك تولغىنار.
باستۇرۇپ قوغلار ئۇنى تاشقىن قىيان،
ياۋ قاچار پىتىراپ پەرىشان ھەر تامان.

## خاتىمە

سۆز تامام بولدى مانا، چۆچەك تامام،
ئەمدى نە ھاجەت ئىزاھات، ۋەسسالام.
ھەر كىشى قىلسا تەپەككۇرنى ھەۋەس،
بۇ جاھاندا ھېچ نېمە سىر ئەمەس.
جان نېمە، جانان نېمە، ۋەتەن نېمە؟
ھەر كىشىنى ئادىمى ئەتكەن نېمە؟
يانمىسا كۆڭۈل ئۆيىدە بىر چىراغ،
گۆش ـ تېرە، سۆڭەك بىلەن بۇ تەن نېمە؟
شول ئېرۇر بۇ چۆچەكمىنىڭ خاتىمى،
مەنىسىگە يەتسە گەر ھەر ئادىمى.

1979 ـ يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى

## مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . داستان ۋەقەلىكىنى ھېكايە شەكلىدە بايان قىلىپ بېرىڭ .

2 . ئانا دەسلەپ ئوغلىنىڭ بەختى ئۈچۈن ئۆز يۈرىكىنى تەقدىم قىلىدۇ ، لېكىن كېيىن ئۆز قولى بىلەن ئوغلىغا خەنجەر تىقىپ جېنىنى ئالىدۇ . ئانىنىڭ ۋۇجۇدىدا كۆرۈلگەن بۇ خىل مۇھەببەت ـ نەپرەتنىڭ سەۋەبى نېمە ئىكەنلىكى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈڭلار .

3 . جان نېمە ، جانان نېمە ، ۋەتەن نېمە ؟

ھەر كىشىنى ئادىمى ئەتكەن نېمە ؟

يانمىسا كۆڭۈل ئۆيىدە بىر چىراغ ،

گۆش ـ يا تېرە ، سۆڭەك بىلەن بۇ تەن نېمە ؟

دېگەن مىسرالاردىن نېمىلەرنى ھېس قىلدىڭىز ؟

4 . داستاندىكى سىز مەنىسىنى چۈشىنەلمىگەن سۆزلەرنى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە رەتلەپ كىچىك لۇغەت تۈزۈپ چىقىپ ، قورال كىتاب-لاردىن پايدىلىنىپ ئىزاھلاڭ .

5 . «تۈلكە ئۆز ئىنىغا ئۈرسە ، قوتۇر بولۇر» دېگەن جۈملىنى مەزمۇن ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتىن تەھلىل قىلىڭ .

# 2 . ئانا تۇپراق

ئارسلان①

كېلەركەن ، كېتەركەن بۇ جايغا ئاي ، كۈن ،
كەتكەندە چىداركەن ئەجەب پىراققا ؟
مەن كەلگەن ، كەتمىدىم ، كەتمەيمەن ئەبەد ،
قانمىغاچ يۈرىكىم مۇشۇ تۇپراققا .

تۇغۇلۇپ بۇ يەرگە چۈشكەن ئىكەنمەن ،
بۇ يەردە كۆزۈمنى ئاچقان تۇنجى رەت .
توپىنى ئۇچۇملاپ قاراپ كېتىمەن ،
كىندىكىم قېنىنىڭ رەڭگى باردۇر ، دەپ .

بۇ يەرگە تامغانكەن تۇنجى كۆز يېشىم ،
تۇنجى ھېس - تۇيغۇغا ئېرىشىپ يۈرەك .
بۇ يەردە يۈملاپ ئۆسكەن ئىكەنمەن ،
باغرىمنى توپىغا يېقىپ ئۆملەپ .

شۇ تۇپراق تۇسى بار تېرەمدە مېنىڭ ،
سۇرتىمەن كۆزۈمگە سۆيۈنۈپ قەۋەت .

---

① ئارسلان (1996—1946) — شائىر ۋە ئەدەبىي تەرجىمان . بۇ شېئىر ئۇنىڭ «ياشلىق يۇلتۇزلىرى»ناملىق توپلىمىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى . ماۋزۇسى تۈزگۈچىلەر تەرىپىدىن قويۇلدى .

بوْلدۇقلار كۆز يېشىم ،
قاينار قوشۇلۇپ ،
كۆز ياشقا كۆز ياشتەك سۇزۇك مۇھەببەت .

بۇ شۇنداق مۇھەببەت ، پۈتمەس مۇھەببەت ،
سۆيمىگەن ئانىنى قاچان بالىسى ؟
ئانىلار ئۆلۈغدۇر لېكىن بۇ تۇپراق
شۇ ئۇلۇغ ئانىلارنىڭ ئۆلمەس ئانىسى .

لاي ئېتىپ كۆز ياشتا ئاشۇ تۇپىدىن ،
سالغانتى بوۋىلار سېپىل ۋە شەھەر .
شۇ ھايات بەختىنى قوغداشنى ئىستەپ
بەك ئۇزاق چۆللەرنىڭ چېتىگە قەدەر .

تۇپىغا قوشۇلغان بوۋىلار بېشى ،
شۇڭلاشقا بۇ تۇپا جاندىن ئەتىۋا .
سەھرالار يۇلغۇنى چېچەكلىرىدەك ،
قايتىلاپ كۆكلىگەن ئۈمىد - ئىلتىجا .

بۇ يەردە ئۆلمىدى ، كۆكلىدى ھايات ،
تەۋرىدى تۇپراقتا يېشىل دولقۇنلار .
تۇپراقنى قوغدىغان مەردلەر قېنىدىن
گۈل - چېچەك ھۆسنىدە ياندى يالقۇنلار .

تۇپىنى ئوچۇملاپ سۆيۈپ كېتىمەن ،
زېمىننىڭ تىنىقى كىرەر قۇلاققا .
شۇ تۇپا باي سۆيگۈ ، ئارزۇ ، ئۈمىدكە ،
ئۇرۇلار ئانامنىڭ ھىدى دىماغقا .

كېلەركەن ، كېتەركەن بۇ جايغا يىللار ،
كەتكەندە چىداركەن ئەجەب پىراققا .
مەن كەلدىم ، كەتمىدىم ، كەتمەيمەن ئەبەد ،
ئۆلگەندە باش قوياي ئانا تۇپراققا .

1981 - يىل ، ئۈرۈمچى

## مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . شېئىرنىڭ بېشىدىكى كۇپلېتنى ئاخىرىدا تەكرارلاشتىن قانداق ھېسسىيات ئۇنۇمى يارىتىلغان ؟

2 . شائىر نېمە ئۈچۈن :

ئانىلار ئۇلۇغدۇر لېكىن بۇ تۇپراق ،
شۇ ئۇلۇغ ئانىلارنىڭ ئۇلمەس ئانىسى .

دەپ يازدۇ ؟ بۇ ئىككى مىسرانى بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملىگە ئۆزگەرتىپ يېزىڭ .

3 . سىزمۇ تۇپراق ھەققىدە بىرنەچچە كۇپلېت شېئىر - قوشاق يېزىپ بېقىڭ .

# 3 . چەت ئەل شېئىرلىرىدىن ئىككى پارچە

ۋەتىنىنى سۆيمەيدىغان ، يۇرتىنى قەدىرلىمەيدىغان كىم بار؟ شائىر لېرمونتوف «ۋەتەن» دېگەن شېئىرىدا ، ۋەتەنگە بولغان «مىسلىسىز» مۇھەببىتىنى ئۆزىگە خاس يول بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەن . ھېيۇسىنىڭ «نېگىرلارنىڭ نەزەرىدىكى دەريا» دېگەن شېئىرى بولسا ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەن ئافرىقا نېگىرلىرىنىڭ يۇرتىغا قايتىش ھېسسىياتىنى ئەكس ئەتتۇرگەن يىلتىز ئىزدەش ناخشىسىدۇر .

## ۋەتەن

لېرمونتوف[1]

مىسلىسىز سۆيگۈدە سۆيدۈم ۋەتەننى !
ئەقلىم بۇ سۆيگۈگە كېلەلمەس غالىب .
قانلار بەدىلىگە كەلگەن شان ـ شەرەپ ،

---

[1] مىخائىل لېرمونتوف (1814—1841) — پۇشكىن بىلەن زاماندىش رۇس شائىرى . بۇ شېئىرنى ئابدۇقادىر جالالىدىن خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلدى .

مەغرۇر ساداقەتنىڭ سۆكۆناتلىرى
ھەتتا ، ئەلمىساقنىڭ رىۋايەتلىرى
بەزلەپ بۇ ئىشقىمنى قىلالماس غايىب .

سۆيمەن

بىلمەيمەن لېكىن ، نە ئۈچۈن —
ئوتلاقلارنىڭ سالقىن ، جىمجىتلىقىنى ،
شامالدا يەلپۈنگەن چەكسىز ئورماننى ،
ئۆپقۆنلۇق دەريانىڭ جۇشقۇنلۇقىنى ؛
ھارۋىدا ئولتۇرۇپ قىلغۇم بار سەيلە
خىلۋەت سەھرادىكى چىغىر يوللارنى ،
تەمكىن نەزەر بىلەن قىلسام تاماشا ،
خىيابان تۈندىكى چەكسىز سامانى .
كېچىدە قونالغۇ غېمىنى قىلىپ
كۆزلەپ ماڭسام دەيمەن
غېرىب ئاۋۇلدا
چىراغلاردىن تىترەپ چىققان زىيانى .
تارتىدۇ مەيلىمنى تۈتۈنلۈك گۈلخان ،
يايلاقتا تۈنىگەن ئۇلاقلىق كارۋان ،
زەپىران دالىدا كىچىك دۆمبەلدە ،
ئىككى تۈپ ئاق قېيىن
جىلمىيىپ تۇرغان .

باشقىلار چۈشەنمەس خۇشاللىق ئىچرە
باقىمەن چەشلەنگەن خامان چېھرىگە ،
گۈلدار روجەكلەرگە سالىمەن نەزەر ،
پاخالدا چۈمكەلگەن دېھقان ئۆيىگە .

شەبنەم يالتىرىغان بايرام ئاخشىمى
مەست بولغان دېھقانىنىڭ كۆلكىلىرىدە
ئىسقىرىتقا تەڭكەش ئۇسسۇل زەۋقىدە
مەن كىرىپ كېتىمەن تۈنىنىڭ ئىچىگە .

## نېگىرلارنىڭ نەزەرىدىكى دەريا

### هيۇس[1]

چۈشىنىمەن دەريالارنى :
چۈشىنىمەن دۇنيادەك قەدىمىي دەريالارنى
ئىنسانلارنىڭ تومۇرىدىكى قاندىنمۇ قەدىم .

روھىم دەريا كەبى چوڭقۇرلاپ كەتتى .

سەھەر شەپىقىدە ئېفرات[2] دەرياسىدا يۇيۇنىمەن .
كونگو دەريا[3] ساھىلىغا سالدىم مەن كەپە
سۇنىڭ ئەللەيلىشىدە ئۇيقۇدايمەن .
باقىمەن ئېگىزدە نىل دەرياسىغا[4]
بويىغا ئەلئىھرامنى قىلدىم مەن بىنا .

---

① لەڭستون هيۇس (1902—1967) — ئامېرىكىلىق شائىر ، نېگىرلار ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىنىشى ھەرىكىتىنىڭ داھىيسى . بۇ شېئىرنى ئابدۇقادىر جالالىدىن خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلدى .
② ئېفرات دەرياسى — غەربىي جەنۇبى ئاسىيادىكى ئەڭ ئۇزۇن دەريا ، ئۇ تۈركىيىدىن باشلىنىپ ، تۈركىيە ، سۈرىيە ، ئىراق قاتارلىق دۆلەتلەرنى كېسىپ ئۆتىدۇ ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2750 كىلومېتىر . قەدىمىي مەدەنىيەت ساھىللىرىنىڭ بىرى .
③ كونگو دەرياسى — ئافرىقىدىكى ئىككىنچى ئۇزۇن دەريا ، زامبىيە ، زايىر ، ئوتتۇرا ئافرىقا ، كونگو ، كامېرون ، ئانگولا قاتارلىق دۆلەتلەرنى كېسىپ ئۆتىدۇ ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 4640 كىلومېتىر .
④ نىل دەرياسى — دۇنيادىكى ئەڭ ئۇزۇن دەريا . ئافرىقىنىڭ شەرقىي شىمالىدا بولۇپ ، تانزانىيە ، رۋاندا ، بۇرۇندى ، ئۇگاندا ، گېنىيە ، زايىر ، سۇدان ، مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەرنى كېسىپ ئۆتىدۇ . ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 6670 كىلومېتىر . نىل ۋادىسى پارلاق مەدەنىيەتنىڭ بۆشۈكى .

لىنكولن[1] بارغىنىدا يېڭى ئورلېيان[2] غا
ئاڭلىدىم مىسسىسىپى[3] ناخشىسىنى
دوغ كۆكسىدە كۆردۇم مەن ئۇنىڭ
كەچكى شەپەقىنىڭ يالتىرىشىنى .

چۈشىنىمەن دەريالارنى :
قەدىمىي ، قاپقارا دەريالارنى .

روھىم دەريا كەبى چوڭقۇرلاپ كەتتى .

## مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . «ۋەتەن» دېگەن شېئىردا شائىر ئۆز ۋەتىنىگە بولغان ئىشقىنى ئىپادىلەشتە رۇسىيە تۇپرىقىنىڭ كېچىسىنى ۋە كېچىدىكى ئادەملەر ھەرىكىتىنى تەسۋىرلىگەن . بۇنداق يېزىشنىڭ قانداق ئارتۇقچىلىقى بار ؟ قاراشلىرىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىڭ .

2 . «نېگىرلارنىڭ نەزەرىدىكى دەريا» نى ئوقۇپ ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ :

1 ) شائىر «دەريا» ھەققىدە توختىلىش ئارقىلىق قانداق ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلىگەن ؟ شېئىردا «دەريا» دېگەن سۆز قانداق مەنىلەردە قوللىنىلغان ؟

2 ) «روھىم دەريا كەبى چوڭقۇرلاپ كەتتى» دېگەن مىسرانى

---

① لىنكولن (1809—1865) — 1861—1865 - يىللاردا ۋەزىپە ئۆتىگەن ئامېرىكا پرېزىدېنتى .
② يېڭى ئورلېيان — ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇھىم سودا پورتى ، مىسسىسىپى دەرياسى بويىدا . بۇ شەھەر 1718 - يىلى ئەھيا قىلىنغان بولۇپ ، مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرى نىسبەتەن گوللەنگەن ، بۇ يەردە فرانسىيە مەدەنىيەت ئەنئەنىسى قويۇق .
③ مىسسىسىپى دەرياسى — ئامېرىكىدا ، دۇنيادىكى چوڭ دەريالارنىڭ بىرى . ئۇزۇنلۇقى 3779 كىلومېتىر ، مىسسۇرى دەرياسىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا 6415 كىلومېتىر كېلىدۇ .

قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ بۇ مىسرانى تەكرارلاش ئارقىلىق قانداق ئۈنۈم ھاسىل قىلغان؟

3 . ۋەتەننى سۆيۈش، يۇرتىنى سېغىنىش تېمىسىدىكى شېئىرلار-نى توپلاپ، «ۋەتەن مېنىڭ قەلبىمدە» دېگەن تېمىدا بىر قېتىملىق دېكلاماتسىيە يىغىنى ئۆتكۈزۈڭلار.

# 4 . ۋەتەن

ئابدۇقادىر جالالىدىن①

ۋەتەنگە ئىخلاستا باقساڭ ئېگىشىپ ،
قوۋمىڭنىڭ يىلتىزى ياتار چىرمىشىپ
چاقنايدۇ مازاردا ئارزۇ يالقۇنى
كۆكتىكى يۇلتۇزلار بىلەن سىردىشىپ .
بۇ يەردە بۇغرا ھەم ئوغۇز ياتىدۇ ،
قوقاسقا ئايلانغان يۇلتۇز ياتىدۇ .

سەپ تۈزۈپ ھەررەڭدە پەسىللەر ئۆتتى
«ۋەتەن» دەپ باھادىر نەسىللەر ئۆتتى .
ئەۋلادقا پەقەتلا ۋەتەن قالىدۇ
باشلاردىن نى ئەقىل
نەقىللەر ئۆتتى .
ۋەتەن چۆچەك ئەمەس ، سەجدىگاھىڭدۇر ،
ۋەيا ئەرمەك ئەمەس ، باشپاناھىڭدۇر .

1999 - يىل ، ئۈرۈمچى

---

① ئابدۇقادىر جالالىدىن 1963 - يىلى قەشقەرنىڭ بەشكېرەم يېزىسىدا تۇغۇلغان . شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى . شائىر ۋە ئەدەبىي تەرجىمان . ئۇنىڭ «ئابدۇقادىر جالالىدىن ماقالىلىرى» ، «ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا» ناملىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان . بۇ تېكىست ئۇنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «كۆيگەن دېڭىز» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى .

## مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . ۋەتەن چۆچەك ئەمەس ، سەجدىگاھىڭدۇر ،
ۋەيا ئەرمەك ئەمەس ، باشپاناھىڭدۇر .

دېگەن مىسرالاردىكى «چۆچەك» ، «سەجدىگاھ» ، «ئەرمەك» ، «باشپاناھ» دېگەن سۆزلەرنىڭ لۇغەت مەنىسىنى ئىزدەپ تېپىپ ، بۇ مىسرالاردا ئەكس ئەتكەن ئىدىيەۋى چوڭقۇرلۇق ئۈستىدىكى قاراشلىرىڭىزنى سۆزلەپ بېقىڭ .

2 . ۋەتەن ئالدىدا ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىشتىن باش تارتماسلىق ئەقەللى ئادىمىي ئەخلاق . لېكىن ، بەزىلەر ۋەتەن ئالدىدىكى بۇرچىنى ئادا قىلىشتىن قاچىدۇ ، ھەتتا «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك» دېگەن داستاندىكى نائەھلى يىگىتكە ئوخشاش ۋەتەنگە يۈز كېلەلمەيدىغان قىلمىشلارنى سادىر قىلىدۇ . سىز ئوقۇغان كىتاب ، كۆرگەن كىنو – تېلېۋىزىيە فىلىملىرىڭىزگە ياكى ئاڭلىغان ، ئۇچراتقان ۋەقە – ھادىسىلەرگە ئاساسلىنىپ بۇ ھەقتىكى تەسىراتىڭىزنى مىسال بىلەن سۆزلەپ بېقىڭ .

# ئۇنىۋېرسال ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش

## نۇتۇق : ئايىغىمدا تۇپراق

«بېشىمدا ئاسمان، ئايىغىمدا تۇپراق .» كىممۇ ئانا يەر-دىن، كىممۇ ئايىغىدىكى تۇپراقتىن ئايرىلالىسۇن ؟ كىشىلەرنى ئانا تۇپراقتىن ئايرىلدى دېگەندىمۇ ئۇنىڭ سەۋەبى تۇپتىن ئوخ-شاشمايدۇ . لېكىن ، يۇرت سېغىنچى ئورتاق بولىدۇ. ئادەمنىڭ تۇپراقتىن يارالغانلىقى ھەققىدىكى ئەپسانىدىمۇ تۇپراققا بولغان ئىخلاس ئەكس ئېتىدۇ . نۇرغۇن ھۆكۈمرانلارنىڭ زېمىننى كېڭەيتىشىمۇ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى مەق-سەت قىلىدۇ . زېمىننى قوغداش ھەققىدىكى ھېكايىلەرنىڭمۇ ھەددى ـ ھېسابى يوق . ئەمدىلىكتە ، تۇپراق ئۇقۇمىغا «مۇھىت ئاسراش» دېگەن گەپمۇ كىردى . تۇپراق ئىنسانلارنى باقىدۇ . نۇرغۇن پارلاقلىقنى يارىتىدۇ .

بىر ئوچۇم تۇپراقنى ئېلىپ ئەستايىدىل قاراپ باقايلى .

**1 . تۇپرىقىمىزغا قاراپ باقايلى**

تۇپراق ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت سەھنىسى ، شۇنداقلا ئىنسانلار تىرىكچىلىكىنىڭ ئۇلى . تۇپراق خاتىرجەملىك ۋە بەختكە بېرىپ تاقى-لىدۇ . شۇڭا ، تارىخنىڭ ھەربىر دەۋرى تۇپراق باشقۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن . ھازىر دۇنيا مىقياسىدا مۇنداق مەسىلىلەر ئور-تاق : مۇنبەت تۇپراقلار كېمىيىپ كەتتى ، قۇملاشتى . تېرىلغۇ يەر

كۆلىمى ئازايدى. ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى ياڭرىدى: تۇپراق خەۋپكە دۇچ كەلمەكتە!

ئۆزىمىزنىڭ قىزىقىشىغا ئاساسەن، تۆۋەندىكى پائالىيەت تۈرلىرىدىن بىرىنى تاللاپ ئېلىپ بېرىڭ:

1) ۋەتىنىمىزدە قەدىمدىن ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان يەرگە ئالاقىدار تەسىرى چوڭراق ئىسلاھاتلارنى چۈشىنىۋېلىڭ (مەسىلەن، يەر ئىسلاھاتى، يەرنى ھۆددىگە بېرىش دېگەنلەردەك.)

2) ماتېرىياللاردىن ئىزدەپ، دۆلىتىمىزنىڭ ھەم ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھازىرقى زېمىن بايلىقى ئەھۋالى ۋە تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ يىللىق ئازىيىشى ھەققىدىكى سانلىق مەلۇماتلارنى چۈشىنىۋېلىڭ.

3) يەرلىك يەر باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنى زىيارەت قىلىپ، يۇرتىمىزنىڭ يەر ئىشلىتىش ئەھۋالىنى ئىگىلەڭ، يەرنىڭ ئىگىلىۋېلىنىش، ئىسراپ بولۇش ئەھۋالىنى بىلىۋېلىڭ، تۇپراقنىڭ قۇملىشىش، ئۇنۇمسىزلىنىش، ئېقىپ كېتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن مۇناسىپ تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇڭ.

## 2. تۇپراق ھەققىدە ھېكايە

جۇڭگونىڭ مەشھۇر تارىخچىسى بەن گۇ (مىلادىدىن كېيىنكى 32 — 92 - يىللىرى ياشىغان) يازغان «خەننامە» ناملىق كىتابتا ھونلارنىڭ تەڭرىقۇتى باتۇرنىڭ يەر - زېمىنغا تۇتقان مۇئامىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بىر ھېكايە بار:

باتۇر تەڭرىقۇت تەختكە چىققان چاغلاردا تۇڭگۇسلار كۈچلۈك ئەل ئىدى. ئۇلار باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئۆز ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققانلىقىنى ئاڭلاپ، تۇمەننىڭ تۇلپارىنى سوراپ ئەلچى ئەۋەتتى. باتۇر بۇ ھەقتە ۋەزىر-

لىرىدىن مەسلىھەت سورىۋىدى، ۋەزىرلەر : «بۇ تۇلپار ھونلار-
نىڭ تەۋەررۇك ئىتى، بەرمەسلىك كېرەك» دېيىشتى. باتۇر
«قوشنا ئەلدىن بىر ئاتنى ئايايمىزمۇ؟» دېدى ۋە ئاتنى بېرىۋەت-
تى. تۇڭگۇسلار باتۇر تەگرىقۇتنى قورقۇنچاق كۆرۈپ، يەنە
تەگرىقۇتنىڭ بىر ئالچىسىنى سوراپ ئەلچى ئەۋەتتى. باتۇر
تەگرىقۇت يەنە ۋەزىرلەردىن مەسلىھەت سورىۋىدى، غەزەپلەن-
گەن ۋەزىرلەر : «تۇڭگۇسلار يولسىزلىق قىلىپ ئالچىنى سو-
راپتۇ، ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرەيلى» دېيىشتى. باتۇر : «قوشنا
ئەلدىن بىر ئايالنى ئايايمىزمۇ؟» دېدى - دە، ئۆزىنىڭ ئامراق
ئالچىسىنى تۇڭگۇسلارغا ئەۋەتىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن تېخى-
مۇ كۆرەڭلەپ كەتكەن تۇڭگۇسلار خانى غەربكە تاجاۋۇز قىل-
دى. تۇڭگۇسلار بىلەن ھونلارنىڭ ئارىلىقىدا 1000 چاقىرىم-
دىن ئوشۇق كېلىدىغان، ئىنس - جىن يوق بىر چۆل بولۇپ،
بۇ جايدا چېگرا قاراۋۇللىرى تۇرىدىغان ئىككى تەرەپنىڭ گەمە
ئۆيلىرى بار ئىدى. تۇڭگۇسلار باتۇرغا ئەلچى ئەۋەتىپ : «سى-
لەر ھونلار بىزنىڭ چېگرىمىزنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئىنس -
جىنسىز رايونغا ئاياغ باسقۇچى بولماڭلار. ئۇ يەرنى بىز ئىگى-
لىمەكچىمىز» دېدى. باتۇر بۇ مەسىلىنى يەنە ۋەزىرلىرىنىڭ
مۇزاكىرىسىگە قويدى. بەزىلىرى : «ئۇ تاشلاندۇق يەر، بېرى-
ۋەتسەكمۇ بولىدۇ» دېيىشتى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ
بولغان باتۇر : «يەر - زېمىن دۆلەتنىڭ ئۇلى، نېمىدەپ بېرىۋەت-
كۇدەكمىز!» دېدى - دە، بېرىۋېتىش كېرەك دېگەنلەرنىڭ
ھەممىسىنى ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن باتۇر يۇرۇشكە ئاتلاندى
ۋە : «ئەل ئىچىدە بۇ يۇرۇشكە چىقمىغانلارنىڭ كاللىسى ئې-
لىنسۇن!» دەپ يارلىق چۈشۈردى ھەمدە شەرققە يۇرۇش قى-
لىپ تۇڭگۇسلارغا ھۇجۇم قىلدى. تۇڭگۇسلار دەسلەپتە با-
تۇرنى سەل چاغلاپ تەييارلىق كۆرمىگەنىدى. باتۇر قوشۇن

كۆلىمى ئازايدى . ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى ياڭرىدى : تۇپراق خەۋپكە دۇچ كەلمەكتە !

ئۆزىڭىزنىڭ قىزىقىشىغا ئاساسەن ، تۆۋەندىكى پائالىيەت تۈرلى-رىدىن بىرنى تاللاپ ئېلىپ بېرىڭ :

1 ) ۋەتىنىمىزدە قەدىمدىن ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان يەرگە ئالاقىدار تەسىرى چوڭراق ئىسلاھاتلارنى چۈشىنىۋېلىڭ (مەسىلەن ، يەر ئىسلاھاتى ، يەرنى ھۆددىگە بېرىش دېگەنلەردەك . )

2 ) ماتېرىياللاردىن ئىزدەپ ، دۆلىتىمىزنىڭ ھەم ئاپتونوم رايو-نىمىزنىڭ ھازىرقى زېمىن بايلىقى ئەھۋالى ۋە تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ يىللىق ئازىيىشى ھەققىدىكى سانلىق مەلۇماتلارنى چۈشىنىۋېلىڭ .

3 ) يەرلىك يەر باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنى زىيارەت قىلىپ ، يۇر-تىڭىزنىڭ يەر ئىشلىتىش ئەھۋالىنى ئىگىلەڭ ، يەرنىڭ ئىگىلىۋېلى-نىش ، ئىسراپ بولۇش ئەھۋالىنى بىلىۋېلىڭ ، تۇپراقنىڭ قۇملى-شىش ، ئۇنۇمسىزلىنىش ، ئېقىپ كېتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن مۇناسىپ تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇڭ .

## 2 . تۇپراق ھەققىدە ھېكايە

جۇڭگونىڭ مەشھۇر تارىخچىسى بەن گۇ (مىلادىيدىن كېيىنكى 32 — 92 - يىللىرى ياشىغان ) يازغان «خەننامە» ناملىق كىتابتا ھونلارنىڭ تەڭرىقۇتى باتۇرنىڭ يەر - زېمىنغا تۇتقان مۇئامىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بىر ھېكايە بار :

باتۇر تەڭرىقۇت تەختكە چىققان چاغلاردا تۇڭگۇسلار كۈچلۈك ئەل ئىدى . ئۇلار باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئۆز ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققانلىقىنى ئاڭلاپ ، تۇمەن-نىڭ تۇلپارىنى سوراپ ئەلچى ئەۋەتتى . باتۇر بۇ ھەقتە ۋەزىر-

لىرىدىن مەسلىھەت سورىۋىدى ، ۋەزىرلەر : «بۇ تۇلپار ھونلار-
نىڭ تەۋەررۇك ئېتى ، بەرمەسلىك كېرەك» دېيىشتى . باتۇر
«قوشنا ئەلدىن بىر ئاتنى ئايىمىزمۇ ؟» دېدى ۋە ئاتنى بېرىۋەت-
تى . تۇڭگۇسلار باتۇر تەڭرىقۇتنى قورقۇنچاق كۆرۈپ ، يەنە
تەڭرىقۇتنىڭ بىر ئالچىسىنى سوراپ ئەلچى ئەۋەتتى . باتۇر
تەڭرىقۇت يەنە ۋەزىرلەردىن مەسلىھەت سورىۋىدى ، غەزەپلەن-
گەن ۋەزىرلەر : «تۇڭگۇسلار يولسىزلىق قىلىپ ئالچىنى سو-
راپتۇ ، ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرەيلى» دېيىشتى . باتۇر : «قوشنا
ئەلدىن بىر ئايالنى ئايىمىزمۇ ؟» دېدى - دە ، ئۆزىنىڭ ئامراق
ئالچىسىنى تۇڭگۇسلارغا ئەۋەتىپ بەردى . بۇنىڭ بىلەن تېخى-
مۇ كۆرەڭلەپ كەتكەن تۇڭگۇسلار خانى غەربكە تاجاۋۇز قىل-
دى . تۇڭگۇسلار بىلەن ھونلارنىڭ ئارىلىقىدا 1000 چاقىرىم-
دىن ئوشۇق كېلىدىغان ، ئىنىس - جىن يوق بىر چۆل بولۇپ ،
بۇ جايدا چېگرا قاراۋۇللىرى تۇرىدىغان ئىككى تەرەپنىڭ گەمە
ئۆيلىرى بار ئىدى . تۇڭگۇسلار باتۇرغا ئەلچى ئەۋەتىپ : «سى-
لەر ھونلار بىزنىڭ چېگرىمىزنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئىنىس -
جىنسىز رايونغا ئاياغ باسقۇچى بولماڭلار . ئۇ يەرنى بىز ئىگى-
لىمەكچىمىز» دېدى . باتۇر بۇ مەسىلىنى يەنە ۋەزىرلىرىنىڭ
مۇزاكىرىسىگە قويدى . بەزىلىرى : «ئۇ تاشلاندۇق يەر ، بېرى-
ۋەتسەكمۇ بولىدۇ» دېيىشتى . بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ
بولغان باتۇر : «يەر - زېمىن دۆلەتنىڭ ئۇلى ، نېمىدەپ بېرىۋەت-
كۈدەكمىز !» دېدى - دە ، بېرىۋېتىش كېرەك دېگەنلەرنىڭ
ھەممىسىنى ئۆلتۈردى . شۇنىڭ بىلەن باتۇر يۈرۈشكە ئاتلاندى
ۋە : «ئەل ئىچىدە بۇ يۈرۈشكە چىقمىغانلارنىڭ كاللىسى ئې-
لىنسۇن !» دەپ يارلىق چۈشۈردى ھەمدە شەرققە يۈرۈش قى-
لىپ تۇڭگۇسلارغا ھۇجۇم قىلدى . تۇڭگۇسلار دەسلەپتە با-
تۇرنى سەل چاغلاپ تەييارلىق كۆرمىگەنىدى . باتۇر قوشۇن

بىلەن كېلىپ تۇڭگۇسلارنىڭ خاننى ئۆلتۈردى ۋە ئادەملىرىنى ئەسىر ، ماللىرىنى ئولجا ئېلىپ قايتتى .

ئانا زېمىنغا ، بىزنى كۆتۈرۈپ تۇرغان تۇپراققا ئالاقىدار ھېكايىلەر ناھايىتى كۆپ . سىلەر كىتاب ۋە ماتېرىياللاردىن ئاشۇنداق ھېكايىلەرنى تېپىپ ، ساۋاقداشلار ئارا ئالماشتۇرۇڭلار .
بۇنى تۆۋەندىكى ئىككى خىل پائالىيەت شەكلىدىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بارساڭلار بولىدۇ :
1 ) تۇپراققا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ھېكايىلەرنى ، رىۋايەتلەرنى ، يەرلىك ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى توپلاڭ .
2 ) «ئادەم تۇپراققا بىقىپ بولىدۇ» دېگەن گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەمسىز ؟ «تۇتىيا» قانداق گەپ ؟ تۇپراققا مۇناسىۋەتلىك ماقال ـ تەمسىللەر ، ئىدىئوملارنى توپلاپ ، ئۇلارنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈڭ .

3 . تۇپراقنىڭ مەنىسى

1 ) بەزى جاينىڭ ئادەملىرى كىندىك قېنى تۆكۈلگەن تۇپراققا ھېرىسمەن كېلىدۇ . ئۇلار كەمبەغەل بولۇشقا رازى بولسىمۇ ، يۇرتىدىن ئايرىلىشقا كۆڭلى ئۇنىمايدۇ . سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز ؟
2 ) ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ قارىشىدا ، تۇپراق كۈچلۈك سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە ئىپادىلەش ئوبيېكتى ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتى ھەمىشە تۇپراققا ئالاھىدە مەنە بېغىشلايدۇ . سىز زېمىننى تېما قىلغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى توپلاڭ (شېئىر ، مۇزىكا ، ئۇسسۇل ، فوتو سۈرەت ، رەسىم ۋەھاكازالار ) . قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە تۇپراق قانداق مول مەزمۇنلارغا ئىگە بولغان ؟ بۇ ھەقتە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىڭلار .
يۇقىرىقى پائالىيەتلەر ئاساسىدا ، تۇپراقنى تېما قىلىپ شېئىرىي تەسەۋۋۇرۇڭلارنى قانات يايدۇرۇپ ، بىرەر پارچە لىرىك نەسر ياكى شېئىر يېزىڭلار .

# نەسرلەر

ھاياتلىق — تەبىئەتنىڭ مۆجىزىسى. ھايات-
لىقنى تەسۋىرلەش، ھاياتلىقنى كۈيلەش —
ئەدەبىياتنىڭ مەڭگۈلۈك باش تېمىسى. بۇ بۆلەك-
تىكى تېكىستلەرنىڭ ھەممىسى ھاياتلىقنى ئاسا-
سىي تېما قىلغان نەسرلەر بولۇپ، ئۇلارغا ئاپ-
تورلارنىڭ ھاياتقا بولغان ئۆزلىرىگە خاس تەس-
راتى ۋە چوڭقۇر مۇلاھىزىلىرى سىڭدۈرۈلگەن.
بۇ نەسرلەرنى ئوقۇغاندا، نەزەر دائىرىنى كېڭەي-
تىپ، ئېستېتىك قىزىقىش ھەم تىل - يېزىق
جەھەتتىكى تەسىرلىنىش ۋە چۈشىنىش ئىقتىدا-
رىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. نەسردىن ھۇزۇرلى-
نىش ئۈچۈن، ئۇنى تەكرار ھالدا ئۈنلۈك ئو-
قۇپ، ئۇنىڭدىكى ھېسسىيات ۋە مەزمۇندىن لەز-
زەتلىنىش؛ بەزى گۈزەل سەھىپىلەر ۋە ئابزاس-
لارنى پىششىق ئوقۇپ يادلىۋېلىش لازىم.



# 5 . ناخشىلار (تاللانما)

## جىبران خىلىل جىبران[1]

*شائىرنىڭ قەلبى تولىمۇ سەزگۈر ھەم ھايا-*
*جانلىق . شۇڭا ، دولقۇن بىلەن يامغۇر ئۇنىڭ قە-*
*لىمى ئارقىلىق تولىمۇ جانلىق ، ئۆزگىچە ، ھايا-*
*تى كۈچكە باي ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى جىمى*
*مەۋجۇدات بىلەن تەقدىرداش ، ھەمنەپەس قىلىپ*
*تەسۋىرلەنگەن . ئۇلار سىزگە گۈزەل تۇيغۇلارنى*
*ئاتا قىلىپلا قالماي ، يەنە ئەقىل نۇرلىرىنىمۇ تا-*
*رىتىپ ، سىزنى چوڭقۇر ئويغا سالالايدۇ .*

## دولقۇن ناخشىسى

مەن ۋە ساھىل ئاشىق - مەشۇقمىز . سۆيگۈ بىزنى يېقىنلاشتۇردۇ ، ھاۋا يىراقلاشتۇرىدۇ . مەن كۆپكۆك دېڭىزدىكى تاڭ شەپىقىگە ئەگىشىپ كۈمۈش رەڭ بۇژغۇنلىرىم بىلەن زەر رەڭ قۇملاردىن ھاسىل بولغان ساھىل بىلەن بىر گەۋدە بولۇش ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلدىمەن . سوغۇق ئۇنچىلىرىم بىلەن ئۇنىڭ كۆيۈپ كاۋاپ بولۇۋاتقان يۈرىكىنى ئاز - تولا بولسىمۇ سوۋۇتىمەن .

---

① جىبران خىلىل جىبران (1883—1931) — لىۋانلىق شائىر ، رەسسام . خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئەرەب . «ياش ۋە كۈلكە» ، «دانىشمەن» ، «قۇم ۋە بۇژغۇن» داملىق نەسرىي شېئىرلار توپلاملىرى بار . «ناخشىلار» بەش پارچە نەسرىي شېئىردىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، دەرسلىككە ئىككى پارچىسى تاللاپ كىرگۈزۈلدى .

تاڭ سەھەردە ئاشقىمنىڭ قوْلىقىغا پىچىرلاپ قەسەم قىلسام، ئوْ مېنى باغرىغا چىڭ بېسىپ قوْچاقلايدوْ. كەچقوْروْن ئوْنىڭغا ئىشقىي كوْيلىرىمنى ئوقوْيمەن، ئوْ مېنى قېنىپ - قېنىپ سوٚيىدوْ.

مەن تەرساۋە بەكموْ ئالدىراڭغوْ. مېنىڭ ئاشقىم بولسا قەيسەر ۋە سەۋرا - تاقەتلىك.

دېڭىز تاشقىنلىسا مەن ئاشقىمنى قوْچاقلايمەن، پەسەيسە ئوٚزوْمـ

نى ئوْنىڭ ئايىغىغا تاشلايمەن.



گوْزەل ئادەمزات بىلىقلار دېڭىز تېگىدىن چىقىپ، قىيا تاشلار ئوْستىدە يوْلتوْزلارنى تاماشا قىلىپ ئولتوْروْشقاندا، مەن ئوْلارنىڭ ئوٚپچوٚرىسىدە تالاي قېتىم ئوْسسوْل ئوينىغانمەن. ئاشىقلار گوْزەل بەرنالارغا ئوٚزلىرىنىڭ ئوْلارغا موْھەببەت ئوتىدا قانچىلىك ئازابلىنىدـ

ۋاتقانلىقىنى ئىزھار قىلىشقانلىرىدا، مەنموْ ئوْلارغا قوشوْلوْپ تالاي قېتىم ئوْلوْغ - كىچىك تىنىغان، موْھەببىتىنى ئىزھارلىشىغا ياردەمـ

لەشكەن. يەنە تالاي قېتىم قىيا تاشلارغا ھەمدەم بولدوْم، لېكىن ئوْلار گەپ - سوٚز قىلمىدى. ئوْلارغا قاراپ قاقاقلاپ كوْلسەم، ئوْلار چىشىنىڭ ئېقىنىموْ كوٚرسىتىپ قويمىدى. مەن دېڭىزدىن نوْرغوْن ئادەملەرنى قىرغاققا ئېلىپ چىقىپ، ئوٚلوْمدىن قوْتقوْزوْپ قويدوْم.

دېڭىز تەكتىدىن نۇرغۇن ئۇنچە ـ مەرۋايىتلارنى سۈزۈپ ، گۈزەللەرگە ھەدىيە قىلدىم .

ھاياتلىقنى شېرىن ئۇيقۇ ئۆز باغرىغا ئالغان جىمجىت كېچىلەردە مەن يەنىلا ئويغاق . بەزىدە ناخشا ئېيتسام ، بەزىدە ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدىم . ئۇھ ! ئۇيقۇسىزلىق مېنى ھالىمدىن كەتكۈزدى . بىراق ، مەن ئاشىقمەن . مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى سەگەك بولۇشتۇر .

مانا بۇ — مېنىڭ ھاياتىم . مانا بۇ — مېنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىش-پائالىيىتىم .

## يامغۇر ناخشىسى

مەن — ئاللاتائالا يالتىراق كۈمۈش يىپقا ئۆتكۈزۈپ ئەرشئەلادىن يەرگە تاشلىغان ئۇنچە ـ مەرۋايىت . مېنى تەبىئەت دۇنياسى تۇتۇۋېلىپ ئۆزىگە بېزەك قىلىدۇ .

مەن — كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئۇنچە ـ مەرۋايىت . مەن ئافرو-دىت[1] نىڭ تاجىسىدىن تۆكۈلگەنمەن . مېنى تاڭ قىزى ئوغرىلىۋېلىپ ياپيېشىل دالىغا تاقاپ قويىدۇ .

مەن يىغلىسام تاغ ـ دەريالار كۈلىدۇ ، مەن يەرگە چۈشسەم گۈللەر ياشىرىپ باش كۆتۈرىدۇ ، بەللىرىنى تولغاپ، نازلىنىپ كۈلىدۇ. بۇلۇت ۋە دالا ئاشىق ـ مەشۇق . مەن ئۇلارنىڭ ئايرىلىقىدىكى سۆيگۈ ئەلچىسى . مەن كۆكتىن چۈشۈپ ئۇلارنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇ-رىمەن ، ئازابلىق كۆڭۈللىرىنى غەم ـ قايغۇدىن خالاس قىلىمەن .

گۈلدۈرماما گويا شەمشەر بولۇپ ماڭا يول ئېچىپ بېرىدۇ . كۆكتىكى ھەسەن ـ ھۈسەن مېنىڭ سەپىرىمنىڭ تاماملانغانلىقىنى

---

① ئافرودىت — يۇنان ئەپسانىلىرىدە سۆزلىنىدىغان مۇھەببەت ۋە گۈزەللىك ئىلاھى . جانلىقلارنىڭ كۆپىيىشىنى ئىدارە قىلىدۇ .

جاكارلايدۇ. پاني ئالەمدىكى هايات مانا مۇشۇنداق: كىشىنى مەھلىيا قىلغۇچى ماددىي ئېھتىياجدىن تۆرىلىپ، چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان ئەزرائىلنىڭ قولىدا هالاك بولىدۇ.

مەن كۆلدىن كۆتۈرۈلۈپ، ئېفىر① قاناتلىرىغا تايىنىپ پەرۋاز قىلىمەن. چىرايلىق باغلارنى كۆرگىنىمدە، پەسكە شۇڭغۇپ چۈشىمەن-دە، گۈللەرنىڭ لەۋلىرىگە سۆيىمەن. يېشىل شاخ، يوپۇرماقلارنى قۇچاقلايمەن، دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلارنى تېخىمۇ ئۇز ياساندۇرىمەن.

تىمتاس چاغلاردا نازۇك بارماقلىرىمدا دېرىزە ئەينەكلىرىنى ئاستا چېكىمەن. بۇ چېكىشلىرىم يېقىملىق كۈيگە ئايلىنىپ، سەگەك يۈرەكلەرنى هاياجانغا سالىدۇ.

مەن دېڭىزنىڭ خورسىنىشى، ئاسماننىڭ كۆز يېشى، ئېتىز - دالىلارنىڭ تەبەسسۇمى. بۇ هال مۇھەببەت بىلەن تولىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ: مۇھەببەت — هېس - تۇيغۇ دېڭىزىنىڭ خورسىنىشى، ئوي - پىكىر ئاسمىنىنىڭ كۆز يېشى، قەلب دالاسىنىڭ تەبەسسۇمىدۇر.

## مۇھاكىمە ۋە مەشق

1. تېكىستنى رىتىمغا سېلىپ، هېسسىياتلىق ئوقۇپ چىقىڭ. ئاندىن بۇ ئىككى پارچە نەسرىي شېئىردا ئاپتورنىڭ قانداق هېسسىياتنى ئىپادىلەنگەنلىكىنى مۇھاكىمە قىلىڭ.

2. بۇ ئىككى پارچە نەسرىي شېئىر I شەخس تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، ئاپتور مول تەسەۋۋۇر، بەدىئىي تەسۋىرلەر ئارقىلىق، «دولقۇن» بىلەن «يامغۇر» نىڭ هاياتىنى يورۇتۇپ بېرىپ، كىشىلىك

① قەدىمكى گرېتسىيە پەيلاسوپلىرى ئويلاپ تاپقان بىر خىل ماددا بولۇپ، نۇرنىڭ تارقىلىشىغا ئىمسال قىلىنىدۇ.

ھايات ھەققىدىكى ئوي - پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. سىز بۇ خىل ئۇسلۇبقا تەقلىد قىلىپ، بىر پارچە نەسرىي شېئىر يېزىپ بېقىڭ.

3. نەسرىي شېئىر شېئىرنىڭ ئالاھىدە بىر تۈرى بولۇپ، ئۇ شېئىر بىلەن نەسر ئارىلىقىدا تۇرىدىغان، ھەر ئىككى خىل ژانىرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدىغان ھەم نەسرلىك خۇسۇسىيەتكە، ھەم شېئىرىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەدەبىي شەكىل. بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ شېئىر ژانىرىغا تەۋە. بۇ بۆلەك «نەسرلەر» بۆلىكى بولسىمۇ، ئەمما «ناخشىلار» نەسرىي شېئىر بۆلىكىگە كىرگۈزۈلگەن. سىز نەسرىي شېئىر، شېئىر ۋە نەسر ھەققىدە ئىزدىنىپ بۇ ئۈچى ھەققىدىكى چۈشەنچىڭىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇۋېلىڭ.

4. تېكىستتىن ھايات قانۇنىيىتى ھەققىدىكى مۇرەككەپ جۈملىدىن ئۈچنى تېپىپ، ئۇلارنىڭ تۈسىنى ئايرىڭ.

# 6 . تەبەسسۇم[1]

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

تەبەسسۇم ، ئۇ ، تاۋار ئەمەس ، ئالدى ـ ساتتى قىلىدىغان ياكى پۇل ئورنىدا بانكىغا قويۇپ ساقلايدىغان .

تەبەسسۇم ، ئۇ ، مۇغەمبەر كۈلكە ياكى خۇشامەت ھىجىيىشى ئەمەس ، ناپاك نىيەتنى بىزەپ جۇلالاندۇرىدىغان ياكى ئالىي ماركىلىق تاماكىدەك يانچۇقتا سېلىپ يۈرۈيدىغان .

تەبەسسۇم — ئىنسان قەلبىنىڭ سىرتلاشقان نادىر گۈل ـ چېچەكى ، ئىنسانىي ھېسسىياتنىڭ خۇشبۇي ئىپار ـ ئەنبىرى . تۇغۇت ئازابىدا پەرياد چەككەن ئانا دۇنياغا كۆز ئاچقان بوۋاقنىڭ تۇنجى يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا تەبەسسۇم قىلىدۇ ، مەيلى ئۆز ياكى ئۆزگىلەر پەرزەنتىنىڭ تۇنجى قېتىم تايتاڭلاپ ماڭغىنىنى كۆرگەن كىشى تەبەسسۇم قىلىدۇ . ئۇ پاك ھېسداشلىق روھىنىڭ ئىقتىدارى ، تەلپۈنۈشى ۋە جۇلاسى سۈپىتىدە ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ بىباھا ئەڭگۈشتىرى بولۇپ مەيدانغا كېلىدۇ .

تەبەسسۇم — ھۆرمەت ۋە ئىپتىخار يالدامىسى تەرزىدە كىشىلىك مۇناسىۋەتتە چاقنايدىغان مەرۋايىت . بىز مېھمانلىرىمىزنى تەبەسسۇم بىلەن كۈتۈۋالىمىز . ئۇسسۇل ئوينىغاندا ھۆرمەت ۋە زوق تەبەسسۇملىرى ئىپادىلەيمىز . تەبەسسۇم ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى پەقەت ئۆز ھېس-

[1] بۇ تېكست «ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرى ـ 2» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002-يىل نەشرى )دىن قىسقارتىپ ئېلىندى .

سىياتىنىڭ چىنلىقى بىلەنلا گەۋدىلەندۈرەلىشى مۇمكىن.

تەبەسسۇم — تەلمۈرگەن كۆڭۈل بۇلبۇلى ئۈچراشقان گۈل جىلۋىسى، تەلپۈنگەن يۈرەك كىيپىنكى ئىيرىشكەن گۈل شىرنىسى.

تەبەسسۇم — ئىجتىمائىي مۇھەببەت، ئۆزى بىلەن ئۆزگىنىڭ قەلبىنى بىر رىشتىدا سۆيۈندۈرگەن. تەبەسسۇم — ئالىي زوق - ئىپتىخار، رىغبەت ۋە ھۆرمىتىنى بىر ئوبرازغا مۇجەسسەم قىلغان. تەبەسسۇملۇق تۇرمۇش بەختلىك، تەبەسسۇملۇق ئائىلە ئىناق ئائىلە. ئويلايمەنكى، تەبەسسۇم پەقەت ئائىلە سىرتىدىكىلەرگە قارىتىلغان قىزىل سىرلانغان دەۋازا ياكى توز شەكلى چىكىلگەن پەردە بولمىسا كېرەك. ئائىلىدە ئەر - ئايال تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆزئارا تەبەسسۇمگە موھتاج. تەبەسسۇمسىز مۇھىت — كېسەلچان مۇھىت. ئۇنىڭ خىزمىتى تېز قېرىتىش ۋە تېز ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت. «گۈلنى سىرتقا، تىكىننى ئائىلە ئىچىگە» قىلىدىغان بەختسىز ئائىلىلەر يوقىتىۋاتقان تەبەسسۇم گۆھىرىنى تۈمەنلەپ پۇل ۋەياكى زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن قايتا تېپىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق تەبەسسۇم مۇھىتى بولمىغان ئائىلىدە ئۆزئارا ئەدىپىنى بىرىش، ۋايساش ۋە ئاقىۋەتتە پەرزەنتلىرىنىڭ توك - قوپال، كۆكەرمە، ھەتتا ئاتا - ئانىنى سىلكىشلىشى ھۆكۈمران مۇھىت بولۇپ قالىدۇ.

تەبەسسۇم — رىقابەتكە تولغان دۇنيادا ئەڭ پاك، ئەڭ ئىزگۈ ئىنسانىي ماياك. دانكو قولىدىكى يالقۇنلۇق يۈرەكتەك ئىنسان ئەۋلادىنى ئۈمىدلەندۈرۈپ، ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ لەۋھىسى: «سەن ھامان ئىنسان!» دىگەندىن ئىبارەت. دەر ھەقىقەت، ئىنسان ھامان ئىنسان، ئۇ ئۇنچە - جاۋاھىرلار غارىغا ئىگە بولغىنىدىمۇ، دۇلدۇل تۇلپارىغا مىنگەندىمۇ، ياپراقسىز يالغۇز دەرەخ تۈۋىدە ھەسرەتلىنىۋاتقىنىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئىنسانلىقىنى ئۇنتۇماسلىقى كېرەك. ئۈمىدسىزلىكنىڭ مۇز دەرياسىغا تەۋەككۇل قىلغان ئادەم «ئىنسان» ئىبارىسىنى تاكى ھاياجانغىچە تەكرارلىسا، ئۈمىد ۋە جاسارەت ساھە-

لىغا قايتىشى مۇمكىن . ئۇنى كۆتۈۋالىدىغان تۇنجى مەلىكە باشقا نەرسە ئەمەس ، يەنىلا ھېلىقى ئالتۇن چىراغ — تەبەسسۇمدىن ئىبا-رەت .

1990 - يىل ، دېكابىر ، ئۈرۈمچى .

## مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . ئاپتور تەبەسسۇمنى نېمىلەرگە ئوخشاتقان ؟ مۇشۇنداق ئوخ-شىتىشلاردىن ئاپتورنىڭ كىشىلىك ھايات ھەققىدىكى قانداق تەسىراتى-نى ھېس قىلغىلى بولىدۇ ؟

2 . ئاپتور «تەبەسسۇمسىز مۇھىت كېسەلچان مۇھىت» دەپ يازغان. سىز ئاپتورنىڭ بۇ خىل قارىشىنى قانداق چۈشىنىسىز ؟

3 . سىز كەچۈرمىشلىرىڭىز ، كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىڭىزدىن مىسال كەلتۈرۈپ تەبەسسۇمنىڭ كىشىلىك ھاياتتىكى رولى ۋە قىممى-تى ھەققىدىكى چۈشەنچە ، تەسىراتلىرىڭىزنى سۆزلەپ بېقىڭ .

4 . «تەبەسسۇم» دېگەن سۆزنى قوللىنىپ ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملىدىن بىرنى تۈزۈڭ .

# 7. چىم

## نۇرمۇھەممەت توختى [1]

سىز چىمنى كۆرگەنمۇ؟ ئۇ ئېرىق - ئۆستەڭ قاشلىرىدا ئۆسىدىغان قىياقتا ناھايىتى ئوخشىشىدۇ. يېڭى ئۈنگەن بۇغداي مايسىسىغىمۇ بىر ئاز ئوخشىشىپ كېتىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ بەرگى بۇغداي مايسىسىدەك ئۇنچىۋالا يۇمران ئەمەس. ئۇ كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، زادىلا يەر تاللىمايدۇ. چىلان تۇپراقلىق مۇنبەت يەرلەردىمۇ، شورلۇق زەيكەش يەرلەردىمۇ ئۆسۈۋېرىدۇ. ئۇنىڭ ھاياتقا، تۇرمۇشقا بولغان تەلپى تولىمۇ ئاددىي، ئۇنىڭغا پەقەت تۇپراق ۋە ئازراق نەملىك بولسىلا بولدى. ئۇ پەرۋىش قىلىشنى، كۆپەيتىپ تېرىشنى تەلەپ قىلمايدۇ. ئۆزلۈكىدىن ئۆسۈپ كۆكلەۋېرىدۇ. بارغانسېرى قويۇقلىشىپ تۇپراقنى قاپلايدۇ. ئۇ ئۆسكەن يەرلەر خۇددى يېشىل گىلەم يېيىتىلغاندەك تولىمۇ گۈزەل كۆرۈنىدۇ. مەن يېزىدا ئىشلەپ يۈرگەن چاغلاردا ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى كۆپ تاماشا قىلغانمەن. لېكىن، كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە ئۇنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەنىدىم.

يېقىندا مەكتىپىمىز مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈرۈش دولقۇنىغا ئەگىشىپ ئېرىق قاشلىرىغا ۋە بوش - بىكار يەرلەرگە چىم ياتقۇزدى. تالا - تالا چىم پارچىلىرى ئېرىق ئەتراپىدا تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار

[1] نۇرمۇھەممەت توختى 1949 - يىلى خوتەن ناھىيىسىنىڭ تەۋەككۇل يېزىسىدا تۇغۇلغان. يازغۇچى. «ئۇ دۇنيادىكى سوراق»، «چۆل ئوغلى»، «شەھلا كۆز» قاتارلىق ھېكايە - پوۋېستلار توپلاملىرى نەشر قىلىنغان. بۇ تېكىست ئۇنىڭ «كۈلۈپ كۆرگەنلەر ۋە كۆرۈپ كۈلگەنلەر» ناملىق نەسرلەر توپلىمىدىن ئېلىندى.

خۇددى قاسساپ گۆش شىلغانداك ئۆز تۇپرىقىدىن شىلىپ ئېلىنغاندى . ئۇلارنىڭ يىلتىزلىرى قىرقىلغان ، بەرگى سولاشقان بولۇپ ، هاياتى كۈچىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلغانداك كۆرۈنەتتى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئاللىقانداق بىر خىل ئېچىنىش تۇيغۇسى چېچىلىپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى . كىشى ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە «مەن ئۆلۈۋاتىمەن» دېگەن پىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغانداك بولاتتى . مەن بۇ چىم پارچىلىرىنى چوقۇم قۇرۇپ كېتىدۇ ، دەپ ئويلىدىم . ئەمدى ئۇلارنىڭ ياشىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى ...

كۆنلۈك ئىشلەيدىغان ياللانما ئىشچىلار ، ئەنە شۇ قۇرۇپ كېتىدىۋاتقان چىم پارچىلىرىنى ئېرىق قاشلىرىغا ، بوش ـ بىكار يەرلەرگە ئەپچىللىك بىلەن ياتقۇزدى . ئۇستىدىن ياغاچ توقماق بىلەن ئۇرۇپ يەرگە مەهكەم يېپىشتۇرۇپ قويدى . ئۇنىڭدىن كېيىن ئازراق سۇ چاچتى ...

مەن ئاجايىپ كارامەتنى ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن كۆردۈم . ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە ، سولىشىپ سارغىيىشقا باشلىغان بۇ چىم بەرگلىرىگە يېڭىۋاشتىن جان كىردى . ئۇلار يايپېشىل بولۇپ ياشناپ ئۆز گۈزەللىكىنى نامايان قىلىشقا باشلىدى . مەن ئۇنىڭدىكى ئاجايىپ هاياتى كۈچكە هەيران قالدىم . بۇ نېمىدېگەن زور قۇدرەت ـ هە ! باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە ، چىم قاغا ئۇۋۇسىدا قىرىق يىل تۇرۇپ ، قايتا يەرگە چۈشسە نەملىك بىلەن ئۇچراشسىلا يەنە يېڭىۋاشتىن ياشناۋېرىدىكەن .

مەن ئۇنىڭغا قايىل بولدۇم . هاياتقا ، تۇرمۇشقا بولغان تەلپۈنۈشچانلىق ئاددىي . هاياتى كۈچى بولسا شۇنچىلىك قۇدرەتلىك . بۇ ناهايىتى روشەن سېلىشتۇرما ئىدى . مەن ئۆزۈمنى ۋە زاماندىشلىرىمنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم . تۈگىمەس تەلەپلەر بىلەن كىشىنىڭ ئېچىنغۇسى كەلگۈدەك زەئىپلىك كۆز ئالدىمدىن لىپ قىلىپ ئۆتكەندەك بولدى .

## مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . ئاپتور بۇ نەسرىدە ئوبيېكتنىڭ ھەر خىل ھالىتىنى كۆزىتىش ۋە تەسۋىرلەش جەھەتتە ناھايىتى ئىنچىكىلىگەن. سىز بۇ نەسرنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى مىسال بىلەن چۈشەندۇرۇپ بېقىڭ .

2 . ئاپتور نەسرىدە «مەن ئۇنىڭغا قايىل بولدۇم. ھاياتقا ، تۇر- مۇشقا بولغان تەلپىنى شۇنچىلىك ئاددىي . ھاياتىي كۈچى بولسا شۇنچى- لىك قۇدرەتلىك . بۇ ناھايىتى روشەن سىلىشتۇرما ئىدى. مەن ئۆ- زۈمنى ۋە زامانداشلىرىمنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم . تۆگىمەس تەلەپ- لەر بىلەن كىشىنىڭ ئىچىنغۇسى كەلگۈدەك زەئىپلىك كۆز ئالدىمدىن لىپ قىلىپ ئۆتكەندەك بولدى » دەپ يازغان . مۇشۇ قۇرلارنى ئوقۇغاند- دىن كېيىن شۇ خىلدىكى ھايات كارتىنىلىرى سىزنىڭمۇ كۆز ئالدى- ڭىزغا كەلدىمۇ ؟ كونكرېتلاشتۇرۇپ سۆزلەپ بېقىشنى خالامسىز ؟

3 . «بۇ نېمىدېگەن زور قۇدرەت ـ ھە ! » دېگەن جۈملىدە ئىپادى- لەنگەن مەزمۇن ۋە جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ گىراماتىكىلىق ۋەزىپىسى- نى تەھلىل قىلىڭ.

# 8 . هايات

## براندېس[1]

*«مۇنار» ، «ئۆڭكۈر» ، «زېمىن» ۋە «ئىش مەيدانى» تۆتى قارىماققا قىلچە مۇناسىۋەتسىزدەك كۆرۈنىدۇ . ئاپتور بۇلارنى تۇتاشتۇرۇپ ئەسەر قىلغان ھەمدە «ھايات» دەپ ماۋزۇ قويۇپ ، كىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ، چوڭقۇر ئويلىنىشقا يېتەكلىگەن . تېكىستنى ئوقۇپ ، ئۆزىڭىز بىلەن سېلىشتۇرۇپ ، ھايات يولىڭىزنى قانداق تاللايدىغانلىقىڭىزنى ئويلاپ كۆرۈڭ .*

بۇ يەردە بىر مۇنار بار ، ئۇنىڭغا بارلىق ئادەملەرنىڭ جەزمەن يامىششىغا توغرا كېلىدۇ . بۇنىڭدا ناھايەت يۇزچە پەلەمپەي بار . بۇ ئېگىز مۇنارنىڭ ئوتتۇرىسى كاۋاك . ئادەم ئۇنىڭ چوققىسىغا چىققان ھامان يىقىلىپ چۇشۇپ سۆڭەكلىرى كۇكۇم ـ تالقان بولۇپ كېتىدۇ . بىراق ، ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ بۇنداق ئېگىزلىكتىن يىقىلىپ چۈشۈشى تەس . بۇ ھەربىر ئادەمنىڭ تەقدىرى : ئەگەر ئۇ پۈتۈلگەن مەلۇم پەلەمپەيگە ، ئۆزىگە مەلۇم بولمىغان ئاشۇ پەلەمپەيگە چىققىنىدا ، پەلەمپەي ئۇنىڭ پۇتى ئاستىدىن غايىب بولىدۇ ، بۇ خۇددى تۇزاقنىڭ

---

① براندېس (1842 — 1927) — دانىيىلىك ئەدەبىيات ئوبزورچىسى . بۇ نەسر «دۇنيا نەسر جەۋھەرلىرى . ياۋروپا توپلىمى»نىڭ بىرىنچى قىسمىدىن ئازراق قىسقارتىپ ئېلىندى .

قاپقىنىغا ئوخشايدۇ ، ئادەممۇ شۇنىڭ بىلەن غايىب بولىدۇ . شۇنىسى ، ئادەم ئۇنىڭ 20 ـ ياكى 63 ـ پەلەمپەي ۋەياكى ئۇلاردىن باشقا پەلەمپەي ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ ؛ ئادەمگە ھەقىقەتەن ئايان بولغىنى پەلەمپەيلەردىن بىرىنىڭ جەزمەن ئۇنىڭ پۇتى ئاستىدىن غايىب بولىدىغانلىقىلا ، خالاس .

دەسلەپكى يامىشىش ئاسان بولىدۇ ، بىراق ناھايىتى ئاستا بولىدۇ . يامىشىشنىڭ ئەسلىدە ھېچقانداق مۇشكۇللۇكى يوق ، ھالبۇكى ، ھەربىر باسقۇچتا مۇناردىكى كۆرۈش تۆشۈكچىلىرىدىن كۆرۈنگەن مەنزىرىلەرمۇ ئادەمگە يېتەرلىك لەززەت بېغىشلايدۇ . ھەربىر شەيئى يېپيېڭى بولىدۇ . مەيلى يېقىندىكى ياكى يىراقتىكى شەيئىلەر بولسۇن ، ھەممىسىلا مېھرىڭىزنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدۇ . يۇقىرىغا چىققانسېرى يامىشىش تەسلىشىدۇ ، ئۇنىڭ ئۇستىگە كۆزمۇ شەيئىلەرنى ئانچە پەرقلەندۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ ، قارىماققا ئۇلار ئوخشاشتەكلا كۆرۈنىدۇ . ھەربىر باسقۇچتىمۇ تارتىشقۇدەك ھېچ نەرسە قالمىغاندەك بىلىنىدۇ . بۇ ۋاقىتتا تېزراق مېڭىش لازىم ياكى بىرنەچچە پەلەمپەيگە ئۇدا چىقىپ كېتىش لازىم ، بىراق بۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس .

ئادەتتە بىر ئادەم يىلدا بىرلا پەلەمپەيگە چىقىدۇ ، ئۇنىڭ سەپەرداشلىرى ئۇنىڭغا شادلىق تىلەيدۇ ، چۈنكى ئۇ تېخى يىقىلىپ چۈشمىدى . ئۇ ئون پەلەمپەينى بىسىپ يېڭى بىر سۇپىغا چىققىنىدا ئۇنى تەبرىكلەش تېخىمۇ قىزغىنلىشىدۇ . ھەر قېتىمدا كىشىلەر ئۇنىڭ داۋاملىق يامىشىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ ، مانا بۇ ئۈمىد تېخىمۇ كۆپ زىددىيەتنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ . ياماشقۇچى بۇ ئادەم چوڭقۇر تەسىرلىنىدۇ ، بىراق ئارقىدا قالغانلىرىدىن ئۆزى قانائەت ھاسىل قىلغۇدەكلىرىنىڭ ناھايىتى ئازلىقىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ ھەمدە قانداق ئاپەتنىڭ ئالدىغا يوشۇرۇنغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ .

شۇنداق قىلىپ نورمال ئاتالغان كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئۆمە-

ـرى مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتىدۇ، روھىي جەھەتتىن ئالغاندا ئۇلار ئوخ- شاش بىر يەردە توختاپ قالىدۇ.

ھالبۇكى، بۇ يەردە يەنە بىر ئۆزگۈر بار، كىرگەن ئاشۇ كىشىلەر تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ كىرىش ئۈچۈن ئۆزلىرى لەخمە قېزىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. يەنە بەزى كىشىلەر بولسا نۇرغۇن ئەسىرلەر ئىلگىرى ئەج- دادلار قازغان لەخمە يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. يىللار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قوغلىشىپ، بۇ كىشىلەر بارغانسېرى يەر ئاستىغا كىرىدۇ، ئاشۇ قېزىلما بايلىقلار بار يەرلەرگە بارىدۇ. ئۇلارغا يەر ئاستى دۇنياسى تونۇش، ئۇلار تىلسىماتقا ئوخشايدىغان لەخمە يوللىرى ئىچىدە يول ئىزدەيدۇ، يەر ئاستىنىڭ چوڭقۇر قىسمى- دىكى خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ياكى ئۇنىڭ بىلەن تونۇشىدۇ ۋە ياكى ئۇنىڭغا قاتنىشىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا قاتتىق بېرىلىپ كەتكەچكە، ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەي قالىدۇ.

مانا بۇ ئۇلارنىڭ ھاياتى، ئۇلار ئىدىيىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىنى قېزىش ئەمگىكى ۋە ئىزدىنىشى بىلەن شۇغۇللانغاچقا، شۇ ۋاقىتتىكى تۇرلۇك ۋەقەلەرنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى تاللىۋالغان تىنچ خىزمىتى بىلەن ئالدىراشلىقتا ئۆتىدۇ، يىللار كەلتۈرگەن زىيان ۋە قايغۇ - ئازاب ھەمدە يىللار مەھرۇم قىلغان شادلىقلارنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ئەزرائىل كەلگىنىدە ئۇلار ئارخىمىد[1] قا ئوخشاش «سىز- غان چەمبەرلىرىمنى قالايمىقان قىلىۋەتمەڭلار» دەپ ئىلتىماس قىلىدۇ.

كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە چەكسىز سوزۇلغان بىپايان كەڭ دالا بار، بۇ دالا خۇددى شەيتان[2] تاغدا نىجاتكار[3] غا نامايان قىلغان

---

① ئارخىمىد (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 287—212) قەدىمكى گرېتسىيىلىك ماتېماتىك، كەشپىيات- چى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، رىملىقلار سۇرا قەدىمىي شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندە، ئۇ قۇم ئۈستىگە گېئومېتىرىيە شەكىللىرىنى سىزىپ ئولتۇرغانىكەن، بەختكە قارشى ئۆلتۈرۈلگەن.

② شەيتان — ئىنجىل قىسسىلىرىدىكى ئىبلىس. ئەسلىدە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، كېيىن ئاللاھ بىلەن ئۇستۇنلۇك تالىشىش خام خىيالىدا بولغانلىقى ئۈچۈن ھەيدەپ چىقىرىلغان.

③ نىجاتكار — خرىستىئان مۇخلىسلىرىنىڭ ئىسانى ھۆرمەتلەپ ئاتىشى. بۇ دىن دۇنيادىكى ھەرقان- داق ئادەمنىڭ گۇناھى بارلىقىغا ھەم ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا قۇربى يەتمەيدىغانلىقىغا؛ ئىسانىڭ ئاللاھنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىگە، ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن زېمىنغا چۈشىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

پادىشاھلىققا ئوخشايدۇ . ئۆمۈر بويى قانائەتسىزلىك قىلىدىغان، باشـ
قىلارنى باش ئەگدۈرۈشنى ئويلايدىغان كىشىلەرنىڭ ھاياتى تېخىمۇ
كەڭ زېمىن ئىگىلەشكە بېرىلىش، تېخىمۇ كەڭ نەزەر دائىرىگە،
تېخىمۇ يېتەرلىك تەجرىبىگە ئېرىشىش، تېخىمۇ كۆپ ئادەم ۋە شەيئىـ
نى كونترول قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ . ھەربىي يۈرۈشلەر ئۇلارنى
ئۆزىگە تارتىدۇ، ھالبۇكى، ھوقۇق ئۇلارنىڭ شادلىقى . ئۇلارنىڭ
مەڭگۈلۈك ئارزۇسى ئەرلەرنىڭ كالللىسى ۋە ئايالالارنىڭ كۆڭلىنى
تېخىمۇ كۆپلەپ ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش . ئۇلار قانائەتسىز، سىرلىق،
كۈچلۈك كېلىدۇ . ئۇلار يىللاردىن پايدىلىنىدۇ، شۇڭا يىللار ئۇلارنى
بىزار قىلمايدۇ . ئۇلار ياشلارنىڭ بارلىق ئالاھىدىلىكى بولغان تەۋەكـ
كۇلچىلىككە قىزىقىش، تۇرمۇشنى سۆيۈش، ئېلىشىشقا ھېرىسمەن
بولۇش، زېھنى ئۇرغۇپ تاشقان بولۇش، مېڭىسى جانلىق بولۇشتەك
ئالاھىدىلىكىنى يوقاتمىغان بولىدۇ، ئۇلار مەيلى قانچىلىك قېرىپ
كەتسۇن ئۆلگىچىلىك ياش بولىدۇ . خۇددى سالمۇ بېلىقى[1] جىددىي
ئېقىنغا قارشى ئۈزگەندەك، ئۇلارنىڭ تەبىئىتىمۇ يىللارنىڭ جىددىي
ئېقىنىغا قارشى ماڭىدۇ .

ۋاھالەنكى، شۇنداقمۇ ئىش مەيدانلىرى بار — ئەمگەكچىلەر
مۇشۇ ئىش مەيداندا ئۆمرىنى شۇنچە بىمالال ئۆتكۈزىدۇ، ئۇلار كۇندە
شۇ يەردە خىزمەت قىلىپ ھەر كۇنى مەنپەئەتكە ئېرىشىدۇ . ئۇلار
ئۆزلىرىمۇ بىلمەيلا قېرىپ كېتىدۇ . دەرۋەقە، ئۇلار ئۇچۇن ئازـ
تولا بىلىم ۋە تەجرىبە بولسىلا كۇپايە . ھالبۇكى، ئۇلار ئەڭ ياخشى
قىلالمىغان نۇرغۇن ئىشلار ئۇلار ئەڭ چوڭقۇر چۈشىنىدىغان، ئەڭ
كۆپ ئۇچرىغان ئىشلاردۇر . بۇ ئىش مەيدانىدىكى تۇرمۇشنىڭ شەكلى
ئۆزگەرگەن بولۇپ، گۈزەل ھەم ئازادە بولىدۇ . شۇڭا، بۇ يەردە
خىزمەت قىلغان كىشىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ پىرغا ئايلىنىش ـ ئايلىنالـ

---

[1] بېلىقنىڭ بىر خىلى، ئۇرچۇقىسمان، قاسىرقى ئۇششاق ھەم يۇمىلاق كېلىدۇ .

ماسلىقىدا ئۆزگە تايىنىش لازىملىقى ئايان. پىرلار ئۇچۇن بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ئۆزى ئىزدەنگەن ۋە پىشقان ماھارەتتىن توختاپ قېلىپ ئىلگىرىلىمەسلىكىنىڭ ئەڭ نادانلىق ئىكەنلىكى ئايان. ئۇلار ئۆزلىرىگە مۇنداق دەيدۇ: بىر خىل تەجرىبە (مەيلى ئۇ قانچىلىك ئازابلىق تەجرىبە بولسۇن)، ئانچىكى بىر كۆزىتىش، بىر قېتىملىق تەلتۆكۈس تەكشۈرۈش، شادلىق ۋە قايغۇ، مەغلۇبىيەت ۋە غەلىبە ھەمدە غايە، پەرەز، خىيال ياكى مۇنداق، ياكى ئۇنداق ئۇسۇللار بىلەن ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدۇ، شۇڭا يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ خىزمىتى تېخىمۇ مۇھىملىشىدۇ، تېخىمۇ موللىشىدۇ. ئۇلار توغما ئىقتىدارىغا تايىنىدۇ، سەگەك كاللىسى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارىغا ئىشىنىدۇ، كاللىسىنىڭ ئۆزلىرىنى دۇرۇس يولغا سالىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، چۈنكى توغما ئىقتىدار ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە مەنسۇپ. ئۇلار ئىش مەيدانىدا پايدىلىق ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئىش مەيدانى چوڭ ئەمەس، بىراق ئۇلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، يېتەرلىك. ئىش مەيدانىنىڭ ماكانى ئۇلارنىڭ شۇ ماكان ئىچىدە ئوبراز يارىتىشى ۋە ئىدىيىنى ئىپادىلىشىگە يېتىدۇ. ئۇلار تازا ئالدىراش بولىدۇ، شۇڭا بۇلۇڭغا قويۇلغان قۇم سائەت[1] كە قارايدىغان چولىسى تەگمەيدۇ، قۇم توختىماي پەسكە سىرغىپ تۇرىدۇ. بەزى يېقىملىق ئىدىيىلەر ئۇلارغا ھەدىيە بەرگىنىدە ئۇلار بۇنىڭ خۇددى سۆيۈملۈك بىر قول قۇم سائەتنى ئايلاندۇرۇپ، سائەتنىڭ ئايلىنىشىنى ئاستىلىتىۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ.

## مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1. تېكىستنى ئوقۇپ تۆۋەندىكى سوئاللار ئۈستىدە ئىزدىنىڭلار.

① قۇم سائەت — قەدىمكى زاماندا ۋاقىت ھېسابلايدىغان بىر خىل ئەسۋاب.

1 ) ئاپتور ھاياتنى مۇنارغا يامىشىشقا ئوخشاتقان . سىزنىڭچە ، بۇ ئوخشىتىش مۇۋاپىقمۇ ـ يوق ؟ نېمە ئۈچۈن ؟

2 ) لەخمە قېزىۋاتقان ، كەڭ زېمىننى بويسۇندۇرۇۋاتقان ۋە ئىش مەيدانىدا ئەمگەك قىلىۋاتقان ئۈچ خىل ئادەم قانداق ئادەملەر ؟ ئەمەلىي تۇرمۇشتىن مۇشۇ ئۈچ خىل ئادەم ئۈچۈن مىسال ئېلىڭ .

2 . نۇرمۇھەممەت توختى ھاياتنى چىمغا ئوخشاتقان ، براندېس ھاياتنى ئېگىز مۇنارغا يامىشىشقا ، لەخمە قېزىشقا ئوخشاتقان . سىز ھاياتنى ياكى كىشىلىك تۇرمۇشنى نېمىگە ئوخشىتىسىز ؟ بىرنەچچە ئوبرازلىق ئوخشىتىش تېپىپ چىقىپ ، چوڭقۇر مەنىلىك ئەسەر يې-زىپ ، ئوقۇتقۇچىڭىز ۋە ساۋاقداشلىرىڭىزغا باھالىتىپ كۆرۈڭ .

3 . «ئۇلار تۇغما ئىقتىدارغا تايىنىدۇ ، سەگەك كاللىسى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارىغا ئىشىنىدۇ ، كاللىسىنىڭ ئۆزلىرىنى دۇرۇس يولغا سالىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ ، چۈنكى تۇغما ئىقتىدار ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە مەنسۇپ» دېگەن پارچىدىكى مۇرەككەپ جۈملىنىڭ تۈسىنى ۋە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنىڭ قانداق جۈملە ئىكەنلىكىنى تەھ-لىل قىلىڭ .

# ئۇنىۋېرسال ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش

## ئونتوق : مەھەللىمىزگە كۆڭۈل بۆلەيلى

مەيلى شەھەردە ياكى يېزا ـ كەنتلەردە بولايلى ، ھەربىر ئادەم مۇئەييەن مەھەللىدە ياشايدۇ . مەھەللىنىڭ تەبىئىي ئەھۋالى ، مەدەنىيەت مۇھىتى تۇرمۇشىمىز بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ . مەھەللە بىزنىڭ ئائىلىمىز . مەھەللىگە كۆڭۈل بۆلۈش ، مەھەللىنى گۈللەندۈرۈش ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى . ھەممىمىز ھەرىكەتكە كېلىپ ، مەھەللىمىزنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ بىر ئۈلۈش كۈچىنى قوشايلى .

تۆۋەندىكى پائالىيەتلەرنى تاللاپ ئىشلەشكە بولىدۇ.

1 . مەھەللىمىزگە قاراپ باقايلى

1 ) مەھەللىنىڭ نوپۇس ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش

1949 ـ يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندا جۇڭگو نوپۇسى تەخمىنەن 475 مىليون ئىدى . 1958 ـ يىلىغا كەلگەندە ماۋ زېدۇڭ بىر پارچە شېئىرىدا «تولدى جۇڭگو ئالتەيى ياۋ ، شۇن كەبى پالۋان بىلەن» دەپ يازىدۇ ، ئەينى چاغدا جۇڭگونىڭ نوپۇسى تەخمىنەن 600 مىليون ئىدى ؛ 2000 ـ يىلىغا كەلگەندە جۇڭگونىڭ نوپۇسى 1 مىليارد 200 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى . مۆلچەرلەرگە قارىغاندا ، 2050 ـ يىلىغا بارغاندا ، 1 مىليارد 600 مىليونغا يېتىدىكەن . 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن ئېتىبارەن ھۆكۈمەت پىلانلىق تۇغۇتنى تەشەببۇس قىلغاچ-

قا ، جۇڭگو نوپۇسىنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتى تىزگىنلەندى . ئالدى بىلەن سىز تۇرۇۋاتقان مەھەللىنىڭ نوپۇس ئەھۋالى (جۈملىدىن مۇئەييەن ۋاقىتتىكى ئاھالىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى ، يەنى ئاھالىنىڭ سانى ۋە سۈپىتى ، جىنس نىسبىتى قاتارلىقلار ) نى تەكشۈرۈڭ ، ئاندىن گۇرۇپپىغا ئايرىلىپ بىرنەچچە ئائىلىنى تەكشۈرۈپ ، بىرنەچچە ئوتتۇرا ياش كىشىنى زىيارەت قىلىڭ ، زىيارەت قىلىنغۇچىنى مەركەز قىلىپ ، ئۇلارنىڭ ئۈچ ـ تۆت ئەۋلادىدىكى نوپۇس ئەھۋالىنى ، جۈملىدىن نوپۇس سانى ، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ، كەسپى قاتارلىقلارنى ئېنىقلاپ ، بىر پارچە تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىڭ . بۇنداق تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئۆز جەمەتىڭىزنى ئاساس قىلىپ يازسىڭىزمۇ بولىدۇ .

2 ) مەھەللىنىڭ مۇھىت ئاسراش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش

ئېلىمىزنى ئەزەلدىن زېمىنى كەڭ ، بايلىقى مول دەپ كەلدۇق ، بىراق دۇنيادىكى باشقا جايلارغا ئوخشاشلا تەبىئىي مۇھىتنىڭ ناچارلىشىشىنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كېلىۋاتىمىز . سىز تۇرۇۋاتقان مەھەللىدىكى يېشىللىق كۆنسايىن ئازىيىۋاتامدۇ؟ سۇ بايلىقى بۇلغىنىۋاتامدۇ؟ ئەخلەتلەر دۆۋىلىنىپ كەتتىمۇ؟ تەكشۈرۈش ، زىيارەت قىلىش ئارقىلىق ، نەق مەيداننى تەكشۈرگەندىن كېيىن بىر پارچە مۇراجىئەتنامە يېزىپ ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئورتاق تىرىشىپ مۇھىت مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى ، يۇرتىمىزنى قوغدىشنى مۇراجىئەت قىلىڭ .

## 2 . مەھەللەم ئۈچۈن تۆھپە قوشىمەن

1 ) مەدەنىيلىك ئەھدىنامىسى تۈزۈش

كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ ، كۆپچىلىكنى مەدەنىي ، خاتىرجەم ، بەختلىك مۇھىتتا ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ، مەھەللە مەدەنىيلىك ئەھدىنامىسىنى تۈزۈش زۆرۈر . بۇنىڭدا ئالدى بىلەن مۇناسىۋەتلىك باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ پىكرىنى ئېلىش ، تۇرلۇك تەكلىپلەرگە قولاق سېلىش ، يەنە كىشىلەرنىڭ ئىنكا-

سىغا ئايرىم - ئايرىم قولاق سېلىش كېرەك . مۇشۇ ئاساستا ئەھدىنامە ماددىلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ ، تەكلىپ نۇسخا سۈپىتىدە مەھەللىدىكى ئالاقىدار تارماقلارغا سۇنۇش كېرەك .

2 ) بىر قېتىملىق نۇتۇق سۆزلەش

جەمئىيەتتە ھەممىلا جايدا مەدەنىي بولماسلىق ئەھۋاللىرى مەۋ-جۇت . ياز كۈنلىرى ھەمىشە ئاممىۋى سورۇنلاردا زىيادە نېپىز ھەم يېرىم يالىڭاچ دېگۈدەك كىيىنىپ يۈرىدىغان ھاياسىز قىز - چوكانلار-نى ، قىز - ئاياللارغا پوخۇرلۇق قىلىدىغان ئەدەپسىز يىگىتلەرنى ، مۇھەببەتلىشىش ئەخلاقىنى بىلمەيدىغان ئوغۇل - قىزلارنى ، ھە دېسە كوچىغا چىقىۋېلىپ جېدەللىشىپ ئىناۋىتىنى تۆكۈپ يۈرىدىغان ئايال-لارنى ، يۈيۈلغان تۈرلۈك ئىچ كىيىملەرنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن كۆزگە چېلىقىدىغان جايلارغا يېيىپ قويىدىغان قاملاشمىغان ھالەتلەرنى كۆپ ئۇچرىتىمىز ؛ كەچقۇرۇنلىرى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆيلىرىنىڭ ئالدىل-رىغا ماجاڭ ئۈستەللىرىنى تىزىپ توختىماي شاراقشىتىدۇ ، قارتا ئويناپ ۋارقىرىشىدۇ ، ھەتتا سورۇن تۈزۈپ ھاراق ئىچىشىدۇ . ئىس-راپخورلۇق قىلىش ، قالايمىقان تۆكۈرۈش ، قالايمىقان ئەخلەت تاش-لاش ، قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاش ۋە يېيىش قاتارلىق ناچار ئادەتلەر ھەممىلا جايدا ئۇچرايدۇ . سىز تۇرۇۋاتقان مەھەللىدە مەدەنىي بولمىغان قانداق ئەھۋاللار بارلىقىنى كۆزىتىپ ، ئاندىن قاراتل-مىلىقى بولغان ھالدا بىر قېتىملىق نۇتۇق سۆزلەپ ، كۆپچىلىكنى ھەرىكەتكە كېلىپ مەدەنىي بولمىغان بۇ قىلمىشلارنى تۈگىتىشكە چا-قىرىق قىلىڭ .

### 3 . مەھەللە ئاممىۋى پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىش

1 ) مەھەللە پائالىيەت ئورۇنلىرىدا خالىس خىزمەت قىلىش

پائالىيەت ئورۇنلىرىغا بېرىپ ، باشقۇرغۇچى خادىملارغا ھەمكار-لىشىپ ، مەھەللىدىكى بالىلارنى تەشكىللەپ ، ئۇلارنى ئېسىل ئۆرپ-

ئادەتلەرنى جارى قىلدۇرۇشقا، مەدەنىيەت ـ سەنئەت، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكلەڭ. مەسىلەن، ھېكايە سۆز-لەش يىغىلىشى ئۆتكۈزۈش، كىچىك تىپتىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويۇنى تەشكىللەش، كىچىك تىپتىكى تەنتەربىيە مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇش، ئېكسكۇرسىيە، زىيارەتكە تەشكىللەش قاتارلىقلار. پائا-لىيەت داۋامىدا ئاكا ـ ئاچىلىق نەمۇنىلىك روللىڭىزنى جارى قىلدۇ-رۇپ، كىچىك دوستلارغا سىز بىلەن بىللە بولسا ناھايىتى خۇشال ھەم ئەھمىيەتلىك بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇڭ. كېيىن، «مە-ھەللە پائالىيەت ئورۇنلىرىدىكى كۈنلەردە»نى ماۋزۇ قىلىپ بىر پارچە ئەسەر يېزىڭ.

2) مەھەللىنى كۆكەرتىشتە باشلامچى بولىمەن

كۆكەرتىش ھەرقانداق بىر مەھەللە ئۈچۈن ئېيتقاندا، سەل قارى-غىلى بولمايدىغان چوڭ ئىش. كىچىكىڭىزدىن باشلاپلا كۆكەرتىش ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، مەھەللىنىڭ ھەربىر تال گىياھسىنى ئاسراپ مەھەللىنى كۆكەرتىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇڭ. باشقۇرغۇچى تارماقلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، مەلۇم بىر پارچە كۆكەرتىش يېرىنى بۆلۈپ ھۆددىگە ئېلىپ، شۇ جايدىكى گۈل ـ گىياھلارنى پەرۋىش قىلسىڭىز بولىدۇ. سىز كۈندىلىك خاتىرە شەكلىدە باشقۇرۇش ئەھۋالىنى خاتىر-رىلەپ، ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن پىكىر ئالماشتۇرسىڭىز بولىدۇ.

# ئۈچىنچى بۆلەك

## نەسرىي ئەسەرلەر

ئەدەبىي ئەسەرلەر، بولۇپمۇ ھېكايە - نەسرلەر «تۇرمۇش دەرسلىكى» دەپ قارىلىدۇ. «ئەدەبىيات ئادەم توغرىسىدىكى ئىلىم» ئىكەنلىكىنى كىشىلەر ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلغان. شۇڭلاشقا، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەدەبىي ئەسەرنى ئوقۇغانلىق ئۆزىنى ئوقۇغانلىق، جەمئىيەتنى ئوقۇغانلىق، كىشىلىك ھاياتنى ئوقۇغانلىق بولىدۇ. شۇڭا، ئەدەبىي ئەسەرنى ئوقۇش چوڭقۇر ھېس قىلىش، ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىش ۋە ھوزۇرلىنىش ئاساسىغا قۇرۇلۇشى كېرەك. ئەسەردىكى قويۇق مەدەنىيەت مەزمۇنى، ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى، شۇنىڭدەك تىل سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىنچىكە مۇلاھىزە قىلىش، ئەدەبىي ئەسەرنى ئوقۇشتىكى ئاساسىي تەلەپ ھېسابلىنىدۇ.



# 9 . قوش مەسچىت

مۇھەممەتئەلى زۇنۇن①

## 1

كوچىمىز — ئورغاق ئاي شەكىللىك خالتا كوچا . ھازىر «قوش مەسچىت» دىمىسە ھېچكىم بىلمەيدىغان بۇ كوچىمىزنىڭ ئەسلىي نامى «ئايكوچا» ئىكەن . شۇنداقمۇ ، بوۋا ؟

19 جۈپ دەرۋازا بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرىدىغان بۇ خالتا كوچىمىزدا كۆلىمى ، قۇرۇلۇش نۇسخىسى ، مۇنار - گۈمبەزلىرىنىڭ ئېگىزلىكىدىن تارتىپ ئىچكى - تاشقى نەقىشلىرىگىچە ئوپئوخشاش ئىككى مەسچىت بار . سىرىدىن تارتىپ پىرامىداسىمان قالپاقلىق مىخلىرىغىچە تامامەن ئوخشىشىدىغان ئىككى دەرۋازىمۇ بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرىدۇ . ئىككى مەزىن بىرلا ۋاقىتتا ئەزان ئېيتىدۇ . قارى- مۇقارشى ئىككى دەرۋازىدىن تەڭ چىققان ئىككى مۇسۇلمان بىر - بىرىگە سالام بېرىشمەيدۇ ، تىنچ - ئامانلىق سوراشمايدۇ . ئوڭ ياقتىن چىققىنى ئوڭ ياقتىكى ، سول ياقتىن چىققىنى سول ياقتىكى مەسچىت- كە راۋان بولىدۇ . ھېيت - ئايەم كۈنلىرى ئىككى ياقنىڭ جامائىتى ئىككى توپ بولۇپ ، چوڭ جامەگە قاراپ ماڭىدۇ . بىر - بىرىنىڭكىگە ھېيتلىمايدۇ . قۇدا - باجا بولۇشمايدۇ . بۇ تەرەپتىكىلەر مېيىت ئۇزىتىۋاتسا ، ئۇ تەرەپتىكىلەر توي نەغمىسى چېلىۋېرىدۇ . ئىككى

---

① مۇھەممەتئەلى زۇنۇن 1939 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ ساقىيە مەھەللىسىدە تۇغۇلغان . يازغۇچى ، شائىر ، دراماتورگ . كۆپلىگەن كىتابلىرى نەشر قىلىنغان . بۇ تېكىست ئۇنىڭ شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «قوش مەسچىت» ناملىق توپلىمىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى .

ياقتىكى بالىلارنىڭ ئۆزئارا دوست ـ ئاداش بولۇشىغا يول قويۇلماي-
دۇ . بۇ تەرەپتىكى بالىلارنىڭ لەگلىكى ئۇ تەرەپ بوشلۇقىدا پەيدا
بولغان ھامان شۇ تەرەپ بالىلىرىنىڭ تاش ـ چالمىلىرى زەربىسىدىن
ئۆتمىتۆشۈك بولماي قالمايدۇ . ئۇ تەرەپتىكى كەپتەرۋازلار بۇ تەرەپتى-
كىلەرنىڭ كەپتىرىنى تۇتۇۋالغان ھامان قانات ـ قۇيرۇقلىرىنى يۇلۇپ ـ
يۇڭداپ ئاسمانغا ئاتىدۇ . بۇياقتىن ئۇياققا ئۆتۈپ قالغان خوراز ـ
مېكىيانلارنىڭ ھەرقاندىقى ئۆز كاتىكىگە قايتىپ كېلەلمەيدۇ . باشقا
كوچىلارنىڭ ئۇستىگە قانچىلىغان كۆتۈرمە ئۆيلەر سېلىنغان . بىزنىڭ-
كىدە بىرىمۇ يوق . ئىككى تەرەپ ئىناق بولمىسا ، بىر ـ بىرىگە يول
قويمىسا ، كۆتۈرمە ئۆي سالغىلى بولمايدىكەن . شۇنداقمۇ ، بوۋا ؟

ئىككى تەرەپتىكى خوتۇن خەقلەر ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمى قارشى
تەرەپ خوتۇنلىرىنىڭ غەيۋەت ـ شىكايىتىنى قىلىش بىلەن ئۆتىدۇ .
كىر سۇيى ، يۇندىلار قارشى تەرەپتىكىلەرنىڭ بوسۇغا ، تام تۇۋىلىرىگە
تۆكۈلىدۇ . كىر سۇلىرى قۇرۇپ ياكى توڭلاپ كېتىدۇكى ، جېدەل-
ماجىرا قۇرۇمايدۇ ، توڭلىمايدۇ .

ئاڭلىسام ئىككى ياقتىكىلەرنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بۇيان تارتقان
دەرد ـ مۇشەققەت ، ئازاب ـ كۈلپەتلىرى بىر ـ بىرىنىڭكىدىن قېلىشە-
مايدىكەن . «تۇڭگان يېغىلىقى» ۋاقتىدا باشقا كوچىلارنىڭ ھەممىسىگە
مۇستەھكەم دەرۋازىلار بېكىتىلىپتۇ . بىزنىڭ كوچىدىكى ئىككى تەرەپ
پۇتۇشەلمەپتۇ ، بىر دەرۋازىدىن كىرىپ چىقىشنى راۋا كۆرمەپتۇ .
قوراللىق چېرىكلەر توسالغۇسىز بېسىپ كىرىۋېرىپتۇ . بۇلايدىغانىنى
بۇلاپ ، بۇلغايدىغانىنى بۇلغاۋېرىپتۇ . ئىككى تەرەپ ئاچچىق ساۋاق
ئالماپتۇ . پۇشايمان قىلماپتۇ . شىڭ شىسەي ، گومىنداڭ ھۆكۈمران-
لىق قىلغان زامانلاردا بىر ـ بىرىنى چېقىشتۇرۇۋېرىپتۇ ، تۇتۇپ بېرىشى-
ۋېرىپتۇ . نەتىجىدە ، ھەر ئىككى تەرەپتىن ھەپسىگە ئېلىنغان ، قەتل
قىلىنغانلار تەڭ نىسبەتتە دىگۇدەك بوپتۇ . ئۇلار بىر ـ بىرىنى غەزەپ
بىلەن سۆكۈشمەكتە ، پاش قىلىشماقتا :

— ئۇ — ئوغرى !

— ئۇ — ئۆزى تويسمۇ ، كۆزى تويمايدىغان ئەڭ چوڭ باج ئوغرىسى !

— ئۇ — يىرتقۇچ يولۋاس !

— ئۇ — ئەشەددىي يولۋاس !

گويا ئۇلار بىر - بىرىنى ئىتتىرىشمەكتە :

— مەن ئورۇق ، ئۇ سېمىز !

— ئۇ سېمىز ، مەن ئورۇق ...

سەۋر - تاقەت قىلالمىدىم ، بەرداشلىق بېرەلمىدىم . ئاخىر ساڭا مۇراجىئەت قىلدىم :

— بوۋا ، ئوبدان بوۋا ، كوچا - مەھەللىمىزنىڭ بىر ئەسىرلىك تارىخى ساڭا بەش قولدەك ئايان . ئېيتقىنا ، كوچىمىزدىكىلەر ئەزەل-دىن مۇشۇنداق نائىناقمىدى ؟ نەچچە يىل ئالدىدا سورىساممۇ ، سەن تېخى كىچىك ، تېگى - تەكتىگە يېتەلمەيسەن دېدىڭ . چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ قالدىمغۇ مانا . ئەمدىغۇ ئېيتىپ بېرەرسەن ؟ بوۋا ، نېمانچە خىيالغا چۆكۈپ كېتىدىغانسەن ؟ مۇنچە تەقەززا قىلمىغىنا !

— ماقۇل بالام ، — دېدىڭ لەۋزىمنى يەردە قويماي ، — ھازىر سەن كىچىك بالا ئەمەس ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ، ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلەيسەن ، گەپ - سۆزۈمنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتە-لەيسەن ، زېھنىڭ بىلەن ئاڭلا ، سۆزلەپ بېرەي :

## 2

دۇرۇس ، كوچىمىزنىڭ ئەسلىي نامى «ئايكوچا» ئىدى ، ئايدەك يورۇق ئىللىق كوچا ئىدى . قان - قېرىنداشلىق مۇھەببىتى تاش - كېسەك ، تام - تورۇسلىرىغىچە سىڭىپ كەتكەن ئىناق كوچا ئىدى ؛ زوھۇردىن ھاكىمبەگدەك كاتتا زاتنىڭ ئىزى ، موللا مۇھەممەد سادىق ئەئلەمئاخۇنۇم ، ئابدۇرەھىم نىزارى قاتارلىق پىر - ئۇستازلارنىڭ

نەزىرى چۈشكەن خىسلەتلىك كوچا ئىدى ! ياسىن داموللا ھاجىم ھەزرەتلىرى ئاخىرەتكە سەپەر قىلغاندىن كېيىن (ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن، ئىلاھا ئامىن ) ئارىمىز بۇزۇلدى، بىر مەسچىت ئىككى بولدى، «ئايكوچا» دېگەن تەۋەررۇك نام «قوش مەسچىت» كە ئۆزگەردى. ئاغرىق - ئاداۋات، بالا - قازا باشلاندى !

مەرھۇم ئىمامىمىز ياسىن داموللا ھاجىم ھەزرەتلىرى ئاتاق - ئابرۇيلۇق مەرىپەتپەرۋەر زات ئىدى. پۇل - مال، ئالتۇن - كۈمۈش- لىرىنىڭمۇ ھەددى - ھېسابى يوق ئىدى. ھەقتائالا ئۇنىڭغا بىر جۈپ قوشكېزەك ئوغۇل ئاتا قىلغان. چوڭىنىڭ ئىسمى ھەسەن، كىچىكى- نىڭ ئىسمى ھۈسەيىن ئىدى. بوي - ئىسكەت، رەڭ - چىراي، خۇلق- مىجەز جەھەتتىمۇ ئايرىۋالغۇسىز ھالدا ئوخشاشلىقى بىلەن ھەممىنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۆگەندى، بىلىم تاپتى، يۇرت كەزدى، سودىگەرچىلىكنىڭ تىلىنى بىلدى، پۇل تاپتى. ئىمامىمىز ئۇشتۇم- تۇت يېتىپ قالدى. ئوغۇللارغا خەت - خەۋەر ئەۋەتىلدى. ھۈسەيىن يىقىنىراق بىر شەھەردە تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن بۇرۇنراق كەلگەنىدى، دەرھال تويىنى قىلىپ، ئاتىلىق قەرزدىن خالاس بولدى. ھەپتە ئۆت- كەندىن كېيىن ئاكىسى ھەسەن قارىم كەلدى. ئىمامىمىز ئۇنىڭ تويىنى قىلىپ قويغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ناماز بامداتتىن بۇرۇن ئاخى- رەتكە سەپەر قىلدى. كوچىمىز ئابرۇيلۇق ئىمامىدىن ئايرىلدى. ئا- قىل، مېھرىبان، دۇئاگۆي ئاتىسىدىن ئايرىلدى. بىز ئەھلى جامائەت يارامىلىق بىر ئىمامغا موھتاج ئىدۇق. مەرھۇم ئىمامىمىزنىڭ قوشكې- زەك ئوغۇللىرىغا تىكىلدۇق. ھەر ئىككىسى بىلىملىك، خۇشپېئىل، ئەخلاق - پەزىلەتلىك ئەھلى سودىگەر يىگىتلەر ئىدى. قايسىسىنى تاللاش كېرەك؟ قائىدە - يوسۇن بويىچە بىز ئاكىسىنى تاللىدۇق. شەرىئەت مەھكىمىسىنىڭ تەستىق مۆھۈرىنىمۇ ئالدۇق. ھەممىمىز خاتىرجەم بولدۇق، بۇرۇنقىدەكلا بىر مەسچىتكە جەم بولدۇق.

خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن بۇ قوشكېزەكلەرنىڭ رەپىقىلىرىمۇ قوشكېزەك ئاچا ـ سىڭىللار ئىكەن. ئاچىسى ئالتۇنخېنىم بۇرۇن ياتلىق قىلىنىپ ھۇسەيىن قارىمنىڭ، سىڭلىسى تىللاخېنىم كېيىن ياتلىق قىلىنىپ ھەسەن قارىمنىڭ نىكاھىغا ئۆتۈپتۇ. خوتۇنلىرىمىز-نىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇلار چۆچەكلەردە تەسۋىرلىنىدىغان ھەرقان-داق ساھىبجامالاردىن گۈزەل، جەننەت ھۆرلىرىدىنمۇ چىرايلىق ئى-كەن. ھۆسن ـ جامالدا كامالەتكە يەتكەن، باي، دۆلەتمەن قوشكېزەك يىگىتلەر بىلەن تەڭداشسىز گۈزەل قوشكېزەك پەرىزاتلار كوچىمىز-نىڭ ئابرۇيى، شان ـ شەرىپى ئىدى. بىز ئۇلار بىلەن پەخىرلىنەت-تۇق، ماختىناتتۇق. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ قان ـ قېرىنداش قوشكېزەك-لەرگە كۆز تەگدى، كوچىمىزغا كۆز تەگدى! بىرلىك ـ ئىناقلىق ئاپتىپى بىلەن يورۇپ، ئىنسانىي مېھىر ـ مۇھەببەت ھارارىتى بىلەن ئىللىپ تۇرىدىغان «ئايكوچا»مىز نائىناقلىق ئىس ـ تۈتەكلىرى ئاس-تىدا ئۆچ ـ ئاداۋەت جۇدۇنلىرى كېزىپ يۈرگەن قاراڭغۇ، سوغۇق «قوش مەسچىت كوچىسى»غا ئايلىنىپ قالدى!

ۋالىي، ھاكىم، بەگ قاتارلىق چوڭ ئەمەلدارلار؛ قازىئاخۇنۇم، مۇدەررىسئاخۇنۇم ئۇنۋانلىق كاتتا زاتلار ياكى ئاتاقلىق بايلار بولمىغان مەھەللىلەردىكى توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يىتىم، نەزىر ـ چىراغلار-نىڭ ھەممىسىدە شۇ مەھەللىنىڭ ئىمامىنى تۆرگە باشلاش ئاتام زاماند-ىدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قائىدە ـ يوسۇن. بىزمۇ ھەسەن ئىمامنى تۆرگە باشلايتتۇق، ئىنىسى ھۇسەيىن قارىم ئۇنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالاتتى. خوتۇن خەقلەرنىڭ ئولتۇرۇشىدا ئەھۋال باشقىچە بوپتۇ. ئالتۇنخېنىم: «مەن ئاچا، سېنىڭ يۇقىرى تەرىپىڭدە ئولتۇرۇشۇم كېرەك» دېسە، تىللاخېنىم: «مەن ئاكىنىڭ رەپىقىسى، ئىمامنىڭ رەپىقىسى، ئۆينىڭ تۆرى مېنىڭ!» دەيدىكەن. بۇلارنىڭ تالاش ـ تارتىش، جېدەل ـ ماجىرالىرى تۇپەيلىدىن ھەرقانداق توي ھازىغا ئايلىنىدىغان بولدى. بىز — ئەھلى جامائەت ئاكا ـ ئۇكا

قوشكېزەكلەرگە مۇراجىئەت قىلدۇق .

— ئىككى خېنىم ئوتتۇرىسىدىكى ئاغرىق ـ ئاداۋەتنىڭ ئاقىۋىتىدىن تەشۋىشلەنمەكتىمىز . قان ـ قېرىنداشلىق رىشتىنى يېڭىۋاشتىن تۇتاشتۇرۇپ ، ئۇلارنى ئىناق ، بىزنى خاتىرجەم قىلىشقايلا .

ئاڭلىساق ، ئاكا ـ ئۇكىلار مۇنداق پۈتۈشۈپتۇ : «ئەر جامائەت سورۇنلىرىنىڭ ھەرقانداقىدا يۇقىرى ئورۇن ئاكىغا ، مەزلۇم خەقلەر سورۇنلىرىنىڭ ھەرقانداقىدا يۇقىرى ئورۇن ئاچىغا مەنسۇپ !»

— مەن ئاكىنىڭ رەپىقىسى ، ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ رەپىقىسى ، — دەپ تەكرارلاپتۇ تىللاخېنىم ، — يۇقىرى ئورۇن ، مەرتىۋە مېنىڭ !

— مەن ئاچا ، — دېگەن سۆزىدە چىڭ تۇرۇپتۇ ئالتۇنخېنىم ، — ئورنۇمنى تارتىۋېلىشقا ھەرگىز يول قويمايمەن !

ئاكا ـ ئۇكىلار ئۆز خوتۇنلىرىنى تولىمۇ قەدىرلەيدىكەن ، ئەتىۋارلايدىكەن . ئۇلار خوتۇنلىرىنى قايىل قىلالماپتۇ . زىددىيەت ئۆتكۈرلىشىۋېرىپتۇ . مەسچىتنىڭ بېقىنىدىكى ئۆيدە توي بولغان كۈنى بۇ ئاچا ـ سىڭىللار يەنە تۆر تالىشىپ قاپتۇ . تۈرلۈك نازۇ نېمەت ، شېرىنلىكلەر بىلەن تولغان داستىخان ئۈستىگە بىر ـ بىرىنى بېسىشىپ ، يۈز ـ كۆزلىرىنى تاتىلاپ ، چاچلىرىنى يۇلۇشۇپتۇ . تىل ـ ئاھانەت ، يىغا ـ زار ، قىيا ـ چىيا كوچىنى بىر ئاپتۇ . مەسچىتكە كىرىۋېتىپ ، خوتۇنىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالغان ئىمام ئاخۇنۇم ئىختىيارسىز ھالدا بۇ يەرگە كىرىپ قاپتۇ . قارىسا ، باش ـ كۆزلىرى قىممەت باھالىق يىپەك رومال ئىچىدە قالغان ئىككى ئايال بىر ـ بىرىنىڭ چېچىنى مەھكەم سىقىملاشقان ھالدا پومداقلىشىۋاتقۇدەك . ئۇلارنىڭ بوي ـ تۇرقى ئوخشاش بولۇپلا قالماستىن ، بەس ـ بەس بىلەن كىيىشىۋالغان كىيىملىرىمۇ ئوخشاش ئىكەن .

— تۇر ئورنۇڭدىن ! — دەپ گەجگىسىدىن يۇلۇۋاپتۇ ئىمام ئاخۇنۇم ، — ھۇ ، بىنومۇس ئالۋاستى ! — شۇ سۆز بىلەن بىر كاچات ساپتۇ .

— ھا — ھا — ھا!... ، — گۆلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ تىللاخېنىم ، — تۆر تالاشقىنىڭغا تويە ، بىنومۇس ئالۋاستى!

ئالتۇنخېنىم ئاغزىنى سىلىغانىكەن ، ئاپئاق ئالىقىنى قىپقىزىل قانغا بويىلىپتۇ . ئۆز ئۆمرىدە مەرھۇم ئاتا - ئانىسىدىن ياكى ئېرىدىن ئازار يەپ باقمىغان خېنىم بۇ ئىزا - كۆلپەتكە بەرداشلىق بېرەلمەپتۇ - دە :

— ھۇ ، خوتۇنىنىڭ تامبىلىغا سەجدە قىلىدىغان مۇناپىق! — دېگىنىچە ، بىر پىيالە رىشالىنى[1] قەھر - غەزەپ بىلەن ئېتىپتۇ . ئىمامنىڭ قاڭشىرى يېرىلىپتۇ . يۈز - كۆزلىرى ئاپئاق رىشالە بىلەن قىپقىزىل قان ئارىلاشمىسىغا كۆمۈلۈپتۇ .

كۇنلەر - تۇنلەر ئاغرىق - ئاداۋەت ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى . نائىناقلىق ئۇششۇكى قوشكېزەك ئاكا - ئۇكىلار يۈرىكىدىكى قان - قېرىنداشلىق ھارارىتىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋېلىش خەۋپى قاش - كىرپىك ئارىلىقىدا تۇراتتى . بىز بۇلارنى ئەپلەشتۈرۈش - ياراشتۇرۇش يولىغا قەدەم قويدۇق .

— خوتۇنىنى تالاق قىلىۋەتسۇن! — دەپ شەرت قويدى ئاكىسى ، — شۇ چاغدىلا مەن ئۇ ئالۋاستىنىڭ ماڭا قىلغان ھاقارىتىنى ئەستىن چىقىرىمەن . ئۇكامنى بۇرۇنقىدەكلا قەدىرلەيمەن .

— خوتۇنىنى ئۈچ تالاق قىلىۋەتمىگۈچە ، — دېگەن شەرتنى قويدى ئۇكىسى ، — مەن ئۇنىڭ خوتۇنۇمنى ھاقارەت قىلغان ، ئۇرۇپ بىر تال ئېزىق چىشىنى سۇندۇرۇۋەتكەن گۇناھىدىن كېچەلمەيمەن!

ياراشتۇرۇش يولىدا تاشلانغان قەدەم ، سىڭدۇرۇلگەن ئەجىرلەر

① رىشالە — شېكەر بىلەن تۇخۇم ئېقىنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ياسالغان رەڭگى ئاق بىر خىل قويۇق يېمەكلىك .



زايە كەتتى. پىتنە ـ پاسات كۆپەيدى، زىددىيەت كۈنسېرى چوڭقۇر-
لاشتى. ئىناق قوشنا ـ ھەقەمسايىلەرمۇ چەك ـ چېكى كۆرۈنمەس
تالاش ـ تارتىش چۆلىدە قۇيۇندەك پىرقىراشقا باشلىدى. بىر قىسىملار
ئالتۇنخېنىمنىڭ، بىر قىسىملار تىللاخېنىمنىڭ تەرىپىنى ئالدى. ھەر
كىم ئۆزى ھىمايە قىلغان تەرەپنىڭكىنى توغرا دېدى. پىتنە ـ پاسات
ئارقىلىق جان باقىدىغان ناجىنس، نائەھلىلەرمۇ چىقىپ قالدى. ئۇلار
ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللار ئوتتۇرىسىدا كېچە ـ كۈندۈز گەپ
توشۇپ، ئوت ئۈستىگە ياغ چېچىشتى. بەزىلەر ھۆسەيىن قارىنىڭ
ھۇجرىسىغا خۇپىيانە كىرىپ: «سىلى ئاكىلىرىدىن چوڭ، سىمىز

تۇغۇلغان ، باشلىرىمۇ ئاكىلىرىنىڭكىدىن يوغانراق ئىدى . ئاكا بولۇش-
قا ھەسەن قارىم ئەمەس ، دەل ئۆزلىرى مۇناسىپ » دەپ قۇتۇراتقۇلۇق
قىلسا ، تىللاخېنىمنىڭ يېنىغا ئوغرىلىقچە كىرىپ : «بۇرۇن تۇغۇلغى-
نى ئاچىلىرى ئەمەس ، دەل ئۆزلىرى ئىكەنلا ، كىنىدىك ئانا بىر كېچە-
كۈندۈز كىرىپىك قاقماي تەۋەللۇت ئۈستىدە تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۈيقۇ-
سىزلىق ئىچىدە گاڭگىراپ قېلىپ ، ئىككىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ قويى-
غانىكەن » دەپ ئوت قۇيرۇقلۇق قىپتۇ . بەزىلەر ئالتۇنخېنىمغا ئەقىل
ئۆگىتىپتۇ : «ئەرلىرى ھۇسەيىن قارىم سودىگەرچىلىك قىلىمەن دەپ
يول ئازابى — گۆر ئازابى تارتسا ، سىلى ئۆزلىرى تەنھالىق ، تەشنالىق
دەردىنى تارتىتىلا . ھەسەن قارىم بولسا ، شەھەردىن چىقماي تىجارەت
قىلىپ ، مۇشەققەتسىز ھالاۋەت كۆرىدۇ ، توي- تۆكۈن ، ئۆلۈم -
يېتىم ، نەزىر - چىراغلاردىن كېلىدىغان تاپاۋەتمۇ ئاز ئەمەس . ۋەخپى-
لەرنىڭ كىرىمىچۇ تېخى ! قۇربان ھېيتتا پۈتۈن كوچىمىزدا قۇربانلىق
قىلىنغان قويلارنىڭ تېرە - ئۈچەي ، كاللا - پاقالچاقلىرى شۇ ئۆيگە
قاراپ ئاقىدۇ . تىللاخاننى يوغىناتقان ئاشۇ پايدا - تاپاۋەت ئەمەسمۇ ؟
ئەرلىرى ھۇسەيىن قارىمۇ ئەھلى ئىلىم ، قارىي قۇرئان كىشى .
ھەرقانداق جامە ئىماملىقىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ . ئاكىسىدىن
ئوبدانراق قۇرئان تىلاۋەت قىلالايدۇ ، تەپسىر ئېيتالايدۇ . ئاكىسى
بىلەن چىرايلىقچە پۈتۈشۈپ نۆۋەت بىلەن ئىماملىق قىلسا بولمامدۇ ؟
ئاكىسى بىر ئاي ئىمام بولسا ، ئۇكىسى بىر ئاي ، بۇ يىل ئاكىسى
ئىمام بولسا ، كېلەر يىل ئۇكىسى… »

بۇ مەسلىھەت ئالتۇنخېنىمغا يېقىپ قاپتۇ ، ئېرىنىمۇ قايىل قىپ-
تۇ . شۇنىڭ بىلەن ئىماملىق دەۋاسى باشلاندى . بىر قىسىملار ھۇسە-
يىن قارىمنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ مەھكىمە شەرئىيگە بارسا ، بىر
قىسىملار ھەسەن قارىمنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىمام بولۇشىنى تەلەپ قىلىپ
بېرىشتى . ھەر تەرەپ ئۆزى ھىمايە قىلغان كىشىنىڭ خىسلەت -
پەزىلەتلىرىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ ، ئۆزى رەت قىلغان كىشىنىڭ

ئېۋەن ـ نۇقسانلىرىنى كۆپتۈرۈشتى . شەرىئەت بۇ دەۋانى ھەل قىلىش-
قا چارىسىز قالدى . دوتەي ـ ئامباللارمۇ ئامال قىلالمىدى ، ئۆز
قوللىغۇچىلىرىنىڭ تەلىپى ۋە ئالتۇنخېنىمنىڭ تەقەززاسى بويىچە ،
ھۇسەيىن قارىم ئاخىر ئۈرۈمچىگە راۋان بولدى . بۇنىڭدىن خەۋەر
تاپقان ھەسەن قارىممۇ دەرھال ئاتلىنىپ ، ھۇسەيىن قارىمدىن بىر
كۈن كېيىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ بېرىپتۇ . بۇ — نىقابلىق يالماۋۇز
ياڭ جاڭجۈننىڭ① قۇمۇل خەلق قوزغىلىڭىنىڭ مەشھۇر سەركەردىسى
تۆمۈر خەلىپىنى قەتل قىلغان كۈننىڭ ئەتىسى ئىكەن . ئۇ غەربىي
دىيار خەلقىنى مەڭگۈ مەھكۇملۇقتا قالدۇرۇشنىڭ چارە ـ تەدبىرى
ھەققىدە قالتىس بىر كىتاب يېزىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقانىكەن .

ھۇسەيىن قارىم دەل مۇشۇنداق پەيتتە ياڭ جاڭجۈننىڭ ئالدىغا
كىرىپتۇ . جاڭجۈن ھۇسەيىن قارىم ئىنئام قىلغان 100 دانە تىللانى
ئاپتۇ ، ئەرزىگە قۇلاق سېپتۇ ۋە خىيال سۈرۈپ قاپتۇ . شۇ ئەسنادا
ھەسەن قارىممۇ كىرىپ كەپتۇ ـ دە ، 100 دانە تىللانى ئالدىغا قويۇپ-
تۇ ، ئەرزىنى بايان ئەيلەپ ئاھ ئۇرۇپتۇ . جاۋاب كۈتۈپ قول باغلاپ
تۇرۇپتۇ .

— ئويلىشىپ باقاي ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ جاڭجۈن .

ئاكا ـ ئۇكىلار بىر ـ بىرىگە تويدۇرماستىن ئۇقۇشۇپ ـ سۈ-
رۈشتۈرۈپ يۈرۈپ «ئويلىشىپ باقاي» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلى-
ۋاپتۇ . ئاكىسى 120 تىللا ئىنئام قىلغان بولسا ، ئۇكىسى 150 ، 200
نى ئىنئام قىلىۋېرىپتۇ . ھەسەن قارىم ئاكىلىق ئورنى تۈپەيلىدىن بۇ
دەۋادا ئۇتىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ كېتىپ ، ئىنئام يوللاشتا ھۇسەيىن
قارىمغا يېتىشەلمىگەن بولسا كېرەك ، شۇڭلاشقا ياڭ جاڭجۈن :

— سەنمۇ مەسچىت سال ، ئىمام بول ! — دەپ بۇيرۇپتۇ ھۇسە-
يىن قارىمغا ، — سېنىڭ قوللىغۇچىلىرىڭنىڭ ئەجدادى تەرىپىدىن

---

① ياڭ جاڭجۈن — ياڭ زېڭشىننى كۆرسىتىدۇ — ت .

مەسچىتكە ۋەخپە قىلىنغان دۇكان ـ ساراي ، يەر ـ زېمىنلارغا سەن ئىگىدارچىلىق قىل ! ھەسەن قارىمغىمۇ مۇنداق دەپتۇ :

— ئەسلىدىكى مەسچىتكە ئىمام بولۇۋەر . سېنىڭ قوللىغۇچىلىرىڭنىڭ ئەجدادى تەرىپىدىن مەسچىتكە ۋەخپە قىلىنغان دۇكان ـ ساراي ، يەر ـ زېمىنلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىۋەر !

دەۋادا ئۇتقان ، غەلىبە خۇشاللىقىغا چۆمۈلگەن ھۆسەيىن قارىم ئۆز ئىچىدە مۇنداق قارارغا كەپتۇ : شۇنداق بىر جامە سالدۇرايكى ، نامىم ئەلگە تارالسۇن ، شۆھرىتىم كۆككە يەتسۇن . كونا مەسچىت بويۇن قىسىپ بىر چەتتە قالسۇن !...

ھەسەن قارىم بۇنى بىلىۋالغاندەكلا سوراپتۇ :

— جاڭجۇن ئالىيلىرى ، قۇرۇلغۇسى مەسچىتنىڭ يەر كۆلىمى ، شەكىل ـ نۇسخىسى ...

— كونا مەسچىت بىلەن ئوپئوخشاش ، — دەپ جاكارلاپتۇ جاڭجۇن ، — بىرقەدەم كەڭ ـ تار ، بىر غېرىچ ئېگىز ـ پەس بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ . گۈل ـ نەقىشلىرىدىن تارتىپ ، سىر ـ بوياقلىرىغىچە ئوپئوخشاش بولۇشى كېرەك !...

بىلدىڭمۇ ، ئوغلۇم ، «قوش مەسچىت» نىڭ تارىخى ئەنە شۇ ! ئايدەك يورۇق ، باھاردەك ئىللىق كوچىمىزنىڭ تۇماندەك تۇتۇق ، جۇدۇن پەسلىدەك سوغۇق كوچىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبى ئەنە شۇ !

3

جېنىم بوۋا ، ئاخىرەتكە سەپەر قىلغىنىڭغا چارەك ئەسىر بولغان بۈگۈنكى كۈندە ، مەن ئايرىلغىنىمغا شۇنچە يىللار بولغان يۇرتۇمغا قاراپ كېتىۋاتىمەن ، نۇرانە چېھرىڭ ۋە ئوتلۇق نەپەسلىرىڭ بىلەن ئىللىتىپ تۇرىدىغان كوچامغا قاراپ كېتىۋاتىمەن . يېقىنلاشقانسېرى سېغىنىش ـ ئىنتىزارلىق ئوتلىرىم لاۋۇلدىماقتا ، تەشۋىش ـ ئەندى-

شىلىرىم كوچىيمەكتە : ئاھ ، مېنىڭ كوچام ، قانلىق تارىخىي سەرگۈزەشتىلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ھەسرەت - نادامەتلىك كوچام ! تىنچ ، ئىتتىپاقلىق باھارىنىڭ ئارامبەخش ئاپتىپىدا يورۇپ ئىللىغانسەنمۇ ياكى ئۆز ھالىتىڭچە تۇرۇۋېرگەنسەنمۇ؟ سۈبھى - سەھەر ۋاقتىدا قارىمۇقارشى ئىككى دەرۋازىدىن تەڭ چىققان ئىككى مۇسۇلمانىنىڭ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام»نى بەجا كەلتۈرۈپ ، بىر مەسچىتتىكە قاراپ دوستانە قەدەم تاشلاۋاتقانلىقىنى كۆرەرمەنمۇ ياكى ئەينى زامانلاردىكىدەك «مەن ئورۇق ، ئۇ سېمىز» دەپ بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىۋاتقان نادانلارنىمۇ؟ ھۆرمەتلىك يېڭى ئىمامىمىز بىر مەسچىتتىكە جەم بولغان ئەھلى - جامائەتتىن : «ئىنساننىڭ خار ۋە زەبۇن بولۇشىغا[1] سەۋەب نېمىدۇر؟» دەپ سورىسا ، پۈتۈن جامائەت : «ئىككى نەرسىدۇر : بىرى ، جاھىللىق ۋە نادانلىق ؛ ئىككىنچىسى ، تەپرىق[2] ۋە ئىختىلاپتۇر» دەپ جاۋاب بەرسە ؛ «ئىززەت-ئابرۇي ، قۇۋۋەت نېمە بىلەن بولۇر؟» دېگەن ھامان : «بىلىم - مەرىپەت ، ئىتتىپاقلىق بىلەن بولۇر»[3] دەپ يەكدىللىق بىلەن جاۋاب بەرسە ، خۇشاللىقتىن يۈرەكلىرىم يېرىلىپ كەتمەسمىدى؟ سېنىڭچۇ ، بوۋا؟ بوش ، بىكار قالغان يەنە بىر مەسچىتنىڭ كۆز گۆھەرلىرىمىز ، ئۈمىد يۇلتۇزلىرىمىز ئۈچۈن ئارامبەخش باغچە ، يەسلى قىلىپ بېرىلگەنلىكىنى كۆرسەمچۇ؟ ئۇ چاغدا مەن غەمكىن قەبرەڭنى مەھكەم قۇچاقلاپ ، بار ئاۋازىم بىلەن خىتاب قىلماسمىدىم :

— بوۋا ، جېنىم بوۋا ، خاتىرجەم بول ، ئارزۇ - مۇرادىڭ گۈل-چېچەك ئاچتى !

1985 - يىل ، قەشقەر .

---

① زەبۇن بولۇش — زاۋاللىققا يۈز تۇتماق ، ۋەيران بولماق ، خارابلاشماق .
② تەپرىق — تەپرىقە ، بۆلۈنۈش ، پارچىلىنىش ، ئىتتىپاقسىزلىق ، ئاداۋەت ، مەزھەبچىلىك .
③ بۇ سوئال - جاۋابلار مەشھۇر جەدىتىزمچى ئالىم ئابدۇقادىر داموللام (1862 — 1924) نىڭ «ئاقائىد زۆرۈرىيە» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى .

## مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . ھېكايىدىكى ئاچا ـ سىڭىل ئاكا ـ ئۇكىغا ئالمىشىپ نىكاھ-لانمىغان بولسا «ئايكوچا» يەنىلا «قوش مەسچىت كوچىسى» دەپ ئاتى-لىدىغان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىشى مۇمكىنمىدى؟

2 . ھېكايىدىكى «مەن» نىڭ بوۋىسى «قوش مەسچىت كوچىسى» دا ئولتۇرۇشلۇق كىشى. سىلەرنىڭچە، بۇ بوۋاي قايسى مەسچىتنىڭ جامائىتىگە تەۋە بولۇشى مۇمكىن؟ يازغۇچى بۇ نۇقتىنى نېمە ئۈچۈن يازمىغان؟ سىزنىڭچە، ئۇنتۇپ قالغانمىدۇ؟

3 . ئىككىنچى بۆلەكتىكى «ياراشتۇرۇش يولىدا تاشلانغان قە-دەم، سىڭدۇرۇلگەن ئەجىرلەر زايە كەتتى» دېگەن يەردىن «بۇ مەسىلە-ھەت ئالتۇنخېنىمغىمۇ يېقىپ قاپتۇ» دېگەن يەرگىچە بولغان ئارىلىقتى-كى بايانلارنى روللارغا بۆلۈنۈپ ئوبراز يارىتىپ ئوقۇپ بېقىڭلار.

4 . ياڭ جاڭجۇن نېمە ئۈچۈن «بىر قەدەم كەڭ ـ تار، بىر غېرىچ ئېگىز ـ پەس بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. گۈل ـ نەقىشلىرىدىن تارتىپ، سىر ـ بوياقلىرىغىچە كونا مەسچىت بىلەن ئوپئوخشاش بولۇشى كېرەك!...» دەپ جاكارلايدۇ؟ بۇنىڭدىن ياڭ زىڭشىننىڭ قانداق غەرىزىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ؟

5 . تېكىستتىن جۈملە بىلەن گراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەرنىڭ ھەربىرىگە ئىككىدىن مىسال تېپىڭ ۋە ئۇلارنىڭ جۈملىدى-كى رولىنى چۈشەندۈرۈڭ.

# 10 . ھاياتلىق بىلەن تىنچلىق بىر - بىرىگە ئاشىق[1]

## تيې نىڭ

خالىغان بىر جوڭگولۇقنىڭ ئالدىدا يەھۇدىي[2] لارنى تىلغا ئالسا، گىزلا ، ئىشىنىمەنكى ، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىغا تۇنجى بولۇپ ناتسىست[3] ۋەھشىيلىكى ۋە بىزگە تونۇش ئاشۇ كىنولار — «سوفىيىنىڭ تاللىشى» ، «شىندىلېر تىزىملىكى» ... كېلىدۇ . كىنو بىزنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئاشۇ بىر بۆلۈك پاجىئەلىك تارىخى بىلەن بولغان ئارىلىقىمىزنى رەھىمسىزلەرچە قىسقارتىپ ، روھىيىتىمىزدە تۇيۇقسىز بېسىم پەيدا قىلىدۇ ؛ بىراق ، كىنونىڭ ئاشۇ تارىخنى بىلىشىمىزگە ياردەم بەرگەنلىكىگە تەشەككۇر ئېيتىشىمىز كېرەك . «زىيانكەشلىك قىلىش» ، «قىرغىن قىلىش» ئۆتمۈشى بۈگۈنكى كۈندە بىزدىن ، شۇنداقلا يەھۇدىيلار — بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ياش بىر ئەۋلادتىن يىراقلىشىپ ، ئۇلارنىڭ خاتىرىسىدە جاراھەت ئىزى بولۇپلا قالدى . دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ نۇرغۇن جەھەتتىكى ئاجايىپ نەتىجىلىرى ئارقىلىق ، مۇشۇ مىللەتنىڭ

---

① «تيې نىڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما . ئۆزگىرىش» (يازغۇچىلار نەشرىياتى 1997 - يىل نەشرى) تىن قىسقارتىپ ئېلىندى . تيې نىڭ بۈگۈنكى زامان ئايال يازغۇچىسى .

② يەھۇدىي — قەدىمكى زاماندا پەلەستىندە توپلىشىپ ياشىغان خەلق ، ئۇلار تارىختا ئىسرائىلىيە ۋە يەھۇدىي پادىشاھلىقىنى قۇرغان ، بۇ پادىشاھلىق كېيىن رىملىقلار تەرىپىدىن يوقىتىلغان ، ئاھالىسى پۈتۈنلەي سىرتقا كۆچۈپ ، ياۋروپا ، ئامېرىكا قىتئەسى ، غەربىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقا قاتارلىق جايلاردا تارقاقلىشىپ ئولتۇراقلاشقان . 1948 - يىلى قىسمەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىرغىقى (پەلەستىننىڭ قىسمەن رايونى)دا ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى قۇرغان .

③ ناتسىست — 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن گېرمانىيىدە قۇرۇلغان دۆلەت سوتسىيالىستلار پارتىيىسى ، گىتلېر باشچىلىقىدىكى ئەڭ ئەكسىيەتچىل فاشىستىك سىياسىي پارتىيە .

ئۇرغۇپ تۇرغان غايەت زور ئىجادچانلىقىنى ئىسپاتلىدى. داۋىد فىر-ىرستون مەن تونۇيدىغان ئامېرىكىلىق يەھۇدىي ياش، بۇ يىگىت ھازىر بېيجىڭدا ئامېرىكا - جۇڭگو مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

مەن داۋىد بىلەن ئۇ مېنىڭ بىر پارچە رومانىمنى ئوقۇغانلىقى سەۋەبىدىن تونۇشۇپ قالغانىدىم، ئۇنىڭغا جۇڭگو ئەدەبىياتىدىن كونس-ۇلتاتسىيە قىلىپ بېرىدىغان مۇئەللىم ماڭا داۋىدقا مۇشۇ رومانىنى ئوقۇتۇش ئارقىلىق، ئۇنىڭ جۇڭگو ئەدەبىياتى سەۋىيىسىنى ئۆستۈر-مەكچى بولغانلىقىنى، بىراق ئۆزىنىڭ داۋىدقا كونسۇلتاتسىيە قىلىپ بېرىش ئىقتىدارىدىن قالغانلىقىنى، چۈنكى داۋىدنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى رومانلارنى ئوقۇش سەۋىيىسىنىڭ كونسۇلتاتسىيە قىلمىسىمۇ بولىدى-غان سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى، بۇ يىگىتنىڭ خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشكە سەرپ قىلغان بارلىق ۋاقتىنىڭ تۆت يىلدىن ئاشمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

داۋىد كەلدى. ئۇ قېنىق قوڭۇر چاچلىق، چاقچان، چېچەن كۆرۈنىدىغان ياش ئىدى، چىرايىدىن تولىمۇ ئاق كۆڭۈللۈكى ۋە غەمسىزلىكى چىقىپ تۇراتتى، مېنىڭ ئۇنى بۇنداق دېيىشىم ئۇنىڭدا ئاق كۆڭۈللۈك ۋە غەمسىزلىك بولغاندىن باشقا، يەنە قورداشلىرىدىن ئارتىپ كېتىدىغان تەمكىنلىك ۋە يېتىلگەنلىك ئالامەتلىرى بار ئىدى. داۋىد پۇتۇڭخۇادا تەبىئىي ھەم راۋان سۆزلەيتتى. تەلەپپۇزى بەكمۇ توغرا ھەم بىمالال ئىدى، ئىشلەتكەن سۆزلىرىمۇ ئىنتايىن جايىدا ئىدى، ئۇنىڭ سۆزلىگەن خەنزۇچىسىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىغان ئادەم تاڭ قالماي قالمايتتى. ئۇ ئالدىڭىزدا ئولتۇرۇپ سىز بىلەن دادىل ھەم كەڭ - كۇشادە سۆزلىشەتتى، سىز ئالدىڭىزدىكى ئادەمنىڭ ئامېرىكىلىق ئىكەنلىكى، بىراق بۇ ئادەمنىڭ جۇڭگونىڭ دىكتورلىرى-دەك ئۆلچەملىك سۆزلەۋاتقانلىقىغا قايىل بولماي تۇرالمايسىز — ئەگەر دىكتورنىڭ ئۆلچىمىدىن سەل يىراقراق دەپ قارىسىڭىز، بۇ داۋىدنىڭ خەنزۇچە سۆز - جۈملىلىرىنىڭ دىكتورنىڭكىگە قارىغاندا

بەكرەك تۇرمۇشقا يېقىن بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى ئىدى.

يېقىندا داۋىد ئامېرىكا گوۋۇيۇەنىنىڭ بىر قېتىملىق خەنزۇ تىلى
سەۋىيە ئىمتىھانىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتناشتى، بۇ قىيىنلىق
دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى ئىمتىھان بولۇپ، خېلى ئوقۇمۇشلۇق
خەنزۇشۇناسلارمۇ ئۇنىڭدىن تەستە ئۆتەلەيتتى. ئىمتىھان بەش دەرى-
جىگە ئايرىلاتتى. بەشىنچى دەرىجە ئەڭ يۇقىرى دەرىجە بولۇپ، ئۆل-
چىمى بەش نومۇر ئىدى. ئامېرىكىدا جۇڭگولۇقنىڭ ئەۋلادىدىن بولمى-
غانلارنىڭ بىرىمۇ تېخى بۇ نومۇرغا ئېرىشەلمىگەنىدى، ئىمتىھان ئال-
غۇچى ئاساسلىق «ئاپپارات» بۇ نومۇر چېكىنى خۇددى ئامېرىكىلىقلار
مەڭگۈ بۇ دەرىجىگە يېتەلمىسۇن دېگەندەك تەسىس قىلغانىدى. داۋىد-
نىڭ نەتىجىسى ئىمتىھان ئالغۇچىلارنى ھەيران ـ ھەس قالدۇردى،
ئۇ ئوقۇشتا 4 نومۇر، ئېغىز تىلىدا 4+ ئالغانىدى. مۇشۇنداق يۇقىرى
نومۇرغا ئېرىشكەن ئامېرىكىلىق ھازىرغىچە ئىككى ئادەم بولۇپ،
داۋىد فېرىستون ئۇلارنىڭ بىرى ئىدى.

داۋىد خەنزۇچىدىن باشقا، يەنە ياپون تىلى، ئىسپان تىلى، گرېك
تىلى ھەمدە يەھۇدىي مىللىتىنىڭ قەدىمىي ھەم گۈزەل ئىبراي تىلىنى
بىلەتتى. ئۇنىڭدا تىلغا جەڭ ئېلان قىلىدىغان تۇغما قابىلىيەت باردەك
ھەم ئۇ ھەرقانداق قىيىن تىلنى ئىگىلەيدىغان پەۋقۇلئاددە ئىستېداتقا
ئىگىدەك قىلاتتى.

تىلغا ئالاھىدە سەزگۈر، بارلىق شەيئىلەرگە ئوتتەك قىزىقىدى-
غان، تېخى 28 ياشقا تولمىغان بۇ ياش قانداق قىلىپ ئىنتىلگىنىگە
يەتمىگۈچە بوشاشمايدىغان جاسارەت ۋە ئىقتىدارنى ھازىرلىدى؟ بۇنىڭ
ئۈچۈن تولۇپ تاشقان زېھنىي قۇۋۋەت ۋە باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدى-
غان ئەقىل ـ پاراسەت بولۇشى كېرەك. مۇشۇلار ئۈستىدە مۇھاكىمە
قىلماقچى بولغىنىڭىزدا تەبىئىيكى، ئالدى بىلەن ئەقىل ـ پاراسەتكە
تولغان يەھۇدىي مىللىتىنىڭ بارلىق ئىنسانىيەتكە مەنسۇپ ئاشۇ مەش-

ھۆر شەخسلىرىنى — ماركس، ئېينىشتېين، فروئىد، [1] كافكا[2]… لارنى ئېسىڭىزگە ئالىسىز. ئامېرىكىدا يەھۇدىي ئەۋلادىدىن بولغان پروفېسسورلار پۈتۈن ئامېرىكىدىكى ئۇنىۋېرسىتېت پروفېسسورلىرىنىڭ 47% نى ئىگىلەيدۇ، ھازىر گېرمانىيىدە ئولتۇراقلاشقان ئامېرىكىلىق مەشھۇر ئالىم دوگلاس ستىفونسون مۇنداق دېگەنىدى: «ئامېرىكا يەھۇدىيلارنىڭ كۆچۈپ كېلىشى بىلەن مۇكەممەللەشتى. يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ئامېرىكا مەدەنىيىتى، مائارىپى ۋە ئىلىم - پېنىگە تەقدىم قىلدى».

4000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە، «ئىنجىل»[3] ئاپىرىدە بولغان جايدا بارلىققا كەلگەن بۇ مىللەتنى دۈشمەنلىرى نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان قوغلاپ يۈرگەچكە سەرسان بولۇپ ماكانسىز قالغان. بىراق، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن يوقىلىشىنىڭ غايەت زور تەھدىتى ئاستىدا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان يەھۇدىيلار ئۆز مىللىتىنىڭ دىنى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرىنى قوغداشتىن ئەسلا ۋاز كەچمىگەن. بۇ يىل باش يازدا، مەن ئامېرىكىدا ئوكلاخوما شەھىرىدىكى يەھۇدىيلار چېركاۋىنى زىيارەت قىلدىم، چېركاۋنىڭ رابىي[4]سى ماڭا ئېپتىخار بىلەن: «سىزگە مەلۇم، ئىنسانىيەت ئىچىدە ئىككىلا مىللەت ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تىلىنى تولۇق ساقلاپ قالالىدى، ئۇلار يەھۇدىيلار ۋە جۇڭگولۇقلار» دېدى.

مەن تۇيۇقسىز كەيپىنىڭ بىلەن شاڭخەيىنى ئەسكە ئالدىم. بۇ ئىككى شەھەر ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋردە زىيانكەشلىكتىن ئۆزىنى

---

① فروئىد (1856—1939) — ئاۋستىرىيىلىك پسىخىك، روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرى، روھىي تەھلىلشۇناسلىق ئېقىمىنىڭ ئاساسچىسى.

② كافكا (1883—1924) — ئاۋستىرىيىلىك يازغۇچى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە.

③ «ئىنجىل» — خرىستىئان دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى، ئۇ «تەۋرات» ۋە «يېڭى ئەھدى»نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «تەۋرات» ئەسلىيدە يەھۇدىي دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولۇپ، دۇنيا ۋە ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى ھەمدە ئەھكام، دىنىي ئەقىدە، ھېكمەت قاتارلىقلارنى بايان قىلىدۇ. «يېڭى ئەھدى»دا ئىسانىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى، خرىستىئان دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى تەرەققىيات ئەھۋالى قاتارلىقلار سۆزلىنىدۇ.

④ رابىي — ئىبراي تىلىدىكى rabbi نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى، «ئۇستاز»، «ئەپەندى» دېگەن مەنىدە، كېيىن يەھۇدىي دىنىدا دىنىي قائىدە - قانۇنلارنى ئىجرا قىلىشقا مەسئۇللارنى ھەمدە دىنىي مۇراسىمغا رىياسەتچىلىك قىلىدىغانلارنى كۆرسىتىدىغان بولدى.

قاچۇرغان يەھۇدىيلارنى دوستانە ھەم خالىس قوينىغا ئالغانىدى . جۇڭ-
خۇا مىللىتى قاتمۇقات ئازابلارغا ئۇچرىغان يەھۇدىي مىللىتىگە كەڭ
قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان ناھايىتى ئاز ساندىكى مىللەتنىڭ
بىرى . داۋىدنىڭ يۇرتى — تېكساس شتاتىدىكى ئائۇستىنغا بېرىپ ،
ئۇنىڭ ئائىلىسىدە زىيارەتتە بولغىنىمدا ، داۋىدنىڭ دادىسى — چوڭ
فېرىستون ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ خانىمىنىڭ قىزغىن ، سەمىمىي كۈتۈۋې-
لىشىغا مۇيەسسەر بولدۇم .

مەن داۋىدنىڭ دادىسىنىڭ ئەسلىدە شۇ جايدىكى يەھۇدىيلار چېر-
كاۋىنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر راببىسى ۋە يەھۇدىي دىنىنى تەتقىق قىلى-
دىغان پروفېسسورى ئىكەنلىكىنى ، ئاپىسىنىڭ مول تەجرىبىلىك سۇغا
سەكرەش ترېنېرى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇم . ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن
جۇڭگوغا ئىككى قېتىم ساياھەتكە كەلگەنىكەن ، بىرىنچى قېتىمدا
داۋىدنى ئېلىپ كەلگەنىكەن ، ئۇ چاغدا داۋىد 16 ياشتا ئىكەن . داۋىد-
نىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان نۇرغۇن مۇناسىۋەتلىرى بەلكىم ئۇنىڭ ئاشۇ
ياشلىق غايىلىرىگە تولغان 16 ياشتىكى يىراق شەرق سەپىرىدىن باش-
لانغان بولسا كېرەك . داۋىدنىڭ يېتىلىش مۇساپىسىدە ئاتا - ئانىسى
مېھمانلارنىڭ داۋىدنى ماختاشلىرىنىڭ ھېچقايسىسىغا ئۆزرە ئېيتماپ-
تۇ ، بىراق ئۇلارمۇ بۇ كەنجى بالىنى زىيادە قانات ئاستىغا ئېلىۋالماپ-
تۇ ؛ ئاتا - ئانىسىغىمۇ داۋىدنىڭ تۇرلۇك ھەۋەس - قىزىقىشلىرىغا
ئاتايىتەن چارە - ئەقىلمۇ كۆرسەتمەپتۇ ، بىراق ئۇلار ئۇنىڭ تىرىشى-
شىغا ئىلھام بېرىپتۇ . داۋىد سەككىز يېشىدىلا 58 بەت كېلىدىغان
قىستۇرما رەسىملىك رازۋېدكا «ھېكايە »سى يازغانىكەن . گەرچە ئۇ
بىر بالىنىڭ گۆدەك ئەسىرى بولسىمۇ ، بىراق فېرىستون ئەپەندى
«ھېكايە »نىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي ئۇرۇپ چىقىپ ، تا ھازىرغىچە
تولۇق ساقلاپتۇ . بۇ ئائىلىدە قېرىنداشلىق مېھرى ، ئىناقلىق ، ئاددىي-
ساددىلىق ھەم ئەدەپ - ئەخلاق بار ئىدى ، ئۇلار بىر- بىرىگە
كۆيۈنەتتى ھەمدە قارشى تەرەپنىڭ ياخشى نىيىتىدىن يېتەرلىك لەززەت

ئالاتتى . ئائىلىدىكى بۇ خىل كەيپىيات داۋىدنىڭ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشىدىكى رەتلىكلىكى ۋە تەپەككۇرىدىكى مۇستەقىللىقى ھەمدە قىدىن مەسىلىلەرگە ھۇجۇم قىلىشتىكى غايەت زور چىدامچانلىقى ۋە سەۋر ـ تاقىتىنى يېتىلدۈرگەنىدى ، داۋىد ئۆزىنىڭ ئىستىبداتىنى ناھايىتى بالدۇرلا ھەمدە بۇ ئىستىبداتىنى قانداق ئۇنۇملۇك تەتبىقلاش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى بۇرۇنلا بىلگەندەك قىلاتتى .

مايىنىڭ ھاۋا ئوچۇق ئەتىگەنلىكى داۋىدنىڭ پاكىز ھەم رەتلىك كىيىنگەن دادىسى ، سالاپەتلىك رابىي فىرىستون مېنى ئۆزى 25 يىل رىياسەتچىلىك قىلغان يەھۇدىيلار چىركاۋىغا ئېلىپ باردى . بۇ ئىسرائىلىيە ئوردىسى دەپ ئاتالغان چىركاۋدىكى ئاشۇ غايەت زور رەڭلىك دېرىزىدىكى يەھۇدىي مىللىتىنىڭ سىمۋولى كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدىغان ئالتە يۇلتۇز ، يەتتە شاملىق شامدان ، يېنىپ تۇرغان ھايات دەرىخى ۋە مەڭگۈ ئۆچمەس چىراغ ، ئاپئاق قوي تېرىسىگە پۈتۈلگەن نەپىس ئىبراي يېزىقىدىكى «ئىنجىل» ماڭا ھاياتنىڭ مۇقەددەسلىكى ۋە قەلبىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇردى . بۇ يەردە دەم ئېلىۋاتقان داۋىد ۋە ئۇنىڭ دادىسى ماڭا «ھاياتلىق» ، «تىنچلىق» دېگەن سۆزنى ئىبراي تىلىدا سۆزلەشنى ئۆگەتتى .

بۇنداق قەدىمىي ، ئەمما ئىنسانلارغا مەڭگۈ زۇرۇر بولغان ئاۋازدىن مەن تۈيۇقسىز شۇنى بايقىدىمكى ، ھاياتقا بولغان ئاجىزلاشماس قىزغىن مۇھەببەت ۋە تىنچلىققا جاھىللىق بىلەن تېۋىنىش يەھۇدىي مىللىتىنىڭ ئىنسانلار بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئەڭ زور كۈلپەتلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىغا ئىمكانىيەت بېرىپ ، ئۇلارنى ئائىلە ۋە تۇغقانلىق ھېسسىياتىنى تېخىمۇ قەدىرلەيدىغان ، بىلىم ، تەربىيە ۋە مەدەنىيەتكە ، شۇنداقلا ئۆز تەرەققىياتى ئۇچۇن تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىكەن مۇھىت يارىتىشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان قىلغان . ئەجدادلىرىنىڭ شاڭلىق تارىخى ۋە نەچچە مىڭ يىللىق ھاقارەتلىك كەچۈرمىشىمۇ ئۇلارغا مىللەت بىر پۈتۈنلۈكىنىڭ ئاجايىپ ياخشىلىقى ۋە ھەربىر يەككىسى

نىڭ مۇنەۋۋەرلىكى بۇ مىللەتنىڭ جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا نەقەدەر مۇھىملىقىنى بىلدۇرگەن ! داۋىد فىرىستون بىلەن روبىرو تۇرۇپ سۆزلىشىۋاتقىنىڭىزدا ئۇنىڭ قاراشلىرىدىكى تېتىك ھەم كەمتەرلىكتىن قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن چىققان پاكلىق ۋە غورۇرنى تاسادىپىي ھېس قىلىسىز.

داۋىدلارنىڭ ئۆيىدە ئۆزى سەككىز يېشىدا ئىجاد قىلغان «كاتتا ئەسىرى» ۋە ئالتە يېشىدا ئىجاد قىلغان «ھېكايىسى»نى ئوقۇپ بەردى . بۇ ئاق كۆڭۈل يىگىتنىڭ ھەربىر ھېكايىسى «كېيىن ھەممىسى ياخشىلىنىپ كېتىدۇ» دېگەن سۆز بىلەن ئاياغلاشقانىدى . بۇنداق ئاياغلىشىش قارىماققا ئاددىيدەك قىلىسمۇ ، لېكىن يەنە ئاقىللارنىڭ تىنچلىق توغرىسىدىكى ھېكمەتلىرىگە ئوخشاپ قالاتتى ، شۇنداق ئەمەسمۇ ، بۇ گەرچە كىچىك بالىنىڭ ئاددىيغىنە ياخشى نىيىتى بولسىمۇ ، نېمىشقا ئۇنى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كوللېكتىپ ئارزۇسى دېگىلى بولمايدىكەن ؟ دۇنيادىكى قايسىبىر تىرىك جان «كېيىن ھەممىنىڭ ياخشىلىنىپ كېتىشى»نى ئارزۇ قىلمايدۇ ؟ مەيلى ئۇ بىر بالا بولسۇن ياكى پرىزدېنت بولسۇن .

يەنە بىر يىلدىن كېيىن داۋىدنىڭ خەنزۇ تىلى ۋە ئوقۇش ئىقتىدارى ئامېرىكىلىقلارنىڭ يېتىشى قىيىن بولغان ئەڭ ئالىي دەرىجە — بەشىنچى دەرىجە : بەش نومۇرغا يېتىشى مۇمكىن . بىراق ، بۇ ئەڭ مۇھىم بولۇشى ناتايىن ، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئەقىل - پاراستى ، جانلىقلىقى ۋە قىزغىنلىقى ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە جۇڭگودا چەت ئەللىك بالىلارنىڭ يارىتىشى تەس بولغان تىل مۆجىزىسىنى ھەقىقەتەن ياراتقانلىقىدا . بىر مىللەتنى ھەقىقىي چۈشەنمەكچى ۋە بىلمەكچى بولغىنىڭىزدا ، يەنە نېمىمۇ شۇ مىللەتنىڭ تىل - يېزىقى بىلەن پىششىق تونۇشۇشتىن مۇھىم بولسۇن ! بۇ ئېھتىمال داۋىدنىڭ ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا بولغان ساداقىتىدىن بولسا كېرەك . دەۋرنىڭ بارغانسېرى شاللاقلىشىپ كېتىشى بىلەن

بەزى ياشلاردا بۇنداق مەسىلىلەرگە جىددىي مۇئامىلە قىلىدىغان سادا-
قەت مەنزىلى قالمىدى.

ئائوستوندىن ئايرىلىدىغان كۈنىنىڭ ئالدىنقى كۈنى كەچتە، مەن
داۋىد بىلەن بىللە ئۇ ئوقۇغان باشلانغۇچ مەكتەپكە باردىم. بىز مەك-
تەپ مۇدىرى ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدىكى تاش ياتقۇزۇلغان بىر پارچە
تۈز يەرگە كەلگەندە، داۋىد ماڭا بۇ يەرگە ئەينى يىلى مەكتەپ پۈتكۈز-
گەندە يازغان ئارزۇلىرىنىڭ كۆمۈلگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. مەن
داۋىدنىڭ 12 ييشىدا يازغان ئارزۇسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىمى-
دىم. مەن ئاشۇ تاش تاختاي ئاستىدىكى ئارزۇنىڭ هاياتلىق، تىنچلىق
بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشىنى ئارزۇ قىلدىم. ئوستوندىكى ئىسرائى-
لىيە ئوردىسىدا داۋىد بىلەن ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ماڭا ئىبراي تىلىدا
«تىنچلىق»، «هاياتلىق»نى دېيىشىنى ئۆگەتكەنلىكى ئۇچۇن شۇنداق-
مۇ؟ داۋىدنىڭ ئەجدادلىرى ئەۋلادمۇئەۋلاد مەۋجۇتلۇق ۋە تىنچلىق
ئۇچۇن كۈرەش قىلغانلىقى ئۇچۇن شۇنداقمۇ؟ داۋىد ئىلگىرى ماڭا
ئىبراي يېزىقىدا «هايات» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن يالىتىلغان
خاتىرە مېدالى بەرگەنلىكى ئۇچۇن شۇنداقمۇ؟ ئائوستوننى كېسىپ
ئۆتكەن گۈزەل كولورادو دەرياسىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر مۇشۇ يەهۇدىي
بالىنىڭ قەلبىدە ئېقىپ، ئاشۇ زۇمرەتتەك تىنىق دەريا سۈيىنىڭ
ئۇنىڭ ئىنسانلارغا هېسداشلىق قىلىش قەلبىنى سۇغارغانلىقى ئۇچۇن
شۇنداقمۇ؟ يەهۇدىيلار چېركاۋىدا مۇناجاتچى يەهۇدىي قىزلارنىڭ سۆ-
زۈك، خاتىرجەم ئاۋازدا «تىنچلىق»، «تىنچلىق» دەپ ناخشا ئېيتقان-
لىقىنى ئاڭلىغانلىقىم ئۇچۇن شۇنداقمۇ؟ بۇنى بىلەلمىدىم. شۇنىڭغا
ئىشىنىمەنكى، ئىنسانلاردىكى بارلىق هاياتلىق راستىنلا «تىنچلىق»
ئىبارىسى بىلەن مۇهەببەتلەشسىلا، هەربىر ئادەمنىڭ مەنىۋىيىتىنىڭ
چوڭقۇر قاتلىمىغا يوشۇرۇنغان ئىجادچانلىق هەقىقىي قوزغىلىدۇ،
كىشىلىك دۇنيادا هەرقانداق مۆجىزە بارلىققا كېلىدۇ. تۇرمۇشمۇ
داۋىدنىڭ «هېكايىسى»نىڭ ئاددىي، ئەمما مەردانە خاتىمىسىدىكىدەك
«كېيىن هەممىسى ياخشىلىنىپ كېتىدۇ».

## مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . يەھۇدىي مىللىتى تارىختا ئازاب ـ ئوقۇبەتنى يەتكۈدەك تارتـقان ۋە ئۇدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان مىللەت . داۋىد گەرچە مىللىي ھاقارەت ۋە ئۇرۇش ، قىرغىنچىلىقنى باشتىن كەچۈرمىگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئاق كۆڭۈل تەبىئىيتى نەتىجىسىدە ، كىچىككىدىن باشلاپلا ئىنسانلارـنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى ، ھەربىر ئىشنى ئەستايىدىل ياخشى قىلىشنى ئۆگەنگەن . بۇ ھەم ئۇنىڭ باشتىن ـ ئاخىر ئاكتىپ كىشىلىك تۇرمۇش پوزىتسىيىسىنى نامايان قىلغانلىقىنىڭ ھەمدە تەدـرىجىي ئېغىر ـ بېسىق ۋە پىشقان خاراكتېرنى شەكىللەندۈرگەنـلىكىنىڭ سەۋەبى . داۋىد يەھۇدىي مىللىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلى. ئۇنىڭ ھېكايىسى تىپىكلىككە ئىگە ، ئۇنىڭ ھېكايىسى ئارقىلىق بىز يەھۇدىي مىللىتىنىڭ مائارىپ ، مەدەنىيىتى توغرىسىدا مۇئەييەن توـنۇشقا ئىگە بولىمىز . ئاپتور داۋىدنىڭ «بارلىق يېڭى شەيئىلەرگە بەك قىزىققىدىغانلىقى»غا دىققەت قىلغان ، ئۇ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ؟ تېكىستنىڭ ئاساسىي تېمىسىغا بىرلەشتۈرۈپ مۇلاھىزە قىلىڭ.

2 . تېكىستنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ، سىزدە مۇنداق بىرنەچـچە تەسىرات قېلىشى مۇمكىن: داۋىدنىڭ تىل تالانتى ؛ ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈل مىجەزى ، «كېيىن ھەممىسى ياخشىلىنىپ كېتىدۇ»غانلىقىغا ئىشىنىشى ؛ يەھۇدىي مىللىتىنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتنى يەتكۈدەك تارتـقان بولسىمۇ ، بىراق تىنچلىقنى ناھايىتى قىزغىن سۆيىدىغانلىقى. بۇلار ئىچىدە سىزگە ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغىنى نېمە؟ ئاپتور بىزگە نېمىدېمەكچى ؟

3 . «كېيىن ھەممىسى ياخشىلىنىپ كېتىدۇ» دېگەن سۆزنى داۋىد باللىق دەۋرلىرىدە يازغان ، ئاپتور بۇ سۆزنى بۇ تېكىستنىڭ خاتىمىسى قىلىپ ئىشلەتكەن ، بۇنداق يېزىشنىڭ ياخشى تەرىپى نەدە ؟

# 11 . ھاياتقا مۇھەببەت

## جېك لوندون[1]

ئۇلار ئەسلىدە ئىككىيلەن بىللە سەپەرگە چىققانىدى ، لېكىن ئۇنىڭ پۇتىنىڭ بېغىشى قايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ھەمراھى بىر ئۇنى تاشلاپ ، ئارقىسىغىمۇ قاراپ قويماي كېتىۋەردى . ئۇ بولسا ئەدىيالغا ئورالغان ئېغىر بوغچىسىنى ئۈشىنىسىگە ئارتقىنىچە تاغ جىلغىسىدا ئاقساپ مېڭىشقا باشلىدى . . .

ئۇ ئەتراپىغا تولۇق بىر ئايلىنىپ قايتىدىن قاراپ چىقتى . ئەتراپنىڭ مەنزىرىسىگە قارىسىلا كىشىنىڭ كۆڭلى غەش بولاتتى . ئەتراپنىڭ ھەممىلا يېرىنى گىرىمسەن ئۇپۇق ئوراپ تۇرغان ، تاغلارنىڭ ھەممىسى كىچىك ھەم پاكار ، نە بىرەر تۈپ دەرەخ ، نە بىرەر تۈپ چاتقال ، نە بىرەر تال گىياھ كۆرۈنمەيتتى . كۆزگە چېلىققۇدەك ھېچنېمە يوق ، پەقەت پايانسىز ھەم قورقۇنچلۇق چۆللۈكلا بار ئىدى . بۇلارنى كۆرۈپ ئۇنىڭ كۆزلىرى شۇئان تەشۋىشلىك تۈس ئالدى .

گەرچە ئۇ يېگانە بولسىمۇ ، لېكىن يولدىن ئېزىپ قالمىدى . چۈنكى ، ئۇ يەنە ئازراقلا ماڭسا كىچىك بىر كۆل بويىغا يېتىپ بارىدىغانلىقىنى بىلەتتى . بۇ كۆلگە قۇيۇلىدىغان بىر ئېرىقمۇ بار ئىدى . بۇ ئېرىق غەربكە قاراپ داۋاملىق ئاقاتتى . ئۇ ئەنە شۇ ئېرىقنى بويلاپ ئۇدۇل دېس دەرياسىغا بارالايدۇ ، ھەمدە دەريا بويىدىكى دۆم

---

[1] جېك لوندون (1876—1916) — ئامېرىكىنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى . ئۇنىڭ «ھاياتقا مۇھەببەت» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان . بۇ ھېكايە دەرسلىككە قىسقارتىپ ئېلىندى .

كۆمتۈرۈكلۈك قېپىق ئاستىدىكى ئورەكنى تاپالايدۇ. ئورەكتە تاللىق مىلتىق بىلەن ئوق، يەنە بېلىق تۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغان قاماق، بېلىق تورى قاتارلىق سايمانلارنىڭ ھەممىسى بار.

بىل چوقۇم شۇ يەردە ئۆزىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار دېس دەرياسىنى بويلاپ ئۇدۇل جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ خۇدسون قولتۇقى شىركىتىگە باردۇ. ئۇ يەردە دەل - دەرەخلەر ئېگىز ھەم بۈك - باراقسان بولۇپلا قالماي، يەنە ئوزۇق - تۈلۈكمۇ يېتىپ ئېشىپ تۇرۇپتۇ.

ئۇ ئالدىغا تىرىشىپ - تىرمىشىپ كېتىۋېتىپ ئەنە شۇلارنى ئويلىدى. ئۇنىڭغا بىل ئۆزىنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيدىغاندەك، قانداق-تۇر بىر جايدا ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغاندەكلا بىلىنەتتى، شۇڭا پۈتۈن ئەس - يادى بىلەن شۇنى ئويلاپ، مەنزىلگە يېتىش ئۈچۈن بار كۈچى بىلەن تىرمىشاتتى. ئۇنىڭ شۇنداق ئويلىمايمۇ ئامالى يوق، بولمىسا بۇنچىۋالا تىركىشىپ يۈرمىگەن، يىقىلغان پېتى ئاللىبۇرۇن ئۆلۈپ قالغان بولاتتى.

ئۇنىڭ بىرنەرسە يېمىگىنىگە ئىككى كۈن بولغانىدى. قورسىقى ئېچىپ كەتسە سازلىقتا ئۆسكەن ئاقۇچ كۈل رەڭ مېۋىنى ئۈزۈۋېلىپ ئاغزىغا سېلىپ بىرنەچچىنى چايناپلا تۈكۈرۈۋېتەتتى. چۈنكى، بۇ خىل مېۋىنىڭ ھېچقانداق قۇۋۋىتى يوق، سىرتىنى ئازراق شىرنە ئوراپ تۇرغانلىقتىن، ئېغىزغا سېلىش بىلەنلا شۇرردە ئېرىپ كېتەتتى.

ماڭا - ماڭا كېچە سائەت توققۇزمۇ بولۇپ كەتتى. بەك ھېرىپ، ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ بىر تاشقا پۇتلىنىشىپ يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ يېنىچە بولۇپ خېلىغىچە مىدىر - سىدىر قىلماي ياتتى. ئاندىن بوغچىسىدىن يېشىنىپ، سەندۈرەكلەپ ئاران دېگەندە ئولتۇر-دى. بۇ چاغدا تېخى تولۇق قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتمىگەن بولغاچقا، ئۇ گۈگۈم يورۇقىدا قۇرۇغان موخلارنى ئىزدەپ تىمىسقىلاشقا باشلىدى. ئاخىر ئۇ بىر دۈۋە موخ يىغىپ ئوت ياقتى — تۈتەك كۆتۈرۈلۈپ ئوت

تۇزۇك كۆيمىدى — ھەمدە ئاق قاڭالتىر قۇتىغا سۇ ئېلىپ قايناتقىلى ئوت ئۇستىگە قويدى .



ئۇ ھۆل بولۇپ كەتكەن ئاياغ ـ پايپاقلىرىنى ئوتقا قاقلىدى . ئۇنىڭ بۇغا تېرىسىدىن تىكىلگەن ئايىغى نەملىكتىن چاك ـ چاك يېرىلىپ كەتكەن ، كىگىز پايپىقىنىڭ نۇرغۇن يېرى تېشىلىپ كەتـ كەن ، پۇتلىرى بولسا يېرىلىپ قاناپ كەتكەنىدى . بىر پۇتىنىڭ بېغىد شى ئىششىپ تىزىچىلىك يوغىناپ كەتكەنىدى ، تومۇرلىرى ھەدەپ لوقۇلدايتتى . ئۇ بارى ـ يوقى ئىككى دانە ئەديالىنىڭ بىرىدىن ئازراق يىرتىپ ئېلىپ ، پۇتىنىڭ بېغىشىنى چىڭ تاڭدى ، ئاندىن يەنە بىرنەچ چە پارچە يىرتىپ ئايىغى ۋە پايپىقىنىڭ ئورنىدا پۇتلىرىغا يۆگىۋالدى .

ئۇ ئەتىگەن سائەت ئالتىدە ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ، بوغچىسىنى يىغىشتۇرۇپ مېڭىشقا تەرەددۇتلاندى . بۇغا تېرىسىدىن تىكىلگەن قىد لىس بىر خالتىنى مالتىلاۋېتىپ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى . خالتا بەك چوڭ بولمىغىنى بىلەن ، ئېغىرلىقى ئون بەش قاداق كېلەتتى . ئىچىدىكىسى كېپەك ئالتۇن بولۇپ ، ئۇ بۇنى بىر يىل كېچىنى كېچە ،

كۆندۈزنى كۆندۈز دېمەي ، مىڭ بىر مۇشەققەتتە يىغقانىدى . شۇڭا ، ئۇنى تاشلاپ كېتىشكە زادىلا كۆزى قىيمايۋاتاتتى . ئاخىر ئۇ بۇ خالتىدىنى بوغچىسىغا قوشۇپ ئۆشنىسىگە تېڭىپ ئورنىدىن تۇردى ــ دە ، سەندۇرەكلەپ ماڭغىنىچە بۇ بىر كۈنلۈك سەپىرىنى باشلىدى .

ئۇنىڭ قايرىلىپ كەتكەن پۇتى قېتىشىپ ، ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك ئاقسايدىغان بولۇپ كەتكەنىدى ، ئەمما پۇتىنىڭ ئاغرىقى كۆڭۈل ئازابى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى . ئۇنى ھەممىدىن بەكرەك ئاچلىق ئازابى قىينىماقتا ئىدى . ئاچلىقتىن ئاشقازىنى يىغىنە سانجىغاندەك چىم ـ چىم ئېچىشىپ ، ئۇنى دىس دەرياسى تەرەپكە بىرىش توغرۇلۇق ئويلىغىلىمۇ قويمايتتى .

كەچقۇرۇنلۇقى ئۇ بىر ئېقىن بويىدا بىر توپ پىلىكئوتنى كۆرۈپ قالدى ــ دە ، بوغچىسىنى تاشلاپ ، پىلىكئوتنىڭ قېشىغا ئۆمىلەپ بېرىپلا پىلىكئوتنى ئۈزۈپ كالىدەك يالماشقا باشلىدى . ئۇ يەنە مۇنچىلىك يىراقتىكى شىمال تەرەپتە پاقا ، قۇرتلارنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ كىچىك كۆلچەكلەردىن پاقا ياكى قۇرتلارنى تاپماقچى بولۇپ كولاشتۇرۇپ باقتى .

لېكىن ، نۇرغۇن كۆلچەكنى قىدىرىپمۇ ھېچنېمىنى تاپالمىدى . ئاخىر قاراڭغۇ چۈشەي دېگەندە بىر كۆلچەكتە خېمىكۆلتىر بېلىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر تال بېلىجاننى كۆرۈپ قالدى . ئۇ قولىنى سۇغا خېلى پاتۇرغان بولسىمۇ ، بېلىقنى يەتكۈزەلمىدى ، شۇنىڭ بىلەن ئىككى قولىنى سۇغا پاتۇرۇپ بېلىقنى تۇتۇشى بىلەن تەڭ سۇ تېگىدىكى سۇت رەڭ لاي لېيىپ كەتتى . ئۇنى ئاز دەپ ئۇ سۇغا يىقىلىپ چۈشۈپ ، بەدىنىنىڭ يېرىمى ھۆل بولۇپ كەتتى . مانا ئەمدى سۇ لېيىپ ، بېلىقنىڭ نەدىلىكىنى بىلگىلى بولماي قالدى ، شۇڭا سۇ سۈزۈلگىچە كۈتمەكتىن باشقا چارە قالمىغانىدى . لېكىن ، سۇ سۈزۈلگەندە قارىغانىدى ، بېلىق كۆرۈنمىدى . شۇندىلا ئۇ ، تاشنىڭ ئىچى تەرىپىدە بىر يوشۇرۇن يېرىقنىڭ بارلىقىنى ، بېلىقنىڭ ئاشۇ يېرىقتىن

ياندىكى چوڭراق كۆلچەككە قېچىپ چىقىۋالغانلىقىنى بىلدى . ئەمما ، ئۇنىڭ ئۇ كۆلچەكنىڭ سۈيىنى بىر كىچە ـ كۈندۈز ئۇسسۇپمۇ تۈگىتەلەشكە كۆزى يەتمىدى .

ئۇ ، پۇت ـ قوللىرى ماغدۇرسىزلانغان ھالدا نەم يەردە يېتىپ قالدى . دەسلەپتە ئۆكسۈپ يىغلاشقا ، ئاندىن ئۆزىنى قاتمۇقات ئوراپ تۇرغان رەھىمسىز چۆل ـ باياۋانغا يۈزلەنگىنىچە ھۆڭرەپ يىغلاشقا باشلىدى . . .

تاڭ ئاتتى ، لېكىن يەنىلا ھاۋا تۇتۇق ، كۈننى كۆرگىلى بولمايتتى . يامغۇر توختىغان . ئۇنىڭ بىرنەرسىنى يېيىشنى ئويلىغۇدەك ھالىمۇ قالمىغاچقا ، ئاچلىق دەستىدىن ئاشقازىنىغا يىڭنە تىققاندەك سىزىم يوقالغانىدى .

ئۇ ئاچلىق ئازابىنى سەزمەس بولۇپ قالغان بىلەن ، ئۆزىنىڭ شۇ قەدەر ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ تۇراتتى . سازلىقتىكى مېۋىنى ۋە پىلىكئوتنى ئۈزۈۋېتىپ نەچچە قېتىم توختاپ دېمىنى ئېلىۋالدى . ئۇنىڭغا يەنە تىلى بەكلا يوغىناپ ، قۇرۇپ كەتكەندەك ، ناھايىتى قىرتاق بولۇپ كەتكەندەك بىلىندى .

بۇ كۈنى ئۇ ئون مىلدىن ئارتۇقراق يول يۈردى . ئەتىسى بەش مىلمۇ يول يۈرەلمىدى .

يەنە بىر كىچە ئۆتۈپ كەتتى . سەھەردە ئۇ ، بۇغا تېرىسىدىن تىكىلگەن قېلىن خالتىنىڭ بېغىنى بوشىتىپ ، كىپەك ئالتۇننىڭ يېرىمىنى بىر ئەدىيالغا تۆكۈپ ئوربىغاندىن كېيىن ، بىر قارىسىلا بىلىنىۋالغىلى بولىدىغان بىر قورام تاشنىڭ تېگىگە يوشۇرۇپ قويدى . ئاندىن يىرتىپ ئېشىپ قالغان ئەدىيالدىن يەنە بىرنەچچە پارچە يىرتىپ ئېلىپ ، پۇتلىرىنى ئورىدى .

بۇ بىر تۇمانلىق كۈن بولدى . چۈشتە بوغچىسى ئارتۇقچە يۈك تۇيۇلۇپ ، ئۇ زادىلا بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ خالتىسىدا قېپقالغان كىپەك ئالتۇننىڭ يەنە يېرىمىنى تۆكۈۋەتتى ،

لېكىن بۇ قېتىم يەرگىلا تۆكتى. چۈشتىن كېيىن بولغاندا قالغىنىد-
نىڭ ھەممىسىنى تۆكۈۋەتتى.

ئاندىن ئۇ قايتىدىن غەيرەتلىنىپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىدى.
بۇ جايدا بۆرە ناھايىتى جىق بولۇپ، دائىم ئىككى- ئۈچى بىر بولۇپ
قاتراپ يۈرەتتى. لېكىن، ھەممىسى ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى.
بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىرىنچىدىن، ئۇلارنىڭ سانى ئاز؛ ئىككىنچىد-
دىن، ئۇلارنىڭ تۇتماقچى بولغىنى ئېلىشىشنى بىلمەيدىغان بۇغا ئىد-
دى. ئېھتىمال ئۇلار ئۆرە ماڭىدىغان بۇ غەلىتە ھايۋاننى ئۆزلىرىنى
ھەم تۇتۇۋالالايدۇ، ھەم چىشلىۋالىدۇ، دەپ ئويلىسا كېرەك.

كەچقۇرۇنلۇقى ئۇ قالايمىقان تاشلىنىپ ياتقان نۇرغۇن سۆڭەك-
لەرنى ئۇچراتتى. بۇنىڭدىن بۆرىلەرنىڭ بۇ جايدا بىر ياۋايى ھايۋاننى
يەۋەتكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. تاشلىنىپ ياتقان بۇ قالدۇق
سۆڭەكلەر بىر سائەت ئىلگىرىلا ئەنسىز مەرەپ، جان- جەھلى بىلەن
قېچىۋاتقان بىر بۇغا موزىيىنىڭ ئىدى. ئۇ بۇ سۆڭەكلەرگە بىر قۇر
سىنچىلاپ قاراپ چىقتى. سۆڭەكلەر پاك- پاكىز غاجىلىۋېتىلگەن،
پەقەت بىرنەچچىسىدىلا ھۈجەيرىلىرى تېخى ئۆلمىگەن قىزىل گۆشلەر
قېپقالغانىدى. ئەجەبا، قاراڭغۇ چۈشكىچە بۇ گۆشلەرمۇ يېيىلىپ
تۈگەرمۇ؟ ھايات دېگەن مۇشۇنداقلىمىدۇ؟ قارىغاندا ھايات تولىمۇ
مەنىسىز، كۆزنى يۇمۇپ- ئاچقۇچىلىكلا بىرنەرسە ئوخشايدۇ. پەقەت
ھايات تۇرغاندىلا ئاندىن ئازابنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. ئۆلگەندىن
كېيىن ھېچنېمىدىن ئاغرىنمايدىغان گەپ. ئۆلۈش ئۇخلىغانغا بارا-
ۋەر، ئۇ ئاياغلىشىش، ئارام ئېلىشنى بىلدۈرىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق
ئۇ يەنە نېمىشقا ئۆلۈشنى خالىمايدۇ؟

لېكىن، ئۇ بۇ چوڭقۇر داۋلىلار توغرۇلۇق بەك كۆپ ئويلىنىپ
تۇرماي، مۇخلار ئۆسۈپ كەتكەن يەردە زوڭزىيىپ ئولتۇردى
بىر تال سۆڭەكنى ئېلىپ ئاغزىغا سېلىپ، ئۇنىڭدىكى سۇس
قالدۇق ھاياتلىقنى شۈمۈرگىلى تۇردى.

ياندىكى چوڭراق كۆلچەككە قېچىپ چىقىۋالغانلىقىنى بىلدى. ئەمما،
ئۇنىڭ ئۇ كۆلچەكنىڭ سۈيىنى بىر كېچە ـ كۈندۈز ئۇسۇپمۇ تۈگىتە-
لەشكە كۆزى يەتمىدى.

ئۇ، پۇت ـ قوللىرى ماغدۇرسىزلانغان ھالدا نەم يەردە يېتىپ
قالدى. دەسلەپتە ئۆكسۈپ يىغلاشقا، ئاندىن ئۆزىنى قاتمۇقات ئوراپ
تۇرغان رەھىمسىز چۆل ـ باياۋانغا يۈزلەنگىنىچە ھۆڭرەپ يىغلاشقا
باشلىدى. . .

تاڭ ئاتتى، لېكىن يەنىلا ھاۋا تۇتۇق، كۈننى كۆرگىلى بولمايد-
تى. يامغۇر توختىغان. ئۇنىڭ بىرنەرسىنى يېيىشنى ئويلىغۇدەك
ھالىمۇ قالمىغاچقا، ئاچلىق دەستىدىن ئاشقازىنىغا يىڭنە تىققاندەك
سېزىم يوقالغانىدى.

ئۇ ئاچلىق ئازابىنى سەزمەس بولۇپ قالغان بىلەن، ئۆزىنىڭ شۇ
قەدەر ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ تۇراتتى. سازلىقتىكى مېۋىنى
ۋە پىلىكئوتنى ئۇزۇۋېتىپ نەچچە قېتىم توختاپ دېمىنى ئېلىۋالدى.
ئۇنىڭغا يەنە تىلى بەكلا يوغىناپ، قۇرۇپ كەتكەندەك، ناھايىتى قىر-
تاق بولۇپ كەتكەندەك بىلىندى.

بۇ كۈنى ئۇ ئون مىلدىن ئارتۇقراق يول يۈردى. ئەتىسى بەش
مىلمۇ يول يۈرەلمىدى.

يەنە بىر كېچە ئۆتۈپ كەتتى. سەھەردە ئۇ، بۇغا تېرىسىدىن
تىكىلگەن قېلىن خالتىنىڭ بېغىنى بوشىتىپ، كېپەك ئالتۇنىنىڭ
يېرىمىنى بىر ئەدىيالغا تۆكۈپ ئورىغاندىن كېيىن، بىر قارىسىلا
بىلىنىۋالغىلى بولىدىغان بىر قورام تاشنىڭ تېگىگە يوشۇرۇپ قويدى.
ئاندىن يىرتىپ ئېشىپ قالغان ئەدىيالدىن يەنە بىرنەچچە پارچە يىرتىپ
ئېلىپ، پۇتلىرىنى ئورىدى.

بۇ بىر تۇمانلىق كۈن بولدى. چۈشتە بوغچىسى ئارتۇقچە يۈك
تۇيۇلۇپ، ئۇ زادىلا بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ
خالتىسىدا قېپقالغان كېپەك ئالتۇنىنىڭ يەنە يېرىمىنى تۆكۈۋەتتى،

لېكىن بۇ قېتىم يەرگىلا تۆكتى . چۈشتىن كېيىن بولغاندا قالغىنىد-
نىڭ ھەممىسىنى تۆكۈۋەتتى .

ئاندىن ئۇ قايتىدىن غەيرەتلىنىپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىدى . بۇ جايدا بۆرە ناھايىتى جىق بولۇپ ، دائىم ئىككى - ئۈچى بىر بولۇپ قاتراپ يۈرەتتى . لېكىن ، ھەممىسى ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى . بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى ، بىرىنچىدىن ، ئۇلارنىڭ سانى ئاز ؛ ئىككىنچىد-
دىن ، ئۇلارنىڭ تۇتماقچى بولغىنى ئېلىشىشنى بىلمەيدىغان بۇغا ئىد-
دى . ئېھتىمال ئۇلار ئۆرە ماڭىدىغان بۇ غەلىتە ھايۋاننى ئۆزلىرىنى ھەم تۇتۇۋالالايدۇ ، ھەم چىشلىۋالىدۇ ، دەپ ئويلىسا كېرەك .

كەچقۇرۇنلۇقى ئۇ قالايمىقان تاشلىنىپ ياتقان نۇرغۇن سۆڭەك-
لەرنى ئۇچراتتى . بۇنىڭدىن بۆرىلەرنىڭ بۇ جايدا بىر ياۋايى ھايۋاننى يەۋەتكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى . تاشلىنىپ ياتقان بۇ قالدۇق سۆڭەكلەر بىر سائەت ئىلگىرىلا ئەنسىز مەرەپ ، جان - جەھلى بىلەن قېچىۋاتقان بىر بۇغا موزىيىنىڭ ئىدى . ئۇ بۇ سۆڭەكلەرگە بىر قۇر سىنچىلاپ قاراپ چىقتى . سۆڭەكلەر پاك - پاكىز غاجىلىۋېتىلگەن ، پەقەت بىرنەچچىسىدىلا ھۈجەيرىلىرى تېخى ئۆلمىگەن قىزىل گۆشلەر قېپقالغانىدى . ئەجەبا ، قاراڭغۇ چۈشكىچە بۇ گۆشلەرمۇ يېيىلىپ تۈگەرمۇ ؟ ھايات دېگەن مۇشۇنداقلىمىدۇ ؟ قارىغاندا ھايات تولىمۇ مەنىسىز ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىكلا بىرنەرسە ئوخشايدۇ . پەقەت ھايات تۇرغاندىلا ئاندىن ئازابنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ . ئۆلگەندىن كېيىن ھېچنېمىدىن ئاغرىنمايدىغان گەپ . ئۆلۈش ئۇخلىغانغا بارا-
ۋەر ، ئۇ ئاياغلىشىش ، ئارام ئېلىشنى بىلدۈرىدۇ . شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ يەنە نېمىشقا ئۆلۈشنى خالىمايدۇ ؟

لېكىن ، ئۇ بۇ چوڭقۇر داۋىلار توغرۇلۇق بەك كۆپ ئويلىنىپ تۇرماي ، مۇخلار ئۆسۈپ كەتكەن يەردە زوڭزىيىپ ئولتۇردى - دە ، بىر تال سۆڭەكنى ئېلىپ ئاغزىغا سېلىپ ، ئۇنىڭدىكى سۇس قىزىل قالدۇق ھاياتلىقنى شۈمۈرگىلى تۇردى .

ئارقىدىن شۇ كۈنگە ئۇلىشىپ بىرنەچچە كۈن قورقۇنچلىق قار
ئارىلاش يامغۇر ياغدى . ئۇ قايسى چاغدا يېتىپ ئارام ئېلىپ ، قايسى
چاغدا بوغچىسىنى يىغىشتۇرۇشنى بىلەلمەي قالدى . شۇڭا ، كېچە -
كۈندۈز دېمەي ، مېڭىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى . نەدە يىقىلىپ چۈشسە
شۇ يەردە يېتىپ ئارام ئالدى ، ئۆلۈم تەهلىكىسى كۆزىگە كۆرۈنۈشى
بىلەنلا يەنە غەيرەتلىنىپ ، ئاستا مېڭىشنى داۋاملاشتۇردى . ئۇ ئەمدى
بۇرۇنقىدەك تىركىشەلمەس بولۇپ قالغان ، ئۇ ئۆلۈپ قالماسلىق ،
هايات قېلىش ئۈمىدىدىلا ئالدىغا سۆرۈلۈپ كېتىۋاتاتتى .

بىر كۈنى ئۇ ئويغىنىپ ئۆزىنىڭ خاراموش هالدا بىر تاشنىڭ
ئۈستىدە ئوڭدىسىغا ياتقانلىقىنى بىلدى . ئاپتاپ نۇرانە هەم ئىللىق
ئىدى . شۇندىلا ئۇنىڭ ئېسىگە يامغۇر ياغقانلىقى ، بوران چىققانلىقى ،
ئاندىن يامغۇر ئارىلاش قار ياغقانلىقى كەلدى . ئەمما ، ئۇ ئۆزىنىڭ
ئەنە شۇنداق جۇدۇندا ئىككى كۈنمۇ ياكى ئىككى هەپتىمۇ ، زادى
قانچىلىك ياتقانلىقىنى بىلمەيتتى .

ئۇ ئۆزىنىڭ قانداق جايدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن ،
قىينىلىپ يۈرۈپ ئاران دېگەندە يانغا ئۆرۈلدى . تۆۋەن تەرەپتە ناهايىـ
تى ئاستا ئېقىۋاتقان كەڭ بىر دەريا كۆرۈندى . ئۇنىڭغا بۇ دەريا تولىمۇ
تونۇش ، ئەمما غەلىتە تۇيۇلدى . ئۇ بۇ غەلىتە دەريانىڭ ئېقىش يۆنىلىـ
شى بويىچە يىراق ئۇپۇققا ئاستا كۆز تىكىپ ، پەقەت بۇ دەريانىڭ
ۋالىلداپ تۇرغان پايانسىز بىر دېڭىزغا قۇيۇلغانلىقىنىلا بىلەلىدى .
كېيىن ، ئۇ دېڭىزدا بىر پاراخوتنىڭ توختاپ تۇرغانلىقىنىمۇ كۆردى .
لېكىن ، ئۇ بۇ ئوڭۇمىدۇ ، چۈشۈمىدۇ ، ئېهتىمال كۆرۈنۈۋاتقىنى
ئېزىتقۇدۇر ، دەپ ئويلاپ ، بۇنىڭدىن هاياجانلىنىپ كەتمىدى . شۇنىڭ
بىلەن كۆزلىرىنى يۇمۇپ خېلىدىن كېيىن يەنە ئاچتى . قىزىق ئىش ،
هېلىقى خىيالىي كۆرۈنۈش تېخىچىلا ئۆز پېتى تۇراتتى !

ئۇنىڭغا ئارقىسىدا بىرىنىڭ دىمى سىقىلىۋاتقان ياكى گېلىنى
قىرىۋاتقاندەك بىر خىل ئاۋاز چىقىرىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى . ئۇ ئارقىسىدـ

غا ئۆرۈلۈپ ئۆزىگە ئون ئىككى مىل كەلمەيدىغان جايدا بىر كۆك بۆرىنىڭ تۇرغانلىقىنى غۇۋا كۆردى. بۇ بىر كېسەل بۆرە بولۇپ، ئۇچلۇق قۇلاقلىرى باشقا بۆرىلەرنىڭكىدەك تىك ئەمەس، خۇنۇك كۆزلىرىگە قان ئۇيۇپ كەتكەنىدى.

ھېچبولمىغاندا بۇنى يالغان دېگىلى بولماس. ئۇ شۇنداق ئويلىغاچ ئۆرۈلۈپ، ئىلگىرى خىيالىي كۆرۈنۈشتەك تۇيۇلغان پايانسىز ئۇپۇققا تىكىلدى. يىراقتا ھېلىمۇ شۇ پايانسىز دېڭىز ۋە ھېلىقى پاراخوت ئۇچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەجەبا، بۇ راستىمىكىنە؟ ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۇرۇپ خېلىغىچە ئويلانغاندىن كېيىن، ئاخىر ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى يۆنىلىشىدىن ئېزىپ، شىمالدىن شەرق تەرەپكە قېيىپ ئۇدۇل ماڭغانلىقىنى، مىس كان جىلغىسىغا كېلىپ قالغانلىقىنى ئويلاپ يېتەلىدى. تۆۋەندە ئاستا ئېقىۋاتقان كەڭ دەريا دەل مىس كان دەرياسى، ۋاللىداپ تۇرغان ئاۋۇ پايانسىز دېڭىز بولسا شىمالىي مۇز ئوكيان. ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇ بۇنىڭ خىيالىي كۆرۈنۈش ئەمەس، بەلكى راست ئىكەنلىكىگە ئىشەندى!

ئۇ تىرمىشىپ يۇرۇپ ئاران ئولتۇردى. ئۇنىڭ پۇتلىرىغا يۆگەۋالغان ئەديال پارچىلىرى تېشىلىپ كەتكەن، پۇتلىرىمۇ تىتىلىپ، ساق يېرى قالمىغانىدى. ئاخىر ئۇ ئەديالنىمۇ يىرتىپ تۈگەتتى. ئەمما، ھەرھالدا ھېلىقى ئاق قاڭالتىر قۇتىنى ساقلاپ قالدى. ئۇ ئازراق قايناقسۇ ئىچىپ، ئاندىن پاراخوتقا قاراپ داۋاملىق ماڭماقچى بولدى. چۈنكى، ئۇ بۇنىڭ تولىمۇ قورقۇنچلۇق سەپەر ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يەتكەنىدى.

ئۇنىڭ ھەرىكىتى خۇددى يېرىم پالەچ بولۇپ قالغان كىشىدەك زادىلا قولاشمايتتى. ئۇ قۇرۇپ قالغان مۇخلارنى يىغماقچى بولدى، لېكىن زادىلا ئورنىدىن تۇرالمىدى. قايتا تىرمىشىپ باققان بولسىمۇ ئامال بولمىدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئويىدىن ۋاز كېچىپ، تۆت ئاياغلىق بولۇپ ئۆمىلىدى.

قايناقسۇ قايىنتىپ ئىچكەندىن كېيىن ئۇ ھەرھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭغۇدەك بولدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى پايانسىز دېڭىزنى قاراڭ-غۇلۇق قاپلىغان مەزگىلدە ئۇ ئۆزىنىڭ دېڭىز بىلەن بولغان ئارىلىقى-نىڭ تېخى تۈت مىلچىمۇ قىسقارمىغانلىقىنى بىلدى.

كېچىچە ئۇ ھېلىقى كېسەل بۆرىنىڭ قېقىلىۋاتقانلىقىنى پات-پات ئاڭلاپ تۇردى. بەزىدە بۇغا موزايلىرىنىڭ مەرەشلىرىمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھاياتلىق، يەنە كېلىپ كۈچلۈك ھاياتلىق، يەنى ساغلاملىق ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ يەنە ھېلىقى كېسەل بۆرىنىڭ ئۆزىنى ئاۋۋال ئۆلەمدىكىن، دەپ ئەگىشىۋالغانلىقىنىمۇ بىلىپ يەتتى.

قۇياش يالىلداپ كۆتۈرۈلدى. بۇ سەھەر ئۇ نۇرانە دېڭىزدىكى ھېلىقى پاراخوتقا قاراپ سەنتۈرەكلىگىنىچە مېڭىۋەردى. ھاۋا تولىمۇ بەلەن ئىدى. بۇ يۇقىرى كەڭلىكتىكى جايلارغا خاس قىسقا كەچ كۈز مەزگىلى بولۇپ، بىرەر ھەپتىدەك داۋاملىشىشى مۇمكىن، ئېھتىمال ئەتىلا ئاياغلىشامدۇ تېخى.

چۈشتىن كېيىن ئۇ بىرمۇنچە ئىزلارنى بايقىدى. بۇ باشقا بىرەي-لەننىڭ ئىزى بولۇپ، ئۇ ماڭماي ئۆمىلىگەندەك قىلاتتى. ئۇ بۇنى ئېھتىمال بىللنىڭ ئىزى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى، ئەمما بۇ ھەقتە كۆپ باش قاتۇرۇپ ئولتۇرمىدى ھەمدە بۇنىڭغا قىزىقىپمۇ كەتمىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭدا قىزىقىش ۋە قىزغىنلىق دېگەنلەر ئاللىبۇرۇن ئۆلگەنىدى. ئەمدى ئۇ ئازابنىمۇ ھېس قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ ئاشقازان ۋە نېرۋىلىرى سېزىمىنى يوقاتقان، ئەمما ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھاياتلىق كۈچى ئۇنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە مەجبۇرلىماقتا ئىدى. ئۇ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن، ئەمما ياشاشقا بولغان ئىنتىلىش تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ زادىلا ئۆلگۈسى يوق ئىدى. دەل شۇ سەۋەبتىن ئۇ سازلىقتىكى مېۋى-لەرنى يېگەن، بېلىق تۇتماقچى بولغان، قايناقسۇ ئىچكەن، ھېلىقى كېسەل بۆرىدىن داۋاملىق ھوشيار تۇرغان.

ئۇ ھېلىقى تىرمىشىپ ئالدىغا ماڭغان كىشىنىڭ ئىزىنى بويلاپ مېڭىۋەردى ھەم ئۇزاققا بارماي ئاخىرقى پەللىگە باردى. بۇ يەردىكى نەم مۇخلارنىڭ ئۇستىدە يېڭىلا غاجىلىنىپ قۇرۇق قاقشال بولۇپ قالغان بىرنەچچە تال سۆڭەك تۇراتتى، ئەتراپتا يەنە بۆرىلەرنىڭ نۇرغۇنلىغان ئاياغ ئىزلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭكى بىلەن ئوپمۇئوخشاش، بۇغا تېرىسىدىن تىكىلگەن قېلىن خالتىنى كۆردى، لېكىن ئۇنى بۆرىلەر ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن تىتما - تىتما قىلىۋەتكەنىدى. بۇنىڭدىن بىلىنىڭ تاكى ئۆلگىچە ئۇنى يېنىدىن ئايرىمىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

ئۇ بۇرۇلۇپلا بۇ يەردىن نېرى كەتتى. بىلىنىڭ ئۆزىنى تاشلاپ كەتكىنى راست، لېكىن ئۇنىڭمۇ ئاۋۇ خالتىدىكى كېپەك ئالتۇنىنى ئېلىپ كەتكىسى كەلمىدى ھەم بىلىنىڭ سۆڭىكىنى شۇمۇپمۇ ئولتۇرمىدى.

بۇ كۈنى ئۇنىڭ ھېلىقى پاراخوت بىلەن بولغان ئارىلىقى ئۈچ مىل قىسقىرىدى؛ ئەتىسى يەنە ئىككى مىل قىسقىرىدى، چۈنكى ئۇ ئەمدى مېڭىشتىن قېلىپ ئۆمىلەشكە چۈشۈپ قالغانىدى؛ بەشىنچى كۈنگە بارغاندا، ئۇ ھېلىقى پاراخوتنىڭ ئۆزىدىن يەنە يەتتە مىل يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى بىلدى، ئەمما ئۇ ئەمدى كۈنگە بىر مىلمۇ ئۆمىلىيەلمەس بولۇپ قالغانىدى.

ئۇنىڭ تىزلىرىمۇ پۇتلىرىغا ئوخشاش تىتىلىپ قاناپ كەتكەن، كىيىۋالغان كۆڭلىكىنى يىرتىپ تىزلىرىنى يۆگىۋالغان بولسىمۇ، كەينىدىكى مۇخ ۋە تاشلاردا يەنىلا ئۇنىڭ قانلىق ئىزلىرى قېپقېلىۋاتاتتى. بىر قېتىم ئۇ كېسەل بۆرىنىڭ ئېچىرقاپ كەتكىنىدىن ئۆزىنىڭ قانلىق ئىزلىرىنى يالاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى - دە، ئۆزىنىڭ بۇ بۆرىنى ئۆلتۈرۈۋەتمىسە قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ھايات قېلىش ھەققىدىكى بىر پەردىلىك ئېچىنىشلىق تراگېدىيە باشلاندى — كېسەل كىشى يول بويى ئۆمىلەپ

ماڭماقتا، كېسەل بۆرە بولسا ئاقساقلىغىنىچە ئۇنىڭغا ئەگەشمەكتە، بۇ ئىككى جانلىق بۇ چۆل - باياۋاندا كاردىن چىققان تېنىنى سۆرەشكىنىچە قارشى تەرەپنى ئوۋلاشنى كۈتۈشمەكتە ئىدى.

بىر قېتىم ئۇ خاراموش ھالدا يېتىۋېتىپ، ھاسىرىغان تىنۋىشتىن ئويغىنىپ كەتتى. ئەسلىدە بۆرە ھاسىرىغىنىچە ئۆزىگە شىپقاپ كېلىۋاتقانىكەن. بۆرە ئۇنىڭ قېشىغا كېلەيلا دەپ قالغان، لېكىن ئۇ تېخىچىلا قىمىر قىلالماي ياتاتتى. مانا ئاخىر بۆرە ئۇنىڭ بېشىنىڭ قېشىغا كەلدى ھەمدە بۆرىنىڭ قۇم قەغەزدەك يىرىك تىلى ئۇنىڭ ئېڭىكىگە تەگدى. شۇندىلا ئۇ بارماقلىرىنى بۈركۈتنىڭ تىرناقلىرىدەك ئىلمەكلەپ بۆرىگە ئۇزاتتى، لېكىن تۇتالمىدى.

بۆرە ھەقىقەتەنمۇ سەۋر - تاقەتلىك كېلىدۇ، ئادەممۇ شۇنداق.

بۇ كۈنى ئۇ ئۇخلاپ قېلىپ بۆرىگە يەم بولۇپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، يېرىم كۈندەك ئويغاق ياتتى، ئەمەلىيەتتە ئامال بولسا ئۇنىڭمۇ ئاشۇ بۆرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكۈسى بار ئىدى.

ئۇ يەنە بىر قېتىم ئاستا ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ بىر تىلىنىڭ ئۆزىنىڭ بىر قولىنى يالاشقا باشلىغانلىقىنى سەزدى. ئۇ مىدىر - سىدىر قىلالماي كۈتۈپ ياتتى. بۆرىنىڭ چىشلىرى ئۇنىڭ قولىنى دەسلەپتە بوش چىشلىدى، ئاندىن چىشلىرى پېتىنىشقا باشلىدى. بۆرە ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ ئۆزى يېيىشنى ئۇزاق كۈتكەن نەرسىگە چىشلىرىنى پاتۇرماقتا ئىدى. چىشلەنگەن بۇ قول تۇيۇقسىز بۆرىنىڭ چىش مىلىكىنى تۇتۇۋالدى. بۆرە كۈچسىز تىركىشىۋاتقان، ئۇنىڭ قولىمۇ كۈچسىز قاماللاپ تۇرۇۋاتقان شۇ پەيتتە، ئۇنىڭ يەنە بىر قولىمۇ ئاستا ھەرىكەتكە كەلدى...

بەش مىنۇتتىن كېيىن ئۇ، بۆرىنى ئاخىر ئاستىغا بېسىۋالدى. ئۇنىڭ قوللىرى بۆرىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈشكە كۈچىيەلمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ يۈزى بۆرىنىڭ كانىيىنى چىڭ بېسىپ تۇراتتى، ئاغزىغا بولسا بۆرىنىڭ تۈكلىرى توشۇپ كەتكەنىدى. يېرىم سائەتتىن كېيىن ئۇ

ئىسسىق بىر خىل سۇيۇقلۇقنىڭ ئاغزىغا ئېقىپ كىرگەنلىكىنى سەز-
دى . كېيىن ، ئۇ يېنىغا ئۆرۈلۈپ ئوڭدىسىغا ياتتى .

«پادىق » ماركىلىق كىت تۇتۇش پاراخوتىدا ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ بىرنەچچە ئەزاسى بار ئىدى . ئۇلار پالۇبىدا تۇرۇپ قىر-غاقتا غەلىتە بىرنەرسىنىڭ تۇرغانلىقىنى ، ئۇنىڭ دېڭىزغا قاراپ ئاستا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى . ئەمما ، ئۇنىڭ زادى قايسى خىل هايۋان ئىكەنلىكىنى ئىلغا قىلالمىدى . شۇنىڭ بىلەن قېيىققا ئولتۇ-رۇپ ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغىلى قىرغاققا قاراپ ماڭدى .

ئۇلار ئىرىك بىر هايۋاننىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈشتى ، ئەمما بىرلا قاراشتا ئۇنىڭ ئادەملىكىگە ئىشەنگىلى بولمايتتى . ئۇ كۆرۈش ۋە باشقا سېزىملىرىنى يوقاتقان ، خۇددى زور بىر قۇرتتەك يەردە تولغانغىنىچە ئالدىغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى . ئۇنىڭ كۇچەشلىرى كۆپىنچە كار قىلمايتتى ، شۇنداقتىمۇ ئۇ توختىماي داۋاملىق تولغانماقتا ئىدى . ئۇ مۇشۇنداق ئۆمىلىشكە قارىغاندا ، بىر سائەتتە ئاران يىگىرمە فۇت ئىلگىرىلىيەلىشى مۇمكىن .

ئۈچ هەپتە ئۆتۈپ كەتتى ، بۇ كىشى ئېنچىلا «پادىق » ماركىلىق پاراخوتتا قوپماي ياتاتتى . بۇگۈن ئاخىر ئۇ ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىد-نى ، ئۆزىنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرىنى تولۇق سۆزلەپ بېرەلىدى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، دۇدۇقلىغان ، گەپلىرى باغلاشمىغان هالدا ئۆزد-نىڭ ئانىسى ، ئىللىق ئاپتاپقا چۆمۈلگەن جەنۇبىي كالىفورنىيە هەمدە ئاپىلسىن دەرىخى ۋە گۈللۈكلەر ئوراپ تورغان ئۆيى هەققىدىمۇ سۆز-لىدى . . .

## مۇهاكىمە ۋە مەشىق

1 . «هاياتقا مۇهەببەت» 1906 ـ يىلى يېزىلغان . ئۇنىڭدا بىر ئادەمنىڭ ئاچلىق ، سوغۇق ۋە ئاغرىق ئازابىنى يېڭىپ ، هالاكەت

گىردابىدىن ھاياتلىق ئىزدىگەن ئاجايىپ كەچۈرمىشى ئارقىلىق ئادەم-
نىڭ ناچار تەبىئىي مۇھىت بىلەن مەردانە كۈرەش قىلىش ئىرادىسى
ئىپادىلەنگەن، ھېكايە ۋەقەلىكى ئاجايىپ ھەمدە زىچ كىرىشتۈرۈلگەن.
ئاپتور مۇھىت تەسۋىرىگە دىققەت قىلغان ۋە پېرسوناژنىڭ تۈرلۈك
روھىي ھالەتلىرىنى چىن تەسۋىرلىگەن. ئاپتورنىڭ تەسۋىرلەش مۇد-
دىئاسى، يەنى 15 قاداق كېلىدىغان يىرىك كېپەك ئالتۇن ۋە كېسەل
بۆرىنىڭ تەسۋىرى قاتارلىقلارنى ئىگىلەشكە ماھىر بولۇپ، ئاپتورنىڭ
بۇلارنى نېمە ئۈچۈن تەسۋىرلىگەنلىكىنى ئويلاپ بېقىش لازىم. ھېكايە
باش تېمىسىغا بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا مۇلاھىزە قىلىشقا بولىدۇ.

2. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ھېكايىدىكى باش پېرسوناژ-
نىڭ ئوبرازىنى ھېس قىلىپ، پېرسوناژنىڭ ئاچارچىلىق، كېسەل،
ۋەھىمە ئۈستىدىن غالىب كېلىش سەۋەبىنى تەھلىل قىلىپ، ھاياتنىڭ
قىممىتىنى چۈشىنىشۈيلىك ھەمدە ئۇلارنىڭ مۇرەككەپ جۈملىلەرنىڭ
قايسى تۈرگە كىرىدىغانلىقىنى پەرقلەندۈرۈڭ.

*ئۆلگەندىن كېيىن ھېچنېمىدىن ئاغرىنمايدىغان گەپ. ئۆلۈش
ئۇخلىغانغا باراۋەر. ئۇ ئاياغلىشىش، ئارام ئېلىشنى بىلدۈرىدۇ.
شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ يەنە نېمە ئۈچۈن ئۆلۈشنى خالىمايدۇ؟*

*نەدە يىقىلىپ چۈشسە شۇ يەردە يېتىپ ئارام ئالدى، ئۆلۈم
تەھلىكىسى كۆزىگە كۆرۈنۈشى بىلەنلا يەنە غەيرەتلىنىپ، ئاستا مې-
ڭىشنى داۋاملاشتۇردى ... ئۇ ئۆلۈپ قالماسلىق، ھايات قېلىش ئۈ-
چۈنلا ئالدىغا سۆرۈلۈپ كېتىۋاتاتتى.*

*ئۇنىڭ ئاشقازان ۋە نېرۋىلىرى سېزىمىنى يوقاتقان، ئەمما ئۇنىڭ
ۋۇجۇدىدىكى ھاياتلىق كۈچى ئۇنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە مەجبۇرلىماقتا
ئىدى. ئۇ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن، ئەمما ياشاشقا بولغان ئىنتىلىش
تۇپەيلىدىن ئۇنىڭ زادىلا ئۆلگۈسى يوق ئىدى.*

# 12 . تۇرمۇشتىن بەھرىلىنىش

## خېلىن كېللېر①

مەن ئوقۇرمەنلىرىمنىڭ ئالدىنقى باب، پاراگرافلاردىكى بايانلار-
دىن: بۇنىڭ بىردىنبىر قىزىقىدىغىنى — ئوقۇشتىن لەززەتلىنىش
ئىكەن، دەپ يەكۈن چىقارمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئەمەلىيەتتە،
مېنىڭ ھوزۇرلىنىدىغان نەرسىلىرىم بەكمۇ كۆپ ۋە خىلمۇخىل.

مەن دالىدا سەيلە قىلىش ۋە سىرتتا ھەرىكەتلىنىشنى بەكمۇ
ياخشى كۆرىمەن. مەن بالىلىق چېغىمدىلا كېمە ھەيدەش ۋە سۇ ئۈ-
زۈشنى ئۆگىنىۋالغان. ماسساچۇسېتس شتاتىنىڭ لۇنسام دېگەن يېرى-
دىكى ۋاقتىمدا، ياز كۈنلىرى مەن كېمە ئۈستىدە دېگۈدەك تۇرمۇش
كەچۈرەتتىم. دوستلىرىم يوقلاپ كەلگەندە، ئۇلار بىلەن بىللە بېرىپ
كېمىگە چۈشۈشتىنمۇ لەززەتلىك ئىش بولمايتتى. راستىنى ئېيتقان-
دا، مەن كېمىنى سىلىق ھەيدىيەلمەيتتىم، پەقەت سۇ ئوتلىرى، ياتما
نېلۇپەر ۋە قىرغاقتىكى چاتقاللار ئارقىلىقلا نىشاننى ئىگىلەيتتىم،
پالاق تاسما ئارقىلىق پالاق ھالقىسىغا مۇقىملاشتۇرۇلغان بولۇپ، مەن
سۇنىڭ توسقۇنلۇق كۈچى ئارقىلىق قوش پالاق كۈچىنىشنىڭ تەڭپۇڭ
ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى، شۇنداقلا قانداق چاغدا كېمىنى ئېقىنغا
قارشى ماڭدۇرۇش كېرەكلىكىنى بىلەتتىم. مەن بوران - دولقۇنلار
بىلەن ئېلىشىشنى، مۇستەھكەم كىچىك كېمەمنى ئىرادەم ۋە كۈچ-

---

① خېلىن كېللېر (1880—1968) — ئامېرىكىلىق ئايال يازغۇچى ۋە ناتىق، ئۇ 18 ئايلىق بولغاندا ئەما، گاچا ھەم گاس بولۇپ قالغان. «ئۈمىدۋارلىق»، «مەن تۇرغان دۇنيا»، «قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. بۇ تېكىست ئۇنىڭ «ئەگەر ماڭا ئۈچ كۈن يورۇقلۇق بېرىلسە» ناملىق تەرجىمىھال ئەسىرىدىن ئېلىندى.

قۇۋۋىتىمگە بويسۇندۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتىم ، كېمە دولقۇنلىغان پارقىراق ۋە سۇزۇك كۆل يۈزىدە بەڭگىل ماڭاتتى ، دولقۇنلار ئۇنى يۇقىرى ـ تۆۋەنگە توختاۋسىز تەۋرىتەتتى . بۇ كۆرۈنۈش كىشىنى ھەقىقەتەن ھۇزۇرلاندۇراتتى !

مەن چاپما قېيىق ھەيدەشكىمۇ ئامراق . مەن : ئايدىڭ كېچىدىكى كېمە كۆتۈرۈلگەن ۋاقىتنى ياخشى كۆرىمەن دېسەم ، بەلكىم سىلەر قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشىڭلار مۇمكىن . شۇنداق ، مەن ئاينىڭ قارىغاي-لار كەينىدىن كۆككە كۆتۈرۈلگەن ھالدا ئاسمان مەركىزىدىن ئاستا-ئاستا ئۆتۈپ ، زېمىنغا بىر نۇرلۇق يورۇق يول قالدۇرغانلىقىنى كۆرەلمىسەممۇ ، لېكىن مەن ئاينىڭ شۇ يەردە ئىكەنلىكىنى بىلگەندەك قىلىمەن . مەن چارچىغىنىمدىن تۆشەكتە يېتىپ ، قولۇمنى سۇغا قويغىنىمدا ، گويا كېچىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتكەن بۇ ئاي نۇرىنىڭ شۇنداق ئۆتكىنىنى كۆرگەندەك ، قولۇم ئۇنىڭ كىيىملىرىگە تەگكەن-دەك بولىمەن ، بەزىدە بەزى يۇرەكلىك بېلىجانلار بارماقلىرىم ئارىسى-دىن سىيرىلىپ ئۆتىدۇ ، ياتما نىلۇپەر ئۇيالغان ھالدا بارماقلىرىمنى سۆيىدۇ .



مەن ئۆتكەن يىلى يازنى نيۇ ـ ئىنگلىندنىڭ مەنزىرىسى سۈرەت-
تەك گۈزەل ، ئادەمنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان بىر جىمجىت يېزى-
سىدا ئۆتكۈزدۈم . ماسساچۇسېتستىكى لۇنسام بىلەن مېنىڭ مۇناسى-
ۋىتىم خۇددى ئايرىلماس مۇناسىۋەتتەك ، هاياتىمدىكى بارچە خۇشاللىق
ۋە غەم ـ قايغۇلىرىممۇ مۇشۇ يەرگە باغلانغاندەك ئىدى . چامبىرلى-
نىسنىڭ كونا ئۆيى ، فىلىپ كۆلى بويىدىكى قىزىل رەڭلىك قورۇق
مېنىڭ ئائىلەمگە ئايلاندى ، بۇ سىرداش دوستلىرىم بىلەن بىللە ئۆت-
كەن شاد ـ خۇرام كۈنلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ماڭا بولغان مېھرىبانلىقىنى
ھەربىر ئەسلىسەم ، كۆڭلۈم ھاياجانغا تولىدۇ . ئۇلارنىڭ بالىلىرى
ماڭا يېقىن ھەمراھلاردىن بولۇپ ، ماڭا نۇرغۇن ياردەم بەرگەن . بىز
بىللە ئوينايتتۇق ، ئورمانلىقتا قول تۇتۇشۇپ سەيلە قىلاتتۇق ، سۇغا
چۆمۈلەتتۇق . بىرنەچچە كىچىك بالا مېنى چۆرىدەپ ، ماڭا بىرنەرسى-
لەرنى سۆزلەپ بېرەتتى ، مېنىڭدىن ئۇنى ـ بۇنى سورايتتى ، مەنمۇ
ئۇلارغا جىن ـ شەيتانلار ، پاپىلار ، قەھرىمانلار ۋە ھىيلىگەر ئىت
ئېيىق توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەتتىم ، بۇلارنى ئويلىسام ، ھازىرمۇ
قىزىق تۇيۇلىدۇ .

چامبىرلىنىس ئەپەندى يەنە مېنى ئاشۇ دەرەخلەر ۋە ياۋا گۈللەر-
نىڭ سىرلىق دۇنياسى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشكە يېتەكلەيتتى .
كېيىن ، مەن بېرىلىپ تىڭشاپ كاۋچۇك دەرىخى سۈيىنىڭ گويا ئوق-
چۇپ ئېقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندەك ، قۇياشنىڭ دەرەخ يوپۇرماقلىرىغا
چاچقان نۇرلىرىنى كۆرگەندەك بولدۇم .

نەم تۇپراققا كۆمۈلگەن دەرەخ يىلتىزى ،
دەرەخ ئۇچىنىڭ شادلىقىدىنمۇ بولار بەھرىمەن .
نۇرغا تولغان ئاسماندا ئۇچۇشار قۇشلار ،
ئېھ !
تەبىئەتكە ھەممەيەس بولغاچقا مەن ،
كۆرۈنمەس نەرسىلەرنىمۇ چۈشىنىمەن جەزمەن .

مېنىڭ قارىشىمچە، ھەربىر ئادەم بىر خىل يوشۇرۇن ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ، ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ ئەلمىساقتىن بۇيانقى تەسىر ۋە ھېسسىياتلىرىنى چۈشىنەلەيدۇ. ھەربىر ئادەمنىڭ ئېڭىدا يەنە يېشىل زېمىن، شىلدىرلاپ ئاققان سۇنىڭ خاتىرىسى ساقلانغان بولىدۇ. گاس ـ قارىغۇلاردىنمۇ ئۇلاردىكى ئەجدادىدىن قالغان بۇنداق تەبىئىي قابىلىيەتنى تارتىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق ئىرسىيەت ئىقتىدارى— بىر خىل ئالتىنچى سېزىم، يەنى كۆرۈش سەزگۈسى، ئاڭلاش سەزگۈسى ۋە تېگىش سەزگۈسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرگەن ئىدراكتىن ئىبارەت.

..................

ئەركىن ـ ئازادە سەيلە قىلىشتىن سىرت، مەن يەنە قوش كىشىلىك ۋېلىسىپىت مىنىپ ئويناشنىمۇ ياخشى كۆرىمەن. سالقىن شامال يۈزلىرىمگە ئۇرۇپ، تۆمۈر ئېتىمنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن سەكرىشىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولىمەن. ۋېلىسىپىتنى شامالغا قارشى تېز ھەيدەش ئادەمنى شادلاندۇرىدۇ ۋە ئۆزىنى كۈچلۈكتەك، لەيلەپ يۈرگەندەك ۋە كۆڭلى ئازادىلىككە تولغاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرىدۇ.

سەيلە قىلىش، ئات مىنىش ۋە كېمە ھەيدەشتە، ئىمكانقەدەر ئىتىمنى ئەگەشتۈرۈۋالىمەن. مېنىڭ نۇرغۇن ئىت دوستلىرىم، مەسىلەن، بەدىنى قاۋۇل ماستىنى ئىتى، كۆرۈنۈشى مۇلايىم سىپېنىر ئىتى، ئورمانلىقتا يۇگۈرۈشكە ماھىر ساتوۋ تايغىنى ۋە سادىق، ئەمما كۆرۈمسىز دشۇر بۆرە ئىتى بار ئىدى. مېنىڭ ھازىر ئەتىۋارلايدىغىنىم بىر ساپ نەسىللىك بۆرە ئىت، ئۇنىڭ قۇيرۇقى ئەگرى، چىرايى قىزىقارلىق بولۇپ، ئادەمنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدۇ. بۇ ئىتلار خۇددى مېنىڭ فىزىئولوگىيىلىك كەمتۈكلۈكۈمنى چۈشەنگەندەك، يالغۇز قالغان چاغلىرىمدا مېنىڭدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمايتتى.

ھەر قېتىم يامغۇر يېغىپ سىرتقا چىقالمىغان چاغلىرىمدا، مەنمۇ باشقا قىزلاردەك ئۆيدە ھەر خىل چارىلەر بىلەن ۋاقىتنى ئۆتكۈزىمەن.

مەن تور توقۇشنى ياكى كىتاب ۋاراقلاشنى، يا بولمىسا دوستلىرىم بىلەن بىر ـ ئىككى قېتىم شاھمات ئويناشنى ياخشى كۆرىمەن. مېنىڭ ئالاھىدە ياسالغان بىر شاھمىتىم بار، بۇ شاھمات تاختىسىنىڭ كاتەكچىلىرى ئويۇپ ياسالغان بولۇپ، شاھمات ئۇرۇقلىرىنى ئۇنىڭغا پۇختا ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ. قارا ئۇرۇقلار سىدام، ئاق ئۇرۇقلارنىڭ بولسا، ئۈستى ئەگرى بولۇپ، ئۇرۇقلارنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش ئەمەس، ئاق ئۇرۇقلار قارا ئۇرۇقلارغا قارىغاندا چوڭ، شۇڭا مەن قولۇم بىلەن تۇتۇپ بېقىش ئارقىلىق قارشى تەرەپنىڭ شاھمات ۋەزىيىتىنى چۈشىنەلەيمەن. شاھمات ئۇرۇقلىرىنىڭ بىر كاتەكچىدىن يەنە بىر كاتەكچىگە يۆتكىلىشتىكى سىلكىنىشىگە قاراپ، مېڭىش نۆۋىتىنىڭ ماڭا قاچان كېلىدىغانلىقىنى بىلىۋالىمەن.

ئۆزۈم يالغۇز قېلىپ زېرىككەن چاغلىرىمدا، مەن يالغۇز كىشىلىك قارتا ئوينايمەن. مېنىڭ قارتىمىنىڭ ئۈچ تەرەپ ئۈستۈنكى بۇرجىكىدە بىر ئەمالار يېزىق بەلگىسى بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭ قانداق قارتا ئىكەنلىكىنى ئوڭايلا پەرقلەندۈرەلەيمەن.

ئەگەر قېشىمدا بالىلار بولسا، ماڭا ئۇلار بىلەن ھەر خىل ئويۇنلارنى ئويناشتىنمۇ خۇشاللىق ئىش بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ قانچىلىك كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن ئۇلار بىلەن بىللە ئويناشنى خالايمەن. مەن ئۇلارنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇلارمۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار ماڭا يول باشلىغۇچى بولۇپ، مېنى ھەممە يەرگە ئاپىرىپ، ئۆزى قىزىقىدىغان ئىشلارنى ماڭا ئېيتىپ بېرىدۇ. بالىلار ھەرپلەرنى قوشۇپ يازالمىسا، بەزىدە كالپۇك ھەرىكىتىگە قاراپ ئوقۇشتىمۇ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى چۈشەنگىلى بولمىسا، نائىلاج قول ھەرىكىتىگە تايىنىدۇ. ھەر قېتىم مەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى چۈشەنمەي خاتا ئىش قىلىپ قويغىنىمدا، ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن، تىلسىز تىياتىرنى يېڭىۋاشتىن ئورۇنداشقا توغرا كېلىدۇ. مەنمۇ ئۇلارغا دائىم ھېكايە ئېيتىپ بېرىمەن، ئويۇن ئويناشنى ئۆگى-

تىمەن ، ئۇلار بىلەن بىللە بولسام ، خۇشاللىقتىن ۋاقتىنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلەلمەي قالىمەن .

مۇزېي ۋە سەنئەت سارايلىرىمۇ خۇشاللىق ۋە ئىلھامنىڭ مەنبەسى . نۇرغۇن كىشىلەر مېنىڭ كۆز ئارقىلىق ئەمەس ، بەلكى يالغۇز قول ئارقىلىقلا بىر پارچە مۇزدەك سوغۇق مەرمەر تاشتا ئىپادىلەنگەن ھەرىكەت ، ھېسسىيات ۋە گۈزەللىكنى ھېس قىلالايدىغانلىقىمدىن قاتتىق گۇمانلىنىدۇ . دەر ھەقىقەت ! مەن راستتىنلا مۇشۇ نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرىنى سىلاش ئارقىلىق ھەقىقىي خۇشاللىققا ئېرىشەلەيمەن . بارماقلىرىم بۇ سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ سىزىقلىرىغا تەگكەندە ، سەنئەتكارلارنىڭ ئىپادىلىمەكچى بولغان ئىدىيىسىنى ھېس قىلالايمەن . مەن رىۋايەتتىكى قەھرىمانلار ھەيكەللىرىنىڭ يۈزلىرىدىن ئۇلارنىڭ مۇھەببەت ـ نەپرىتى ۋە باتۇرلۇقىنى خۇددى ھايات ئادەملەرنىڭ يۈزلىرىنى سىلاش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھېسسىياتى ۋە خىسلىتىنى بىلگەندەك سېزەلەيمەن . دىئانا[①] ھەيكىلىنىڭ تۇرقىدىن مەن ئورمانلىقتىكى گۈزەللىك ۋە ئەركىنلىكنىڭ يىرتقۇچ شىرنىمۇ بويسۇندۇرۇپ ، ئەڭ كۈچلۈك ھېسسىيات ۋە مەنىۋىيەتنىمۇ يېڭىشكە قادىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم ؛ ۋېناس[②] ھەيكىلىدىكى تەمكىنلىك ۋە ئۇنىڭدىكى نەپىس ئەگرى سىزىقلار قەلبىمنى خۇشاللاندۇرسا ، باررې[③] مىس ھەيكىلىدە ئورمانلىقنىڭ سىرى نامايان قىلىنغان .

كۇتۇپخانامنىڭ تېمىغا ھومېر[④] نىڭ يۇمىلاق ھەيكىلى ناھايىتى پەس ئېسىلغان بولۇپ ، قول ئۇزىتىپلا سىلاشقا بولىدۇ . مەن دائىم ئىنتايىن ھۆرمەت ھېسسىياتىم بىلەن ئۇنىڭ چېچەن ۋە ھەسرەتلىك چىرايىنى سىلايمەن . ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى ھەربىر قورۇق خۇددى

---

① دېئانا — رىم رىۋايەتلىرىدىكى ئايال ئىلاھ .

② ۋېناس — رىم رىۋايەتلىرىدىكى مۇھەببەت ۋە گۈزەللىكنىڭ ئايال ئىلاھى .

③ باررې (1510—1590) — فرانسىيە خىرورگىيىشۇناسى ، ھازىرقى زامان خىرورگىيىسىنىڭ مۇھىم ئاساس سالغۇچىلىرىدىن بىرى .

④ ھومېر (تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 8 ـ ، 9 ـ ئەسىرلەر) — قەدىمكى يۇنان شائىرى ، ئەما ناخشىچى .

ئۆنىڭ ھاياتىنىڭ يىل ھالقىلىرىغا ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىزلىرى بېسىلـ
غاندەك ماڭا بەش قولدەك ئايان . ئۆنىڭ مۆزدەك سوغۇق كۆل رەڭ
تاش ئىچىدىكى ئەما كۆزلىرى يەنىلا ئۆزى چىن قەلبىدىن ياخشى
كۆرىدىغان يۇنان ئوچۇن يورۇقلۇق ۋە كۆك ئاسمان تىلىسىمۇ، لېكىن
ئاقىۋەتتە ھامان ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالغان . ئۆنىڭ گۈزەل جاۋغايـ
لىرى قەتئىي ، چىن ، ئەمما مۇلايىم ئىدى . مانا بۇ ، ئازاب ـ ئوقۇبەتـ
نى يەتكۈچە تارتقان شائىرنىڭ چىرايى . ئىھ ! مەن ئۆنىڭ ھاياتىدىكى
ئەپسۇسلىنىشنى ، ئاشۇ خۇددى ئۆزاقتا سوزۇلغان كېچىلەرگە ئوخـ
شايدىغان دەۋرىنى تولۇق چۈشىنەلەيمەن :

ئاھ ! زۇلمەت ، زۇلمەت ،

بۇ چۈش پەيتىدىكى كۆزنى چاقنىتىدىغان قۇياش نۇرى ئاستىدا ،

مۇتلەق زۇلمەت ، تامامەن قاراڭغۇلۇق ،

يورۇقلۇقتىن مەڭگۈ ئۈمىد يوق !

مەن خۇددى ھومېرنىڭ ئېيتىۋاتقان ناخشىسىنى ئاڭلاۋاتقاندەك ،
بىر چېدىر بارگاھتىن يەنە بىر چېدىر بارگاھقا ناخشا بىلەن ئۆتۈپ ،
تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرگەندەك قىلىمەن . ئۇ تۇرمۇشنى ، مۇھەببەت
ۋە ئۇرۇشنى مەدھىيىلىمەكتە ، بىر قەھرىمان مىللەتنىڭ پارلاق ئىش
ئىزلىرىنى كۈيلىمەكتە . بۇ ھەيۋەتلىك سەلتەنەتلىك ناخشا ئەما شائىرـ
نى ئۆچمەس تاج (شان ـ شەرەپ) ۋە ئەجدادتىن ئەۋلادقىچە ھۆرمەتكە
ئىگە قىلغان .

بەزىدە مەن ھەتتا كۆزنىڭ ھەيكەل گۈزەللىكىگە بولغان زوقلىنىـ
شىنىڭ قولغا قارىغاندا سەزگۈر ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىمەن . مېنىڭـ
چە ، تېگىش سېزىمىنىڭ ئەگرى سىزىق رىتىمىغا بولغان تۇيغۇسى
تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ . شۇنداق بولۇش ـ بولماسلىقىدىن قەتئىينەـ
زەر ، مېنىڭ قارىشىمچە ، مەن يوغان مەرمەر تاشتىن ياسالغان ئىلاھىي
ھەيكەللەردىن قەدىمكى يۇنانلىقلار كەيپىياتىدىكى دولقۇنسىمان تەۋرىـ
نىشنى ھېس قىلالايمەن .

ئوپېرادىن ھوزۇرلىنىش — بىرقەدەر ئاز بولىدىغان بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش. مەن سەھنىدە ئويۇن قويۇلۇۋاتقاندا، باشقىلارنىڭ ماڭا ئوپېرا ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بېرىشىنى ياخشى كۆرىمەن. بۇ، سەھنە ئەسىرىنى ئوقۇشقا قارىغاندا تېخىمۇ قىزىقارلىق، چۈنكى مەن شۇنداق بولغاندا ئۆزۈمنى شۇ مەنزىرە ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندەك كەيپىياتتا سېزىمەن. مەن بەختىمگە يارىشا بىرنەچچە مەشھۇر ئارتىس بىلەن ئۇچراشقان. ئۇلارنىڭ ئورۇنداش ماھارىتى يۇقىرى بولۇپ، ماڭا ھازىرقى كۆرۈنۈشنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، مېنى قەدىمكى رومانتىك دەۋرگە باشلاپ كېتەلەيدۇ. ئېلۇن تېررىي خانىم ئادەتتىن تاشقىرى سەنئەت تالانتىغا ئىگە، بىر قېتىم ئۇ بىزنىڭ قەلبىمىزدىكى كۆڭۈلدىكىدەك بىر خانىشنىڭ رولىنى ئېلىۋاتقاندا، ئۇ مېنىڭ ئۆز يۈزى ۋە بېزەكلىرىنى سىلاپ بېقىشىمغا يول قويدى. ئۇنىڭ بەدىنىدىن تارقالغان ئالىيجاناب كەيپىيات ئەڭ زور قايغۇ ـ ھەسرەتنىمۇ تۈگىتەلەيتتى. گراف ھىندى ئۇۋىن پادىشاھلىق كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن ئۇنىڭ قېشىدا تۇراتتى، ئۇنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىدىن ئاۋامدىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئەقىل ـ پاراسەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇ رولغا چىققان پادىشاھنىڭ چىرايىدا بىر خىل سوغۇقلۇق، تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان بىر خىل غەزەپ ـ نەپرەت ئىپادىلىنەتتى، بۇنى مەن مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن.

تۇنجى قېتىم ئويۇن كۆرگەندىكى مەنزىرە ھېلىمۇ ئېسىمدە. بۇ بۇنىڭدىن 12 يىل ئىلگىرىكى ئىش بولۇپ، لىبسلىي بوستوندا ئىدى، سۇلليۋان خانىم مېنى ئۆزى ئورۇندىغان «شاھزادە بىلەن گاداي بالا»[①]نى كۆرۈشكە ئېلىپ باردى. مەن تىياتىرخانىغا تولغان خۇشاللىق، غەزەپ، قايغۇ ۋە خاتىرجەملىكنى ئۇنتۇيالمايمەن، دراما كەيپىياتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تاماشىبىنلار بىردەم خۇشاللانسا،

---

① «شاھزادە بىلەن گاداي بالا» — مارك تۋېننىڭ شۇ ناملىق ئەسىرىدىن ئۆزگەرتىپ تۈزۈلگەن.

بىردەم غەزەپلىنەتتى، بۇ كىچىك ئارتىسمۇ رولنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇندىدى.

ئۇيۇن تۈگىگەندىن كېيىن، مېنىڭ سەھنە ئارقىسىغا ئۆتۈپ، پۈزۈر دراما كىيىمى كىيگەن بۇ ئارتىسنى كۆرۈشۈمگە رۇخسەت قىلىندى. ئۇ قىز شۇ يەردە ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى، ئالتۇن رەڭ چاچلىرى مۈرىسىگە يېيىلغانىدى. ئۇيۇن ئەمدىلا ئاياغلاشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ئازراقمۇ ھارغىنلىق ۋە باشقىلار بىلەن كۆرۈشۈشنى ياقتۇرماسلىق ھالىتى كۆرۈنمەيتتى. شۇ چاغدىلا مەن ئاندىن سۆزلىدىم، ئىلگىرى ئۇنىڭ ئىسمىنى تاكى ئېنىق ئېيتالايدىغان بولغانغا قەدەر تەكرار مەشىق قىلغانىدىم. ئۇ مېنىڭ ئېيتقان بىرنەچچە ئېغىز سۆزۈمنى ئاڭلاپ چۈشىنىپ، خۇشاللىقىدىن قوللىرىنى سوزۇپ مېنى قارشى ئېلىپ، مېنىڭ بىلەن تونۇشقىنىدىن ئىنتايىن خۇشال ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى، مەنمۇ خۇشاللىقىمدىن سەكرىۋەتتىم!

ھاياتىمدا نۇرغۇن ئاجىزلىقلىرىم بولسىمۇ، لېكىن مەن شۇنداق كۆپ خىل ئۇسۇللار بىلەن بۇ رەڭگارەڭ دۇنيانى سىلاپ كۆرەلەيمەن. بۇ دۇنيا گۈزەل، ھەتتا ئۇنىڭ قاراڭغۇلۇقى ۋە جىمجىتلىقىمۇ شۇنداق. قانداق مۇھىتتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەم توختاۋسىز تىرىشىش، ھەم قانائەتلىنىشنى ئۆگىنىۋېلىش لازىم.

بەزىدە مەن ئۆزۈم يالغۇز ئولتۇرۇپ، ھاياتلىق قوۋۇقىنىڭ يېپىلىشىنى كۈتكىنىمدە، بىر خىل ھېچ ئىشقا ئارىلاشماسلىق ھېسسىياتى مېنى خۇددى بىر خىل سوغۇق تۇماندەك ئىسكەنجىگە ئېلىۋالىدۇ. يىراق يەردە نۇر، مۇزىكا ۋە دوستلۇق بولسىمۇ، لېكىن مەن ئۇنىڭ ئىچىگە كىرەلمەيمەن، تەقدىر قوۋۇقنى شەپقەتسىزلىك بىلەن تۇسۇۋالىدۇ. مەن ھەققانىي ھالدا ئاچچىق سۆزلەر ئارقىلىق بۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرمەكچى بولىمەن. چۈنكى، مېنىڭ قەلبىم يەنىلا ئوتتەك قىزغىنلىققا تولغان. لېكىن، بۇ ئازابلىق، ئەمما پايدىسىز گەپلەرنى خۇددى كۆز يېشىمنى ئىچىمگە سۈمۈرگەندەك دېمەي توختىتىۋالىمەن،

قەلبىم سۈكۈتكە تولدۇ. كېيىن، ئۈمىد ئىلاھى كۈلۈمسىرىگەن ھالدا كېلىپ، قۇلىقىمغا ئاستاغىنا: «ئۇنتۇشنىڭ ئۆزى خۇشاللىق» دەپ پىچىرلايدۇ. شۇڭا، مەن باشقىلار ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن يورۇقلۇقنى ئۆز قۇياشىم قىلىشىم، باشقىلار ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان مۇزىكىنى ئۆز مۇزىكام قىلىشىم، باشقىلارنىڭ چېھرىدىكى خۇشاللىقنى ئۆز خۇشاللىقىم دەپ بىلىشىم كېرەك.

## مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1. خېلىن كېللېر گەرچە قارىغۇ، گاس، گاچا بولۇپ، يىل بويى قاراڭغۇلۇقتا يورۇپ، ئاۋازسىز دۇنيادا ياشىسىمۇ، لېكىن ئۇ ھارماي تىرىشىش ئارقىلىق تېگىش سېزىمى بىلەن دۇنيانى ھېس قىلىپ، قاراڭغۇلۇق ۋە جىمجىتلىقنى يېڭىپ، كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ تۇرمۇشقا ماسلىشىش بىلەنلا قانائەتلەنمەي، ئۈمىدۋار تۇرمۇش پوزىتسىيىسىنى تېخىمۇ كۆپ سىناقتىن ئۆتكۈزۈپ، ئات مىندى، سەيلە قىلدى، قېيىق ھەيدىدى، قارتا ئوينىدى، ھەتتا ئوپېرالاردىنمۇ ھوزۇرلاندى··· ئۇ ئۆز ھاياتىدىكى نۇقسانلاردىن قورقماي، «شۇنچە كۆپ خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق بۇ رەڭگارەڭ دۇنيانى سىلاپ كۆردى». ئاپتورنىڭ ئالاھىدە كەچۈرمىشى ۋە چىن تەسىراتى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشنى، كىشىلىك ھاياتنى، دۇنيانى قىزغىن سۆيۈش ھېسسىياتىنى قوزغىدى. ئاپتورنىڭ: «باشقىلار ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن يورۇقلۇقنى ئۆز قۇياشىم قىلىشىم، باشقىلار ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان مۇزىكىنى ئۆز مۇزىكام قىلىشىم، باشقىلارنىڭ چېھرىدىكى خۇشاللىقنى ئۆز خۇشاللىقىم دەپ بىلىشىم كېرەك» دېگەن سۆزىدە ئىپادىلەنگىنى قانداق ھېسسىيات ۋە مەنزىل؟

2. مۇزىي ۋە سەنئەت سارىيىدا، خېلىن كېللېر سەنئەت بۇيۇم-

لىرىنىڭ سىزىقلىرىنى قوللىرى بىلەن سىلىغاندا، سەنئەتكارلارنىڭ ئىپادىلىمەكچى بولغان ئىدىيىسىنى، رىۋايەتلەردىكى قەھرىمانلار ھەيكەللىرىنىڭ يۈزلىرىدىن ئۇلارنىڭ مۇھەببەت - نەپرىتى ۋە باتۇرلۇقىنى ھېس قىلغان. كۆرۈش، ئاڭلاش ۋە سۆزلەش ئىقتىدارىدىن ئايرىلغان مېيىپلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق ھېسسىياتتا بولالامدۇ - يوق؟ نېمە ئۈچۈن؟

3. تېكىست ئىچىدىن ئۆزىڭىز ئەڭ ياخشى كۆرگەن جۈملىلەرنى تاللاپ كۆچۈرۈۋېلىڭ ۋە يادلىۋېلىڭ.

4. تېكىستتىن ئىملىق سۆزلەرنى تېپىپ ئاستىغا سىزىڭ ۋە رولىنى چۈشەندۈرۈڭ.

# ئۇنىۋېرسال ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش

1 . كۆپ كىتاب ئوقۇش ، ئوقۇش جەريانىدا قىممىتى بولغان ئۇچۇرلارنى تېزلىكتە تۇتۇۋېلىش لازىم . كونىلارنىڭ : «كىتابلارنى ئوقۇشتا مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىش» دېگەن سۆزىدە قوللىنىلغىنى كۆ- پىنچە جۇگې لياڭنىڭ : «ئومۇمىي ئەھۋالنى كۆزىتىش» ئۇسۇلىدىن ئىبارەت . لېكىن ، «ئومۇمىي ئەھۋالنى كۆزىتىش» ھەرگىز «كۆز يۈگۈرتۈش» ياكى «تەخمىنىي قاراپ قويۇش» ، «ۋاراقلاش» ئەمەس ، بەلكى بىر قەدەر قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تېز سۈرئەتتە ئۈنۈملۈك ئوقۇپ ، ئەسەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ، مەسىلەن ، قانداق پېرسوناژلارنىڭ يېزىلغانلىقى ، ھېكايىنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى نېمە ئىكەنلىكى ، قانداق يېزىش ئۇسۇلى قوللىنىلغانلىقى قاتارلىقلارنى ئىگىلەش كېرەك . تېز ئوقۇش ئۈنۈمىنى تەكشۈرۈشتە ، سىزنىڭ ئاساسىي تەسىراتىڭىزنى سۆزلەپ بېرەلەيدىغان ـ بېرەلمەيدىغانلىقىڭىز ، ئىگە بولغان ئۇچۇر- لارنى تېزلىكتە تاللاش ـ تاللىيالماسلىقىڭىز ، ھۆكۈم قىلىش ـ قىلالماسلىقىڭىز ، ئىلىپ بارالايدىغان ـ بارالمايدىغانلىقىڭىز تەكشۈ- رۈلىدۇ .

كۈندىلىك تۇرمۇش ، خىزمەت ۋە ئۆگىنىشتە ، بىز قىسقا ئەسەر- لەرنى ئوقۇش بىلەنلا قالماستىن ، بەلكى يەنە بەزى ئوتتۇراھال ، چوڭ ھەجىملىك ئەسەرلەرنىمۇ ئوقۇيمىز . چوڭ ھەجىملىك ئەسەرلەرنى ئوقۇشتا كۆپىنچە مۇشۇنداق تېز ئوقۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ . سىز تېز ئوقۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق بۇ بۆلەكتىكى ئۇزۇنراق ئۈچ تېكىستنى

ئايرىم ھالدا ئوقۇپ بېقىڭ . ئوقۇشتا چۈشىنەلمىگەن يەرلەرگە بەلگە قويۇپ ، ماتېرىيال كۆرۈپ ، ئىزدىنىپ چۈشىنىڭ ؛ ئەگەر سىز تېز ئوقۇش ئاساسىدا مۇلاھىزە قىلسىڭىز ۋە ئەسەرنىڭ ئاساسىي مەقسىتىدىنى ئېيتىپ بېرەلىسىڭىز ، ئۇ چاغدا ئۇچۇرلارنى تېز ئىگىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان بولىسىز .

2 . بۇ بۆلەكتىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇشتا ئاپتور سۆزىگە ياكى پېرسوناژلار ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىڭ : ئۇلار نېمە ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتىدۇ؟ ئۇلار بىزگە نېمە دېمەكچى؟ «قوش مەسچىت» ناملىق بۇ ھېكايىدە ئاپتور ئەرزىمەس زىددىيەت ، چاكىنا مەنمەنلىك ، ئەخمىقانە مىجەز ـ خاراكتېر تۈپەيلى ئۆز ھاياتىنى ، شۇنداقلا ئۆزگىلەر ھاياتىنى كۆڭۈلسىزلىككە دۇچار قىلغان نادانلارچە قىلمىشنى يېزىش ئارقىلىق ساغلام ئىجتىمائىي ھاياتقا ، ئالىيجاناب مىللىي تۇرمۇش شەكلىگە بولغان ئىنتىلىشنى ئەكس ئەتتۈرگەن .

3 . تېكىستنى تېز سۈرئەتتە ئوقۇپ مەزمۇنىنى چۈشەنگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭدىكى مۇھىم بۆلەكلەرنى پىششىق ئوقۇپ ، چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىڭ .

داۋىدنىڭ دادىسى ئاپتورغا : «ھايات» ، «تىنچلىق » دېگەن سۆزلەرنى ئىبرانىچە ئېيتىشنى ئۆگەتكەندىن كېيىن ، ئاپتور مۇنداق دەپ يازىدۇ :

*بۇنداق قەدىمىي ، ئەمما ئىنسانلارغا مەڭگۈ زۆرۈر بولغان ئاۋازدىن مەن تۇيۇقسىز شۇنى بايقىدىمكى ، ھاياتقا بولغان ئاجىزلاشماس قىزغىن مۇھەببەت ۋە تىنچلىققا جاھىللىق بىلەن تېۋىنىش يەھۇدىي مىللىتىنىڭ ئىنسانلار بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئەڭ زور كۈلپەتلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىغا ئىمكانىيەت بېرىپ ، ئۇلارنى ئائىلە ۋە تۇغقانلىق ھېسسىياتىنى تېخىمۇ قەدىرلەيدىغان ، بىلىم ، تەربىيە ۋە مەدەنىيەتكە ، شۇنداقلا ئۆز تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك مۇھىت يارىتىشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان قىلغان . ئەجدادلىرىنىڭ شاد-*

*لىق تارىخى ۋە نەچچە مىڭ يىللىق ھاقارەتلىك كەچۈرمىشىمۇ ئۇلارغا*
*مىللەت بىر پۈتۈنلۈكىنىڭ ئاجايىپ ياخشىلىقى ۋە ھەربىر يەككىسىد-*
*نىڭ مۇنەۋۋەرلىكى بۇ مىللەتنىڭ جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە يېڭىلمەس*
*ئورۇندا تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا نەقەدەر مۇھىملىقىنى بىلدۈر-*
*گەن !*

بۇ بۆلەك نۇرغۇن قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان .
سىز يەھۇدىي مىللىتى دۇچ كەلگەن قىسمەتلەرنى بىلەمسىز ؟ سىز
يەھۇدىيلارنىڭ مەدەنىيەت تەربىيىسىگە نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئەھمىيەت
بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ باققانمۇ ؟ ئەسەر باش تېمىسىغا بىرلەشتۈرگەن
ھالدا ئويلاپ بېقىڭ : بۇ بىر ئابزاس سۆزنىڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ پۈتۈن
تېكىستنى چۈشىنىشىدە قانداق رولى بار؟

بۇ بۆلەكتىكى باشقا تېكىستلەردىن ئەڭ مۇھىم ئابزاسلارنى تې-
پىپ ، ئوخشاش ئۇسۇللار بىلەن مۇلاھىزە قىلىڭ .

4 . كىشىلىك ھاياتنىڭ ئەھمىيىتىدىن ئېيتقاندا ، «قىزغىن سۆ-
يۈش » — بىر خىل پەزىلەت . بۇ بۆلەكتىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇسىڭىز ،
بەلكىم «ھايات » دېگەن سۆز ھەققىدە يېڭىچە تونۇشقا ، كىشىلىك
ھاياتقا نىسبەتەن يېڭىچە چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشىڭىز مۇمكىن . خېلىن
كېللېر ئەما ، گاس ، گاچا بولسىمۇ ، كېسەل تېنى ئارقىلىق تەقدىرگە
جەڭ ئېلان قىلىپ ، قەيسەرلىك بىلەن ياشىغان ۋە مۆۋەپپەقىيەتكە
ئېرىشكەن . ئەگەر ئۇنىڭغا ئۈچ كۈن يورۇقلۇق بېرىلگەن بولسا ،
ھايات خۇشاللىقىنى ساغلام كىشىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ چۈشەنگەن
بولاتتى . ھالبۇكى ، ساغلام كىشىلەرمۇ ئادەتتىكى ئادەملەر تەسەۋۋۇر
قىلالمايدىغان سىناقلارنى باشتىن كەچۈرىدۇ ، مەسىلەن ، جېك لوند-
دوننىڭ «ھاياتقا مۇھەببەت » دېگەن ئەسىرىدىكى باش قەھرىمان تىنىد-
قى توختىمىسىلا مۈشكۈللۈكلەر بىلەن ئېلىشىپ ، ئوخشاشلا ھايات
قىممىتىنى ئىپادىلىگەن . ئۆلۈمدىن قورقۇش — ئادەمنىڭ تۇغما
خۇسۇسىيىتى ، ئەمما ياشاشنىڭ يەنە نېمە ئەھمىيىتى بار ؟ بۇ بۆلەكتى-

كى ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرى ئۆزلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى چۈشەنچىلىرىنى ئوخشاشمىغان نۇقتىلاردىن ئوتتۇرىغا قويغان، ئۆزىڭىزنىڭ «تەقدىر»گە بولغان تونۇشىڭىزغا بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھاياتقا بولغان ئېتىقادىنى تەھلىل قىلىپ، چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈڭ.

5. بۇ بۆلەكتىكى ئەسەرلەردە ياشاش، ھاياتلىق، تۇرمۇش ھەققىدە نۇرغۇن بايانلار بار، بۇلار كېيىن سىزنىڭ يېزىقچىلىقتا ئالاقىدار تېمىلارنى تاللىشىڭىزغا ياردەم بېرىشى مۇمكىن، بۇ بۆلەكتىكى مەزمۇنلاردىن ماتېرىياللارنى كۆچۈرۈۋېلىپ بەش پارچە كارتۇشكا قىلىپ، ئاندىن «ياشاش، ھاياتلىق، تۇرمۇش»نى تېما قىلغان ھالدا، گۇرۇپپا يىغىنىدا ئىختىيارىي سۆزلەش ياكى ئىختىيارىي ھالدا سۆزگە چىقىش؛ ھېسسىيات ئارقىلىق كىشىنى تەسىرلەندۈرۈپ، ساۋاقداشلاردا ھەمنەپەسلىك پەيدا قىلىش لازىم.

تېز سۈرئەتتە ئوقۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق «ئەگەر ماڭا ئۈچ كۈن يورۇقلۇق بېرىلسە» دېگەن تېكىستنى دەرستىن سىرت ئوقۇڭلار.

6. ئەسەر يېزىش (بىر تېما تاللىنىدۇ)

1) بىز ھەر كۈنى بەھرىمەن بولۇۋاتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تەبىئەتنىڭ بىزگە قىلغان ئىنئامى ئىكەنلىكىنى سىز ئويلاپ باققانمۇ؟ «ئىلتىپاتىڭىزغا رەھمەت» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ئەسەر يېزىپ، بارچە مەۋجۇداتلارغا رەھمىتىڭىزنى بىلدۈرۈڭ.

[ئەسكەرتىش] دۇنيا بىز ئۈچۈن مەۋجۇت بولىدۇ. سىز ھەر كۈنى ئىچكەن سۇ، يېگەن ئاشلىق، كۆكتات ۋە مېۋە قاتارلىقلار، سىز ھەر كۈنى ئىشلەتكەن قەغەز ۋە قەلەم، ئىشلەتكەن توك ھەتتا سىزنىڭ نەپەس ئېلىشىڭىزمۇ تەبىئەتنىڭ ئىنئامى. ئادەملەر تەبىئەتتىن بەھرىمەن بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەبىئەتكە قانداق جاۋاب قايتۇرۇشى كېرەك؟

2) بىر پارچە پوۋېست ياكى روماننى تېز سۈرئەتتە ئوقۇپ (ھەر مىنۇتلۇق ئوقۇش مىقدارى بىر بەتتىن كەم بولماسلىق لازىم)، ئوقۇپ

بولغاندىن كېيىن ، بىر ـ ئىككى بەت چامىسىدا ھېكايە يېزىلىدۇ . بولمىغاندا ئاددىي مۇلاھىزە ياكى تەسىرات يېزىلىدۇ .

3 ) بىر يىلى بىر خەلقئارا تەشكىلات بالىلارنىڭ دانا سۆز ـ ئىبارىلىرىنى يىغىپ ، يىغىلغان ئەسەرلەر ئىچىدىن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر جۈملە گەپنى تاللىغان ، بۇ گەپنىڭ ئاپتورى ئالتە ياشلىق بىر ئىسپانىيىلىك بالا بولۇپ ، ئۇنىڭ گېپى مۇنداق : «كىشىلەر ھەممە يەردە ياشايدۇ !» .

بۇ بۆلەكنى ئۆگىنىش ئارقىلىق سىز بەلكىم ھايات توغرىسىدا چوقۇم نۇرغۇن تەسىراتلارغا ئىگە بولغان بولۇشىڭىز مۇمكىن ، «كىشىلەر ھەممە يەردە ياشايدۇ» دېگەن تېمىدا ئەسەر يېزىڭ .



## مەشھۇر ئەسەرلەرنى تونۇشتۇرۇش ۋە ئوقۇش

# «مىڭ بىر كېچە»

### تونۇشتۇرۇش ۋە ئوقۇش

«مىڭ بىر كېچە» — قەدىمكى ئەرەبلەرنىڭ دۇنياغا مەشھۇر ئەدەبىي ئەسىرى. ئۇنىڭغا قەدىمكى يېقىن شەرق، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە باشقا جايلاردىكى مىللەتلەرنىڭ چۆچەك - رىۋايەتلىرى، مەسەل - ھېكايىلىرى توپلانغان. ئۇ، ئاجايىپ - غارايىپ، فانتازىيىلىك ۋە سېھرىي كۈچكە ئىگە، نەپىس ۋە تەسىرلىك بولۇپ، ھەرقايسى دۆلەت ئوقۇرمەنلىرىنىڭ قەلب تارىنى چېكىپ، ئۇلارنى ئىزچىل تۇردە مەھلىيا قىلىپ كەلگەن. گوركىي ئۇنى «خەلق ئەدەبىياتى تارىخىدىكى بىر سەلتەنەتلىك ئابىدە» دېگەنىدى.

«مىڭ بىر كېچە» بىر ئادەمنىڭ قولىدىن چىقمىغان. بەلكى ئۇ، ئۆتكەن خانىدانلىقلاردىكى ئەرەب مەدداھلىرىنىڭ تەكرار پىششىقلاپ ئىجاد قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ئۇ دەسلەپ ئەرەبىستاندا تارقالغان، بۇ تەخمىنەن مىلادىيە 8 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى ئىش بولۇپ، 16 - ئەسىردە رەسمىي كىتاب قىلىنغان. بۇ ھېكايىلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەنبەسى — «ھەزار ئەفسەنە» (يەنى «مىڭ ھېكايە» ) دېگەن بىر پارس ھېكايىلەر توپلىمى ئىدى. «مىڭ بىر كېچە»دىكى نۇرغۇن مۇھىم

ھېكايىلەرمۇ باغدادنى پايتەخت قىلغان ئەرەب ئابباسىيلار سۇلالىسى-
نىڭ گۈللەنگەن دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى مىسىر دەۋرىدە بارلىققا
كەلگەن .

«مىڭ بىر كېچە»نىڭ كىتاب قىلىنىش جەريانى— ئوخشاشمىغان
جايلار ، ئوخشاشمىغان مىللەتلەرنىڭ چۆچەك ، رىۋايەت ، ھېكايىلىرى-
نىڭ ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىنىشى ۋە يۇغۇرۇلۇش جەريانىدۇر . تې-
خىمۇ مۇھىم بولغىنى شۇكى ، قوبۇل قىلىش ، يۇغۇرۇلۇش بىلەن
بىر ۋاقىتتا ، ئۇ يەنە ئوخشاشمىغان دەۋرلەرنىڭ رېئال تۇرمۇشى
ئاساسىدا يېڭى ھېكايىلەرنىڭ توختىماي ئىجاد قىلىنىشى ، ئۈزلۈكسىز
بارلىققا كېلىش جەريانى . ئۇنىڭ كىتاب قىلىنىش ۋاقتى سەككىز ،
توققۇز ئەسىرگە يەتكەن . ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى ، تەرەققىياتى ،
تۇراقلاشتۇرۇلۇشى ئەرەب جەمئىيىتىنىڭ ئوخشاشمىغان دەۋرلىرىنى
بېسىپ ئۆتكەن . ئەرەب تۇپرىقىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان . شۇڭا ،
ئۇنىڭ ھېكايىلىرى قايسى تىپتا بولمىسۇن ، روشەن ھالدا ئەرەب ۋە
ئىسلام تۈسىگە ئىگە .

«مىڭ بىر كېچە»نىڭ بېشىدا ، قەدىمكى دەۋردىكى بىر زالىم
پادىشاھنىڭ ئۆز خانىشىنىڭ باشقىلار بىلەن ئاشنا ئويناشلىقىدىن
غەزەپلىنىپ ، ھەرقانداق ئايالغا ئىشەنمەس بولغانلىقى ، ھەم ھەر ئاخ-
شىمى بىر خوتۇن ئېلىپ ، تاڭ ئېتىشى بىلەنلا ئۇنى ئۆلتۈرۈش
ئارقىلىق ئۆچ ئالغانلىقى سۆزلىنىدۇ . ۋەزىرنىڭ قىزى شەھرىزاد
گۇناھسىز ھەدە ، سىڭىللىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قەتئىيلىك بىلەن
شاھ ئوردىسىغا بېرىپ ، شاھقا نىكاھلىنىپ ، ھەر كېچە بىر ھېكايە
ئېيتىش ئارقىلىق شاھنى قىزىقتۇرۇپ ، جەمئىي مىڭ بىر كېچە
ھېكايە ئېيتىپ ، ئاخىر پادشاھنى تەسىرلەندۈرىدۇ . پۈتۈن كىتابتىكى
ھېكايە - چۆچەكلەر تەخمىنەن 200 دىن ئارتۇق . ھەر كېچە بىرنەچچە
كىچىك ھېكايىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، ھەربىر چوڭ ھېكايە بىرنەچچە
كېچىگىچە ئېيتىلىدۇ .

«مىڭ بىر كېچە» ھېكايىلىرىنىڭ تۈرى كۆپ ، تۈسى رەڭگارەڭ ، پېرسوناژلىرى ھەر خىل دېۋە ، ئالۋاستى ، ھۆر ـ پەرىلەردىن سىرت ، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى قاتلام ۋە تۈرلۈك كەسپلەرگە چېتىلىدۇ . مەسىلەن ، ئۇنىڭدا پادىشاھ ، ۋەزىر ، شاھزادە ، مەلىكە ، سودىگەر ، بېلىقچى ، تىككۈچى ، شەيخ ، ھاممال ، يايمىچى ، ھۈنەرۋەن ، قۇل ، پاھىشە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بار . كۆپ ساندىكى ھېكايىلەر خىيالىي تۈستە بولۇپ ، تۈرلۈك ـ تۈمەن ئۆزگىرىشكە ئىگە . رىۋايەت ئۇنىڭدا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئىپادىلەشنىڭ مەلۇم ئالاھىدە بەدىئىي ۋاستىسى قىلىنغان . ھېكايىدىكى سىرلىق تاشقى پەردىنى ئېچىۋەتكەندە ، قەدىمكى ئەرەب ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ خىلمۇخىل كۆرۈنۈشلىرىنى ، بولۇپمۇ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ گۈزەل ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ، ئارزۇ ـ ئارمىنى ۋە ئىنتىلىشلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .

## مۇھاكىمە

1 . بۇ نادىر ئەسەرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ياكى بىر ـ ئىككى تومنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئەسەرگە نېمە ئۈچۈن «مىڭ بىر كېچە» دەپ ئىسىم قويۇلغانلىقىنى سۆزلەپ بېرەلەمسىز ؟

2 . «مىڭ بىر كېچە» ھېكايىلىرى ئىچىدىكى سىزگە ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ھېكايىلەردىن بىرەرنى ساۋاقداشلىرىڭىزغا سۆزلەپ بېرىڭ .

3 . تۆۋەندىكى ئىككى ھېكايىدە يولسىزلىقا تاقابىل تۇرۇش ، كۆلپەتلىك تەقدىردىن قۇتۇلۇشتا پەم ـ پاراسەتنىڭ قانچىلىك ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . سىلەر كىشىلىك ھاياتتا ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن ياشاشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدىكى

چۈشەنچەڭلارنى سۆزلەپ بېقىڭلار . مۇمكىن بولسا بىرەر كەچۈرمە-
شىڭلارغا باغلاپ سۆزلەپ باقساڭلار تېخىمۇ ياخشى .

### نادىر ئۈلگە

## بەش ياشلىق بالىنىڭ ھېكايىسى ①

ئۆتمۈشتە تۆت سودىگەر مىڭ تىللا دەسمايە سېلىپ ، تەڭ شېرىك ئوقەت قىلماق بولۇشۇپتۇ . ئۇلار تىللالىرىنى جەملەپ بىر خالتىغا ساپتۇ - دە ، يەنە بىر شەھەردىن مال ئېلىشقا مېڭىپتۇ . يول ئۈستىدە دەل - دەرەخلىرى باراقسان ، مېۋىلىرى بولۇق ، گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن بىر باغنى كۆرۈپ ، ھاۋاسىغا زوقى كېلىپ : «بىردەم ئارام ئېلىپ ماڭمايمىزمۇ ؟ » دېيىشىپ باغقا كىرىپتۇ .

خالتىنى «تۆتىمىز تەڭ كەلمىگىچە ھېچكىمگە بەرمەيسەن» دەپ باغۋەننىڭ ئايالىغا ئامانەت قويۇپ ، ئۆزلىرى باغنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ . بۇلار دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان ، سۈپسۈزۈك سۇ ئېقىۋاتقان ئېرىق بويىدا ، كۆڭۈللىرى يايراپ ، ئېلىۋالغان ئوزۇقلىرىنى يېيىشىپ ئولتۇرۇپتۇ . ئارىدىن بىر شېرىك :

— مەن يېنىمدا بىر قۇتا سۇرمە ئېلىۋالغان ، ھەممىمىز مۇشۇ سۇدا باشلىرىمىزنى پاكىز يۇيۇپ ، چاچلىرىمىزنى تاراپ ، كۆزلىرىمىزگە سۇرمە تارتىپ ئالمايمىزمۇ ؟ — دەپتۇ .

— ياخشى دېدىڭ ، — دەپتۇ بىرى ، — چاچلىرىمىزنى يۇيۇپ تازىلىغاندىن كېيىن تاراشقا تارغاق بولمىسا قانداق قىلىمىز ؟

— باغۋەندىن سورىمامدۇق ، ئۇنىڭ ئايالىنىڭ تارغىقى باردۇ؟—

① بۇ ھېكايە «مىڭ بىر كېچە»نىڭ 6 - تومىدىن ئېلىندى .

دەپتۇ يەنە بىرى .

ئارىدىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ باغۋەنىنىڭ قېشىغا تارغاق سوردىغىلى بېرىپ ئۇنىڭ ئايالىغا :

— ھېلىقى خالتىدىكى پۇلنى بەرگىن — دەپتۇ. ئايال ئۇنىڭغا :

— شېرىكلىرىڭ بىلەن دەرقەمتە بولغىن ، بولمىسا شېرىكلىرىڭ ماقۇل بولسا بېرەي — دەپتۇ.

شېرىكلىرىنىڭ ئولتۇرغان يېرى باغنىڭ ئۇن يەتكۈدەك يېرىدە ئىكەن ، قارىسا كۆرۈنۈپ ، ئۈنلۈكرەك توۋلىسا سۆزلىرى ئاڭلىنىدىكەن . ھېلىقى شېرىكى ئاۋازىنى يوغان چىقىرىپ : «ھەي بۇرادەرلەر ! ئۇ ماڭا بەرمەيدىغاندەك تۇرىدۇ . ھەممىڭلار ۋارقىراڭلار ! » دەپتۇ . ئۇلار تارغاقنى بەرمەيۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ : «رەنجىمەي بەرگىن» دەپ ۋارقىراپتۇ .

باغۋەنىنىڭ ئايالى خالتىدىكى تىللالارنى ئەپچىقىپ بېرىپ ئۆز ئىشى بىلەن بوپتۇ . تىللالارنى ئالغان شېرىك پۇل خالتىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرغان پېتى ھەمراھلىرىنىڭ يېنىغا بارماي باشقا ياققا كېتىپتۇ . شېرىكلەر خېلى ۋاقىتقىچە كۈتسە تارغاقنى كەتكەن شېرىكى كەلمىگەن ، ھەممىسى قوپۇپ باغۋەن ئايالىنىڭ يېنىغا كېلىپ :

— نېمىشقا ئۇنىڭغا تارغاقنى بېرىپ تۇرمايسەن ؟ — دەپتۇ.

— ئۇ مەندىن پۇل خالتىسىنى سوراپ ئېلىپ كەتتى — دەپتۇ ئايال .

— ھەي خوتۇن ، بىز تۆتىمىز دەرقەمتە كەلمىسەك بەرمەيسەن دېمىدۇقمۇ ؟ — دەپ قاقشاپتۇ شېرىكلەر .

— ھەممىڭلار تەڭلا بەرگىن ، دەپ ۋارقىرىمىدىڭلارمۇ ؟ — دەپتۇ ئايال .

ئۇلارنىڭ ھەممىسى باغۋەن ئايالىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ ، بىر-بىرىگە قارىشىپ :

— بىز پەقەت تارغاقنى بەرگىن ، دەپ ۋارقىرىدۇق ، — دەپ

غوۋغا قىلىشىپتۇ . ئايالمۇ ئۇلارغا :

— ئۇ مەندىن ھېچقاچان تارغاق بېرىپ تۇر ، دەپ سورىمىدى ! — دەپتۇ .

شۇنداق قىلىپ ئىككى تەرەپ دەتالاش قىلىپ ماجىرالىشىپ قازى- نىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ . قازى ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن :

— شەرىئەتتە ئۈچ كىشىنىڭ گېپى گەپ ، سەن بولساڭ بىر كىشى . پۇلنى تۆلەپ بەر ، — دەپ ھۆكۈم قىپتۇ .

ئايال شەرىئەت مەھكىمىسىدە قازىنىڭ ھۆكمىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سىرتقا چىقىپ ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ ، بېشى گاڭگىراپ ، ئاسمان يىراق ، يەر قاتتىق تۇيۇلۇپ ، نەگە بېرىپ نەدە تۇرۇشىنى بىلمەي پەرىشان ھالدا بېشىنى سىلىپ كېتىۋاتسا ، يولدا ئويناۋاتقان بەش ياشلىق بىر بالا ئۇچراپتۇ . ئۇ بېشى قاتقان ئايالنىڭ غەمكىن چىرايى ، ھالسىز مېڭىشىدىن ئېغىر پەرىشانلىقنى سېزىپ ، ياخشى نىيەت بىلەن ئالدىغا كېلىپ :

— چوڭ ئانا ، نېمە بولدى ساڭا ، — دەپ سوراپتۇ . ئايال ئۇنى گۆدەك بالا كۆرۈپ گېپىگە قۇلاق سالماپتۇ . بالا ئارقىدىن قالماي ئەگىشىپ مېڭىپ قايتا - قايتا سوراپتۇ . ئايال خاپىلىقتا گەپ سوراپ تۇرۇۋالغان بالىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن :

— مەن شور پېشانىنىڭ قاتقان بېشىنى نېمىشقا مۇنداق ئاغرىتى- ۋېرىسەن ؟ خۇدانىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ نەس باسقان بەندىمەن . بۇگۈن چۈشتە ھېرىپ - چارچاپ كەتكەن تۆت سودىگەر كېلىپ ، مېنىڭ تىللانى ئامانەت قويۇپ ، بېغىمدا دەم ئالدى . ئارىسىدىن بىرى كېلىپ : «ئال- تۇننى ماڭا بەر» دېدى . مەن ئۇنىڭغا «ھەممىڭلار دەرقەمتە بولۇپ كېلىڭلار ، ئاندىن بېرىمەن» دېدىم . ئۇ پۇلنى ئالىمەن دەپ تۇرۇۋال- غان بولسىمۇ ، مەن بەرمىدىم . ئۇ شېرىكلىرىگە : «ئۇ ماڭا بەرمەيۋا- تىدۇ» دەپ ۋارقىرىغانىدى ، ئۇلار بىردەك «رەنجىمەي بەرگىن» دەپ ۋارقىرىدى . مەن ئۇنىڭغا خالتىنى بەردىم . ئۇ كەتكەندىن كېيىن

قالغان ئۇچىسى كېلىپ : «نېمىشقا تارغاق دېسەڭ بەرمەيسەن ؟» دەيـ
دۇ . مەن ئۇلارغا : «نېمە تارغاق ، ئۇ ماڭا خالتىنى بەرگىن دېگەند
دى ، مەن ئۇنىڭغا بەرمىسەم ، ئۇ سىلەرگە ۋارقىرىدى ، سىلەر بەرگىن
دېگەندىن كېيىن ئاندىن مەن ئۇنىڭغا خالتىنى بەردىم» دېدىم . ئۇلار
ئۇنىماستىن قازىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى . قازى ئەھۋالنى ئۇققاندىن
كېيىن «شەرىئەتتە ئۈچ كىشىنىڭ گېپى گەپ . سەن بولساڭ بىر
كىشى ، تىللانى تۆلەپ بەر» دەپ ھۆكۈم قىلدى . شۇڭا ، مەن بۇ ناھەق
ئىشتىن ئەس ـ ھوشۇمنى يوقىتىپ ، كاززاپ قاچقۇننى ئىزدەپ كېتىدـ
ۋاتىمەن ، — دەپتۇ . بەش ياشلىق بالا :
— چوڭ ئانا ، نېمىشقا ئۇنى ئىزدەپ ئاۋارە بولىسەن ؟ ماڭا قاق
ئېلىپ يېگىلى پۇل بەرسەڭ ، مەن ساڭا بۇ بالادىن قۇتۇلۇشىنىڭ
يولىنى كۆرسىتىپ بېرىمەن ، — دەپتۇ .
ئايال يانچۇقىدىن بىر تىللا چىقىرىپ بالىغا بەرگەندىن كېيىن :
— قېنى بالام سۆزلە ! مېنى قانداق قۇتۇلدۇرىسەن ؟ — دەپتۇ .
تىللانى قولىغا ئالغان بالا كۈلۈپ تۇرۇپ :
— ئۇنىڭ بىلەن سېنىڭ ئىشىڭ بولمىسۇن چوڭ ئانا . مېنى
باشلاپ قازىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بار ، — دەپتۇ . ئايال بالىنى قازىنىڭ
ئالدىغا باشلاپ بېرىپتۇ . قازى ئۇلارنى كۆرۈپ :
— ھە ، نېمە گەپ ، تىللا سېلىنغان خالتىنى ئېلىپ كەلدىڭلارـ
مۇ ؟— دەپ سوراپتۇ . ئايالنىڭ ئالدىدا تۇرغان بالا :
— قازىئاخۇنۇم ، خالتىدىكى تىللالار ھازىر ئۆيىمىزدە تەييار
تۇرۇپتۇ . ئۇنى بىزگە تۆت كىشى دەرقەمتە تۇرۇپ بەرگەن . ۋەدە
بويىچە تۆت سودىگەرنىڭ ھەممىسى تەڭ كەلسۇن . تىللالار بىرلىكتە
تۇرغۇزۇپ بېرىمىز ، — دەپتۇ . باياتىن مەھكىمە شەرئىگە ئەگىشىپ
بىللە كەلگەن ئۈچ سودىگەر ھولۇقۇپ :
— بولمىغۇر گەپ ، قېچىپ كەتكەن كىشىنى بىز نەدىن تاپىمىز ؟—
دېيىشىپتۇ .



— تىللانى بىزگە تاپشۇرغاندا تاكى تۆت كىشى دەرقەمتە بولمىغىـ
چە ھېچقايسىمىزغا بەرمەيسەن ، دېگەن ئەمەسمىدىڭلار ؟ قاچقۇن شېرىـ
كىڭلارنى تېپىپ كېلىڭلار ـ دە ، تىللايىڭلارنى ئېلىپ كېتىڭلار ، —
دەپتۇ .

قازى سودىگەرلەرگە قاراپ :

— باشتا سىلەر شۇنداق دېگەنمىدىڭلار ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— خوش تەقسىر ، بىز شۇنداق دېگەنىدۇق .

— ئۇنداق بولسا قاچقان شېرىكىڭلارنى تېپىپ بىرلىكتە تىللايىڭـ
لارنى ئېلىڭلار !

شۇنداق قىلىپ قازى ئاۋۋالقى ھۆكمىنى بىكار قىلىپتۇ ، ئايال

غەمدىن قۇتۇلۇپتۇ ، بالا ئويۇننى ئويناپ يۈرۈۋېرىپتۇ .

*بۇ ھېكايىدە بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەيدىغان ، ۋۇجۇدى خىيانەتكارلىق تۇيغۇسى بىلەن تولغان تۆت سودىگەرنىڭ بىر بىگۇناھ ئايالنى ئۇۋالچىلىقتا قويغانلىقى بايان قىلىنغان . ئاخىرىدا «ئەقىل ياشتا ئەمەس ، باشتا» دېگەندەك ، بەش ياشلىق بىر ئوغۇل بالىنىڭ پەم ـ پاراستىنى ئىشقا سېلىپ ، «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» قىلىپ سودىگەرلەرنى ئۆزىنىڭ يولى بىلەن ئۆزىنى بابلاپ ئايالنى ئۇۋالچىلىقتىن قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى سۆزلەنگەن .*

**1 . ئايالنىڭ بىخەستەلىكىگە قانداق قارايسىز ؟**

**2 . ئايالنى ئۇۋالچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ باشقا چارە ـ تەدبىرلىرى تېپىلىشى مۇمكىنمۇ ؟**

## بېلىقچى بىلەن دېۋىنىڭ ھېكايىسى[1]

— ئەي بەختلىك شاھ ، — دەپ سۆز باشلاپتۇ شەھرىزاد ، — قەدىمكى زاماندا بىر بېلىقچى بوۋاي بار ئىكەن . ئۇنىڭ ئۈچ بالىسى ۋە خوتۇنى بولۇپ ، ئۇلار سىبرىقتال كۈن كەچۈرىدىكەن . بېلىقچى ھەر كۈنى دەرياغا تۆت قېتىم تور سالىدىكەن . تورغا نېمە ئىلىنسا ، شۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ ئۆيىگە قايتىدىكەن . ھەر كۈنكى ئادىتى بويىچە ئۇ بىر كۈنى چۈش ۋاقتىدا دەريانىڭ لېۋىگە بېرىپتۇ ، تورنى يېيىپ سۇغا تاشلاپتۇ . بىرئاز كۈتۈپ تۇرۇپ تارتسا ، تور ناھايىتى ئېغىر تۇرغۇدەك ، كۈچىنىڭ بارىچە ھەرىكەت قىلىپ ، كۈچەپ تارتىپ بېقىپتۇ . ئەمما ، تورنى سۇدىن چىقىرالماپتۇ . تورنىڭ ئۈچىنى بىر

① بۇ ھېكايە «مىڭ بىر كېچە»نىڭ 1 ـ تومىدىن ئېلىندى .

تاشقا باغلاپتۇ ـ دە ، ئۆزى يالىڭاچ بولۇپ سۇغا چۈشۈپتۇ . تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ، تورنى دەريانىڭ لېۋىگە ئېلىپ چىقىپتۇ . كېيىن ، ئۆزى سۇدىن چىقىپ قارىسا ، ئۇ بىر ئۆلۈك ئېشەك ئىكەن . «سۇبهانالللا ، مۇشۇمۇ كۈن بولدىمۇ ؟» دەپ ئاچچىقلىنىپتۇ بوۋاي ۋە بۇ مۇناجاتنى ئوقۇپتۇ :

بولما ئادەم ئاۋارە ، ئۈمىد كۈتۈپ زۇلمەتتىن ،
يېمەك ـ ئىچمەك ، تون ـ لىباس كەلمەيدىكەن كۆلپەتتىن .
ئەنە ، يۇلتۇز ئۆچمىگەن تۈن كېچىنىڭ قوينىدا ،
تۇرار بوۋاي بېلىقچى تەلمۈرۈپ سۇ بويىدا .
تىزىغىچە سۇ كېچىپ توردىن ئۈزمەي كۆزىنى ،
مۇدهىش دولقۇن ئۇرسىمۇ هېچ قاچۇرماي يۈزىنى .
ساقلار بوۋاي بېلىقنى ئۇيقۇدىن بولۇپ بىدار .
تاڭ سەهەردە ئالۇركەن جاپا چەكمەس خېرىدار .
سانا ئېيتاي مەن ساڭا ، ئەي خۇدا ـ پەرۋەردىگار ،
بىرنى موهتاج ئەيلىدىڭ ، بىرنى قىلدىڭ بەختىيار .

بوۋاي ئېشەكنىڭ ئۆلۈكىنى تورنىڭ ئىچىدىن ئېلىپ تاشلاپتۇ . تورنى يۇيۇپتۇ . ئۇ ئۆزىچە ئاغرىنىپ : «يەنە بىر تاشلاي ، خۇدا بۇيرۇ ـ غان بولسا ، بۇدا ئەجرىمنى تاپارمەن» دەپ نالە قىلىپ مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ :

نالە قىلما يوقسۇللۇق دەردىدە زارلاپ ،
سەۋرىدىن ئۇچاڭغا لىباس ياپقايسەن .
تۆكمە زىنهار ئۆزگىگە دەردىڭنى قاقشاپ ،
چۈنكى ، رەهماننى زالىمغا چاققايسەن .

بىلىقچى بوۋاي تورنى يەنە يېيىپ سۇغا تاشلاپتۇ، بىرئاز كۈتۈپ تۇرۇپ تورنى تارتىپ باقسا، ئالدىنقىسىدىنمۇ ئېغىر تۇرغۇدەك. ئۇ «بىر چوڭ بىلىق تۇتتۇم» دەپ ئويلاپ سۆيۈنۈپتۇ. يەنە يېشىنىپ سۇغا چۈشۈپتۇ. قارىسا، ئىچى لاي ـ لاتقا بىلەن لىق تولغان بىر ساپال كۈپ ئىكەن. بىلىقچىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ مۇنداق دەپتۇ:

يۇمشىغىن، ئەي قەھرلىك تەقدىر
غەزىپىڭدىن سانجىماي تىكەن.
رىزقى ئىستەپ چىققانىدىم مەن،
نە بىلەي؟ ئۇ تامام بولغانىكەن.

شۇنچە دېۋەڭ، ئەخمەق ـ نادانلار،
پەرۋاز قىلىپ كۆكتە ئۇچماقتا.
قانچە ئالىم، دانىش ـ دانالار،
چۆنەكلەردە نامسىز ياتماقتا.

بوۋاي كۈپنى سۇندۇرۇپ تاشلاپتۇ ـ دە، تورنى سىقىپ تازىلاپ، يەنە يېيىپ سۇغا سېپتۇ، ئۈچىنچى قېتىم دەريا لېۋىدە بىر دەم كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. تور بىرنەرسە چۈشكەندەك سىلكىنىپ ئېغىرلىشىپتۇ. تەس-لىكتە ئۇنى تارتىپ قارىسا، ئىچى ساپال، شىشە سۇنۇقلىرى بىلەن لىق تولغان ساپال كومزەك ئىكەن. ئۇنى كۆرۈپ غەم ـ قايغۇغا چۆكۈپتۇ. يۈرىكى ئېزىلىپتۇ. بۇ دەردنى ئىچىگە سىغدۇرالماي يىغلاپ ناله قىپتۇ:

تۇرار نېمەت ئالدىڭدا،
بويسۇنمىغاي ئىلكىڭگە.
ساڭا چەكلىك ھاياتلىق،
قويۇپ بەرمەس ئەركىڭگە!

ئىلىم ساڭا ھەر قاچان،
تون ـ يېپىنچا بولمىغاي؛
خەتتاتلىقمۇ ھەر زامان،
ئىگىن ـ غىزا بولمىغاي.

رىزقىڭ بۇرۇن پىچىلغان،
ئارتۇق نەپكە ئىمكان يوق.
زېمىندا بار مۇنبەت يەر،
قالدىسى تاقىر ـ قۇرۇق.

تەقدىر بىلەن پەسكەشلەر،
چىقتى تۆرنىڭ ئۇستىگە؛
دانىش ـ ئالىم يولۇقتى
زالىم جەبرى ـ قەستىگە.

پەرۋاز قىلدى ئۆردەكلەر،
غايىب بولدى قۇش ـ شۇڭقار.
بۇ لەنىتى ھاياتتا،
نادان ئەزىز، ئالىم خار.

نىيەت قىلدىم ھەر زامان،
گاداي ئالىم بولۇشقا.
ھەيران بولماڭ خالايىق،
تۇيۇق قەدەم قويۇشقا.

بىلىقچى بوۋاي ئاھ ئۇرۇپ كۆككە قاراپ: «ئەي خۇدا، — دەپتۇ، — ئۆزۈڭ بىلىسەن، مەن كۈنىگە تۆت قېتىملا تور سالىمەن. تورنى ئۈچ نۆۋەت دەرياغا سالدىم. ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە ئىلىنمىدى.»

بېلىقچى تۆتىنچى قېتىم «بىسمىللا» دەپ تورنى ساپتۇ. بىر ئاز كۇتۇپ تۇرغاندىن كېيىن، تورنى كۆتۈرۈپ قارىسا، تور يەرگە يەملىشىپ قالغاندەك مىدىرلىماسمىش، بېلىقچى «تۇۋا» دەپ بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

ۋادەرىخا، شۇم زامان كۇلپەتلىرىدىن ھالىم خاراب،
ئۆتكۈزۈپ كۈندۈزنى، كەچ ئىچتىم يەنە غەمدىن شاراب.
سورىسا «كىم دۇنيادا ئەڭ بەختىيار» دەپ بىر كىشى،
كۆرسىتىپ مېنى مۇشۇ دەپ ئۆزگىگە بەرگەي جاۋاب.

ئاندىن ئۇ كىيىملىرىنى سېلىپ يەنە سۇغا چۈشۈپتۇ. تورغا چۈشكەن ئولجىنى ئاران تەسلىكتە ئېلىپ چىقىپتۇ. ئۇ نەرسە ئاغزى كەپشەرلەنگەن تۇچ كومزەك بولۇپ، ئىچى نېمىلەر بىلەندۇر تولغاندەكەن. ئاغزىنىڭ كەپشەرلەنگەن يېرىدە، سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ مۆھۈرىنىڭ ئىزى بار ئىكەن. بۇنى كۆرۈپ، بېلىقچى خۇرسەن بوپتۇ. كومزەكنى مىسكەرگە ساتسام، بىرقانچە ئالتۇنغا ئالار دەپ ئويلاپتۇ. ئاۋۋال كومزەكنى ئېچىپ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى بىلمەكچى بوپتۇ، يېنىدىن پىچىقىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، كومزەكنىڭ ئاغزىدىكى قەلەينى بوشىتىپتۇ، كومزەكنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، يەرگە قارىتىپ دۈم كۆمتۈرۈپ، ئىچىدىكى نەرسىلەرنى قويماي ئېلىش ئۈچۈن سىلكىپتۇ. لېكىن، ھېچ نەرسە چۈشمەستىن، ئىچىدىن بىخسىغان سېسىق تۈتۈن چىقىپتۇ ـ دە، بۇسى ئاسمان ـ زېمىننى قاپلاپ كېتىپتۇ. كېيىن، ئۇ تۈتۈن يىغىلىپ قويۇقلىشىپتۇ، ئاندىن ئايلىنىپ بىر دىۋە سۈرىتىدەگە كىرىپتۇ. ئۇنىڭ كېلەڭسىز ئاياغلىرى قورقۇنچلۇق بولۇپ، بويىنىڭ ئېگىزلىكىدىن بېشى ئاسمانغا تاقىشىدىكەن؛ ئاغزى ئۆڭكۈردەك، چىشلىرى زىختەك، بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرى مەشىنىڭ كانىيىدەك قاپقارا ۋە يوغان؛ كۆزلىرى قىپقىزىل يېنىپ تۇرغان چوغدەك ئىكەن.

بەدىنىدىكى ھەربىر تال تۈك ئۇنى يەنىمۇ دەھشەتلىك بىر تۈسكە كىرگۈزۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن بىلىقچىنىڭ جان - ئىمانى چىقىپتۇ. ئەزايى - بەدىنى لاغىلداپ تىترەشكە باشلاپتۇ. قورقىنىدىن زاڭاقلى- رى جاقىلداپ، چىشلىرى كاسىلداپتۇ. كۆز ئالدىنى قاراڭغۇلۇق بېسىپ يولىنىمۇ كۆرەلمەي قاپتۇ. دىۋە بېلىقچىنى كۆرۈپ:

— ھەي بەختسىز، مەن سېنى ھازىر ئازابلاپ ئۆلتۈرىمەن! — دەپتۇ.

— ئەي مەلئۇن، مەن سېنى سۇ ئاستىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قۇرۇق- لۇققا چىقىرىپ قاراڭغۇ زىنداندىن بوشاتتىم. شۇنىڭ بەدىلىگە سەن مېنى ئۆلتۈرەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ بېلىقچى.

— توغرا، سېنى ئۆلتۈرۈشتىن باشقا ئامال يوق، قايسى ئۆلۈم بىلەن ئۆلىسەن؟ — دەپتۇ دىۋە.

— سەن مېنى ئۆلتۈرگۈدەك نېمە گۇناھ قىلدىم؟ دەپتۇ بېلىق- چى.

— ئۇنداق بولسا سەن مېنىڭ سەرگۈزەشتىمنى ئاڭلا! — دەپتۇ دىۋە بېلىقچىغا قاراپ خىتاب قىلىپ.

— سۆزنى قىسقا قىل! — دەپتۇ بېلىقچى، — جېنىم تۇمشۇ- قۇمغا كېلىپ قالدى.

— مەن، — دەپتۇ دىۋە بېلىقچىغا قاراپ، — مۇرىت[1] دىۋىلىرى- دىن بولىمەن. مەن داۋۇت ئوغلى سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ شەرئىتىگە خىلاپلىق قىلغىنىم ئۈچۈن، مېنى جازالاشقا سۇلايمان ئۆزىنىڭ ۋەزى- رى ئاسىپ ئىبنى بەرخىيانى ئەۋەتتى. ئۇ ۋەزىر مېنى قولغا چۈشۈ- رۈپ، سۇلايماننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. سۇلايمان مېنى بەيئەت قىلىپ، دىنغا كىرىشكە دەۋەت قىلدى. مەن رەت قىلدىم. مېنىڭبۇ جاۋابىمنى ئاڭلىغان سۇلايمان بۇ كومزەكنى ئالدۇردى. مېنى كوم-

---

[1] مۇرىت — دىۋىلەر تائىپىسىنىڭ بىر خىلى.



زەكىنىڭ ئىچىگە سالدۇردى . ئاغزىنى قەلەي بىلەن كەپشەرلىتىپ ، مۆھۈرىنى باستى . جىنلارغا ئەمىر قىلىپ ، مېنى دەريانىڭ ئوتتۇرد-سىغا تاشلاتتى . دەريانىڭ تېگىدە يۈز يىل ئاقتىم . ئۆز - ئۆزۈمگە : «كىم مېنى بۇ بالادىن قۇتۇلدۇرسا ، ئۆمۈر بويى شۇنىڭ خىزمىتىنى قىلاي» دېدىم . يۈز يىل ئۆتتى . لېكىن ، ھېچكىم مېنى قۇتۇلدۇرمى-دى . يەنە يۈز يىل ئۆتتى . «قۇتقۇزغان كىشىگە دۇنيانىڭ بايلىقىنى

بېرەي» دەپ قەسەم قىلدىم، ھېچكىم مېنى قۇتقۇزمىدى. شۇنىڭ بىلەن، يەنە يۈز يىل ئۆتۈپ كەتتى. «كىم قۇتقۇزسا ئۈچ خىل تىلىكىنى بېرىمەن» دەپ ئەھد قىلدىم. توپتوغرا يۈز يىل ئۆتتى، ھېچكىم قۇتقۇزمىدى. بۇ ھالغا زادىلا چىدىماي غەزەپلەندىم. «ئەمدى مېنى كىم قۇتقۇزسا ئۇنى ئۆلتۈرەي. لېكىن، ئۆلۈشتىن بۇرۇن قايسى خىل ئازاب بىلەن ئۆلتۈرۈشنى ئۆزىدىن سوراي» دەپ نىيەت قىلدىم. سەن مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزدۇڭ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سېنىڭدىن سورايمەنكى، قايسى ئۇسۇلدا ئازابلاپ ئۆلتۈرەي؟

بېلىقچى دېۋىگە يالۋۇرۇپتۇ. ئەمما، دېۋە ئۆز سۆزىدە قاتتىق تۇرۇۋاپتۇ. بېلىقچى بۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

ياخشىلىق قىلسام كۈتۈپ ئۇندىن ۋاپا،
ئەكسىچە دۈشمەن بولۇپ قىلدى جاپا.

ئادىمگە قارىماي قىلساڭ ساۋاب،
ئاقىۋەت بۆرە كەبى قىلغاي جاۋاب.

دېۋە بېلىقچىغا قاراپ:

— سەن تېخىچىلا كۈن كەچۈرمەن دەۋاتامسەن؟ تىرىكلىكتىن ئۈمىدىڭنى ئۈز، بول چاققان، سېنى قانداق قىلىپ ئۆلتۈرەي؟ — دەپتۇ.

بېلىقچى ئۆزىنىڭ سۆزلىرى دېۋىگە تەسىر قىلمىغىنىنى كۆرۈپ، ئۆز - ئۆزىگە: «بۇ دېۋە تۇرسا، مەن ئەقىل ئىگىسى — تەدبىرلىك ئىنسان تۇرسام، ئۇنىڭ ھىيلە - مىكرىگە ئالدىنىپ قالسام، ماڭا ئۇيات ئەمەسمۇ؟» دەپ تەسەللى بېرىپتۇ. كېيىن، دېۋىگە قاراپ:

— ئۆلۈمدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتتى. ئەمما، ئۇلۇغ سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ ئەڭگۈشتىرىگە ئويۇلغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن

قەسەم قىلىپ ، سەندىن بىرنەرسىنى سورايمەن . راستنى ئېيت . شۇ بويۇڭ بىلەن مۇشۇ كىچىككىنە كومزەككە قانداق سىغدىڭ؟ بۇنىڭغا سىڭىنىڭ بىر پۇتۇڭ ئەمەس ، ئەقەللىيسى بىر قولۇڭمۇ سىغمايدۇ ! بۇ ئىشقا مەن ھەيرانمەن ! — دەپتۇ .

— مېنىڭ بۇ كومزەكتىن چىققانلىقىمغا تېخىچىلا ئىشەنمەمسەن؟ — دەپتۇ دىۋە ۋارقىراپ .

— ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگۈچە ھېچ نەرسىگە ئىشەنمەيمەن!— دەپتۇ بېلىقچى .

بېلىقچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان دىۋە بىر سىلكىنىپتۇ ـ دە ، تۈتۈنگە ئايلىنىپ ، ھەممە تەرەپكە يېيىلىپتۇ . كېيىن ، ئاستا ـ ئاستا كومزەككە چۈشۈشكە باشلاپتۇ . تۈتۈن تامامەن كومزەككە كىرىپ بولۇشى بىلەنلا ، بېلىقچى دەرھال كومزەكنىڭ ئاغزىنى بۇرۇنقىدەك قىلىپ بېكىتىپتۇ . ئۇزۇكنىڭ ئىزى بىلەن كەپشەرنى جايىغا قويۇپتۇ . ئاندىن دىۋىگە :

— خوش ، ئەھۋالىڭ قانداق؟ ئەمدى سەن قانداق ئۆلۈم بىلەن ئۆلۈشنى خالايسەن؟ — دەپ چاقىرىپتۇ ، — مەن ھازىرلا سېنى دەرياغا تاشلايمەن ـ دە ، ئۆزۈم شۇ يەرگە كەپە سېلىپ بېلىقچىلار كەلسە ، بۇ يەردە ئادەم يەيدىغان دىۋە بار ، دەپ ئۇلارنى قايتۇرىمەن .

دىۋە ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ ، كومزەكتىن چىقىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىپ كۆرۈپتۇ . تېپىچەكلەپ بېقىپتۇ . لېكىن ، چىقالماپتۇ . ئاخىر :

— ساڭا چاقچاق قىلغانىدىم ، — دېيىشكە مەجبۇر بولۇپتۇ .

— ئەي دىۋىلەر ئەسكىسى ، — دەپتۇ بېلىقچى ، — سەن ئادەم بىلەن ئويناشتىڭ ، ئەمدى كومزەكنىڭ ئىچىدە سېسىپ ياتقىنىڭ ياتقان .

بېلىقچى كومزەكنى دەريا لېۋىگە ئېلىپ كەپتۇ . نېمە ئۈچۈندۇر

دىۋە : «يوق – يوق » دېگۈدەك . بۇنىڭغا قارشى بېلىقچى : «ھە ... ھە...» دېگۈدەك .

— نېمە قىلماقچىسەن ؟ — دەپتۇ دىۋە يۇمشاق ۋە يېلىنغان ئاۋاز بىلەن .

— تېخى بىلمىدىڭمۇ ؟ مەن سېنى دەرياغا تاشلايمەن . سەككىز يۈز يىلمۇ ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇقمۇ ، ئىشقىلىپ ، مۇشۇ سۇ ئاستىدا مەڭگۈ قالىسەن ۋە ئەبەدىي ئاقىسەن . باشتا : «سەن مېنى ئۆلتۈرمە ، ئۆزۈڭگە ياخشى بولىدۇ . مېنى ئۆلتۈرسەڭ ، ئۆزۈڭمۇ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرمەيسەن » دەپ ئېيتتىم . سۆزۈمگە قۇلاق سالمىدىڭ ، تېخى مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولدۇڭ . ئەمدى ئۆزۈڭ قولغا چۈشتۈڭ ھەم مۇشۇ ئاقىۋەتكە قالدىڭ ، — دەپتۇ .

*بۇ «مىڭ بىر كېچە» ھېكايىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇر ھېكايىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ، كىشىگە ھۇزۇر ۋە پاراسەت بەخش ئېتىدۇ . بۇ ھېكايىدە نامراتلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان بىر بېلىقچىنىڭ ئائىلىسىنى قامداش يولىدىكى تىرىشچانلىقى ، ئۈمىدۋارلىقى ، ھالاللىقى ، سەۋرچانلىقى ، شۇنداقلا خەتەرگە يولۇققان چاغدىكى تەمكىنلىكى ۋە ئەقىل – پاراستى بايان قىلىنغان . بوۋاي نەس باسقان بىر كۈنى كۈتۈلمىگەندە ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك ياخشىلىققا يامانلىق يېنىپ قارا نىيەت ، ياۋۇز دىۋىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرايدۇ . مانا مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە كۆپنى كۆرگەن بۇ تەجرىبىلىك بوۋاي ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن دىۋىنى بابلاپ ئۆزىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزىدۇ . رەھىمسىز دىۋىنى بولسا ، تەلتۆكۈس مەغلۇپ قىلىدۇ .*

1 . بۇ ھېكايىدىكى شېئىرلارنى پىششىق ئوقۇپ ، ئۇنىڭدىكى سىزگە ياققان كۆپلېتلاردا ئەكس ئەتكەن پىكىر ۋە ھېسسىياتنى تەھلىل قىلىپ كۆرۈڭ .

2 . بېلىقچى بوۋاي بىلەن دېۋىنىڭ خاراكتېرىنى تەھلىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ قانداق ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېقىڭ .

## ▲ ئىلاۋە ۋە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار ▲

«مىڭ بىر كېچە» ھېكايىلىرىنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا گۈزەل، پاك مۇھەببەت ۋە نىكاھ مەدھىيىلەنگەن . ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان خىلمۇخىل تەۋەككۇلچىلىك بايان قىلىنغان . ھەققانىيەتنىڭ رەزىللىكلەردىن غالىب كېلىدىغانلىقى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك كۈيلەنگەن . خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . ئۇنىڭدا يەنە ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەيش - ئىشرەت، كەيپ - ساپاغا بېرىلىشى، ئۆز بېشىمچىلىقى ۋە زوراۋانلىقى پاش قىلىنغان، خەلق ئاممىسىنىڭ غەزەپ - نەپرەت ساداسى ۋە قارشىلىق ئىچمۇ ئىپادىلەنگەن .

«مىڭ بىر كېچە» — ساددا رېئالىزم بىلەن ئاجايىپ ۋە ئۆزگىرىشچان رومانتىزمنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ مەھسۇلى . ئۇنىڭ خىلمۇخىل ئاجايىپ ھېكايىلىرى رېئال تۇرمۇشنى ئاساس قىلغان . رېئال تۇرمۇش خەلق ئاممىسىنىڭ غايە ۋە ئارزۇ - ئارمانلار ئۇستىدە ئىزدىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشتىكى تەسەۋۋۇر گۈللىرىنى ئېچىلدۇرغان . ئۇلار ئۆزئارا ماسلىشىپ، بىر - بىرىنى تولۇقلىغان . مەسىلەن، ئۇچار گىلەم، ئۇچار ئات، بىر ئۇۋۇلىسىلا گىگانت قۇلنى پەيدا قىلغۇچى سېھىرلىك چىراغ، خاسىيەتلىك ئۈزۈك، نەرسە - كېرەكلىرنى ئېلىپ تۈگەتلىكى بولمايدىغان خاسىيەتلىك خالتا، سۇلايمان قالپاق، ھەممە ئىش قولىدىن كېلىدىغان جىن - شەيتان قاتارلىقلار . بۇ يەردە بەدىئىي توقۇلما ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇلۇپ، مول تەسەۋۋۇر پايانسىز بوشلۇقتا ئەركىن پەرۋاز قىلدۇرۇلغان . بۇ ئاجايىپ نەرسىلەر ھېكايە مەزمۇنى ۋە باش قەھرىمانىنىڭ تەقدىرى بىلەن

بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا، ئاجايىپ ـ غارايىپ ۋە كىشىنى ھاياجانلاندۇ-
رىدىغان ھېكايىلەرنى ئوقۇرمەنلەر ئالدىدا نامايان قىلىدۇ.

ھېكايە ئىچىدە ھېكايە بولۇشتەك رامكا قۇرۇلمىسى بۇ كىتابنىڭ
بىر زور بەدىئىي ئالاھىدىلىكى. ئۇ ھېكايە مەزمۇنىنى ئەگرى ـ
توقاي، دولقۇنسىمان، ئۆزگىرىشچان ھالەتكە كىرگۈزگەن. چوڭ
ھېكايە ئىچىگە كىچىك ھېكايىلەرنى كىرگۈزۈپ، قاتلاممۇقاتلام قانات
يايدۇرۇش زىددىيەت توقۇنۇشىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۇنى ھەل قىلىشتا
ناھايىتى ياخشى ئاساس سېلىش رولىنى ئوينىغان. ئۇ، مەزمۇن بىلەن
شەكىلنى يۈكسەك دەرىجىدە مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ماسلاشتۇرۇش-
نىڭ ئىپادىسى. يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا بايانغا شېئىر
قىستۇرۇلغان، تىلى ئاممىبابلاشتۇرۇلغان. بەزى بەدىئىي ۋاستىلەر-
نىڭ قوللىنىلىشىمۇ ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان. مەسىلەن،
تەپسىلاتلارنىڭ قىستۇرۇلۇشى، تۇيۇقسىز يۈز بېرىدىغان كۆرۈنۈش-
لەرنىڭ قوللىنىلىشى، كۈچلۈك سېلىشتۇرما، ئۆزگىچە خاس پىسخىك
تەسۋىر قاتارلىقلار.

«مىڭ بىر كېچە»نى ئەرەبلەر «ئەلق لەيلە ۋە لەيلە» دەپ ئاتاي-
دۇ. ئۇ دۇنيادىكى نۇرغۇن ئەللەرنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.
دۇنيا جامائەتچىلىكى ئۇنى بىردەك «قەدىمكى زامان ئەرەب ئېغىز
ئەدەبىـياتىدىكى سەنئەت ئابىدىسى»، «زور ھەجىملىـك قىممەتلىك
كلاسسىك ئەسەر» دەپ تونۇيدۇ.

«مىڭ بىر كېچە» 18 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ياۋروپا-
دىكى مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقىغا تەرجىمە قىلىنغان. شۇنىڭدىن
كېيىن ياۋروپا ئەدەبىياتىغا زور تەسىر پەيدا قىلغان. گيوتى، لېف
تولىستوي، گوركىي قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن ئىلھاملان-
غان. بۇ ئەسەرنىڭ ياۋروپا ناخشا ـ ئۇسسۇل، دراما، مۇزىكا،
رەسساملىق، كىنو ـ تېلېۋىزىيە قاتارلىق سەنئەت ساھەلىرىدىكى
تەسىرى ئوخشاشلا كەڭ ۋە چوڭقۇر.

جۇڭگونىڭ «مىڭ بىر كېچە»نى تونۇشتۇرۇشى ۋە ئۇ ھەقتىكى تەتقىقاتى 1900 ـ يىللاردىن باشلانغان. 1957~1958 ـ يىللىرى خۇيزۇ ئالىمى ناشۇننىڭ ئەرەبچىدىن بىۋاستە تەرجىمە قىلغان ئۈچ تومى خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغاندىن بۇيان ھازىرغىچە خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىلىرى 100 خىلدىن ئاشتى.

«مىڭ بىر كېچە» ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغىنىغىمۇ نەچچە يۈز يىللار بولدى. ئۇنىڭ ھەر خىل قولىيازما ۋە تاش باسما نۇسخىلىرى كىشىلەر قولىدا ساقلانماقتا. 1980 ـ يىللىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدا نەشر قىلىنغان سەككىز توملۇق نۇسخىسىنى ئەرشىدىن تاتلىق، ئىمىن تۇرسۇن، ئابدۇلھېمىت روزى قاتارلىق ئەدىب ۋە تەتقىقاتچىلار 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۆتكەن ئاقسۇلۇق مۇھەممەت ئابدۇللاخاننىڭ چاغاتاي يېزىقىدىكى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىگە ئاساسەن نەشرگە تەييارلىغان. يېقىندىن بۇيان «مىڭ بىر كېچە»نىڭ باللار نۇسخىلىرىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇيغۇرچە نەشر قىلىندى. ئۇنىڭدىكى «ئەلى بابا ۋە قىرىق قاراقچى»، «سىندىبادنىڭ دېڭىزدىكى خەتەرلىك سەرگۈزەشتلىرى»، «ئالاۋىدىن ۋە سېھرىلىك چىراغ» قاتارلىق ھېكايىلەر ياش ـ ئۆسمۈرلىرىمىزگە ناھايىتى تونۇش بولۇپ كەتتى.

## يېزىقچىلىق ۋە پائالىيەت

1. سىز «مىڭ بىر كېچە» ھېكايىلىرىنى ياخشى كۆرەمسىز؟ سىزنىڭ بۇ ھېكايىلەرنى ياخشى كۆرۈشىڭىزدىكى سەۋەب ئۇنىڭدىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ ۋەقەلەرمۇ، مول، خىلمۇخىل تەسەۋۋۇرلارمۇ ياكى ئۇنىڭدىكى ئەقىلگە سىغمايدىغان ھەيران قالارلىق بىمەنىلىكلەر ـ

مۇ ، ياكى كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان ئەقىل ـ پاراسەت دۇردا-
نىلىرىمۇ ۋە ياكى باشقا سەۋەبلەرمۇ ؟ تەسىراتىڭلارنى سۆزلەپ ، ساۋاق-
داشلار ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇڭلار .

2 . بىر قېتىملىق ھېكايە سۆزلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ ، «مىڭ بىر كېچە» ھېكايىلىرىدىن ھەربىرىڭلار بىردىن سۆزلەڭلار . كىم ئەڭ جانلىق ، راۋان ، تەسىرلىك سۆزلىيەلەيدۇ ، باھالاپ بېقىڭلار .

3 . سىز دۆۋە بەند قىلىنغۇچىلىرى كومزەكنى ئاقار ـ ئاقار تارىم دەرياسىغا ياكى ئىلى دەرياسىغا كېلىپ بىر بېلىقچىغا ياكى ئېتىزغا سۇ باشلاۋاتقان بىرەر دېھقانغا ئۇچراپ قالدى دەپ ئويلاپ ، ئاقىۋىتى-نىڭ قانداق بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بىرنەچچە بەتلىك بىر ھېكايە يېزىپ چىقىڭ ھەمدە ساۋاقداشلىرىڭىزغا ئوقۇپ بېرىڭ .

# تۆتىنچى بۆلەك

## سەھنە ئەسەرلىرى

«سەھنە — كىچىك دۇنيا، دۇنيا — چوڭ سەھنە». دراما — تۇرمۇش ئەينىكى، كىچىكلىتىلگەن كىشىلىك ھايات. دراما ۋە كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدىن ھۇزۇرلانغاندا، ئۇ بىزنىڭ كىشىلىك ھاياتقا بولغان نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىپ، بىزنى تۇرمۇش لەززەتلىرىدىن بەھرىمەن قىلىدۇ.

بۇ بۆلەكتە دراما ئەسەرلىرى، شۇنداقلا كىنو - تېلېۋىزىيە سىنارىيىلىرىمۇ بار. ئۆگەنگەندە، تىپىك دراماتىك توقۇنۇشلار جەريانىدا پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ قانداق ئىپادىلەنگەنلىكى، قانداق قىلىپ ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇلغان تىل بىلەن پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىلغانلىقى، شۇنداقلا يەنە كىنو-تېلېۋىزىيە سىنارىيىلىرىدىكى كۆرۈنۈش سېزىمىنى چۈشىنىش قاتارلىقلارغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك.



# 13. غۇنچەم (پارچە)

زۇنۇن قادىرى[1]

ئۈچىنچى پەردە ئىككىنچى كۆرۈنۈش

يەنە ئۆمەر شاڭيۇنىڭ ھويلىسى. ۋاقتى كەچ كۈز بولۇپ، دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى سارغايغان، ئۇ يەر - بۇ يەردە غازاڭلار توپلىنىپ قالغان.

غۇنچەم ئېغىر سىل بىلەن ئاغرىق، ئۇنىڭ بىلەكلىرى باغلانغاندا، چىگە پېتىپ يارا بولۇپ قالغان جايلىرى ۋە يۈزىدىكى قامچا يېرىۋەتكەن يارىسى تېخى ساقىيىپ كەتمىگەن، غۇنچەم پېشايۋاندىكى بىر پارچە بورا ئۈستىدە تامغا يۆلەنگەن ھالدا غەمكىن ناخشا ئېيتىدۇ.

سەن تىرىك دەمسەن مېنى،
مەڭگۈ تىرىك ئۆلگەندىمەن.
تىرىك ئۆلگەن يارىمنىڭ
ئوتىدا كۆيگەندىمەن.

مەن ئۆلۈپ تۇپراقتا ياتسام،
كىم مېنى ياد ئەيلىسۇن.

① زۇنۇن قادىرى (1911—1989) — 20 - ئەسىر ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقى ۋە دىرامىچىلىقىنىڭ ئاساسچىسى. ئۇنىڭ «چىنىقىش»، «ماغدۇر كەتكەندە» ناملىق ھېكايىلىرى؛ «غۇنچەم»، «گۈلنىسا» قاتارلىق دىرامىلىرى مەشھۇر. بۇ تېكىست ئۇنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرى» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.

دوستلىرىم غەمكىن بولۇپ
دۈشمەنلىرىم شاد ئەيلىسۇن .

ئۇھ جېنىما ! (كالتە يۆتىلىپ مەيدىسىنى تۇتىدۇ )
رەھمەتلىك ئاپا ! شۇم پېشانە قىزىڭنى نېمىشقىمۇ تۇغقان
بولغىيدىڭ . قىزىم مۇشۇنداق قارا كۈنلەرگە قالار دەپ
ئويلىمىغانسەن . ئەگەر ئويلىغان بولساڭ ، نۇرۇم بىلەن
ئىككىمىزنىڭ بەختىنى چوڭ توي قىلىمەن دەپ توسۇپ
قويماس ئىدىڭ ، خەير قورۇنما ئاپا ! يەرلىكىڭدە تىنچ
يات . نۇرۇملار سولاقتا نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىدىغاندۇ
... ئىسىت - ئىسىت تەلەيسىزلىك (كالتە يۆتىلىدۇ )
ئۇھ يۈرىكىم .

شەرۋان : دۇنيادا ھەرقانچە ئەخمەق بولار سېنىڭچە بولماس . قانچە كۈن ئاچتىن - ئاچ قوتانغا سولىنىپ كاپىلار بىلەن ياتتىڭ ، باغلىنىپ ئىتتەك سۆرەلدىڭ ، قارىياغاچقا ئېسىلدىڭ ، ئۆلگۈدەك قامچا يېدىڭ ، يەنە نۇرنى ئاغزىڭدىن چۈشۈرمەيسەنغۇ ؟

غۇنچەم : نۇرۇم مېنىڭ بۇلبۇلۇم ، مەن ئۇنىڭ باغرى قان غۇنچىسى ، تىلىم سۆزگە كېلىدىكەن ، مەن ئۇنى ئاغزىمدىن چۈشۈرمەيمەن .

شەرۋان : تىلىڭ كېسىلمىسۇن يەنە .

غۇنچەم : ئەمدى قورقىدىغان ھېچ يېرى قالمىدى ، تىلىمنى كېسىپ تاشلىساڭلار دىلىمدا ياد قىلىمەن .

شەرۋان : مەن ئارا بولمىسام ، شاڭيۇ ئاتاڭ ھەر ئىككىڭنى ئاتقۇزۇۋېتەتتى . نۇر ئۆمۈرلۈك سولاققا ھۆكۈم قىلىنىپ تىرىك قالدى . سەن سولاققىمۇ چۈشمەي تاياق بىلەن قۇتۇلدۇڭ .

غۇنچەم : سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا خار - زار بولۇپ قالغىچە ئۆلگىنىد-

مىز ئارتۇق ئىدى .

پاتەمخان : (شەرۋاننىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ كۆز يۇمچاقلاپ) چوڭ- لار بىلەن گەپ تالىشىپ نېمە قىلىسەن، قىزىم، كې- سەل بولغاندىن كېيىن، ئەھۋالغا قاراپلا ئىش قىلساڭ بولىدۇ .

شەرۋان : تىرىك قالغىنىغا شۈكۈر قىلمايدۇ، جۇۋاينىمەك (غۇنچەم قىسقا - قىسقا يۆتىلىدۇ) . شاڭيۇ ئاتاڭدىن دۇئا ئال، ئېرىڭنىڭ ئايىغىغا يىقىل، قىلغان گۇناھلىرىڭغا تۇۋا قىل، شۇ چاغدىلا ساقىيىسەن .

پاتەمخان : بۇلار بولسا نادان، تېخى ياش، ياخشى - يامانىنىڭ تېگىگە يەتمەيدۇ. مۇشۇ بالىنىڭ ئەھۋالى كۈندىن - كۈنگە ئوساللىشىپ كېتىپ بارىدۇ . ئەلۋەتتە، ئاجىزنىڭ قايا- شى ئاجىز، مۇشۇنىڭ ئاستىغا بىر كۆرپە سېلىپ، بې- شىغا بىر ياستۇق قويۇپ بەرسەك بولاتتى .

شەرۋان : قىلغان ياخشىلىقنىڭ قەدرىنى بىلەمدۇ، بۇ بۇزۇق .

پاتەمخان : بۇ بىلمىسە، خۇدايىم ئۆزى بىلەر، ئەمدى بىر كەڭچىد- لىك قىلسىلا، خېنىم ئاغىچا .

شەرۋان : بوپتۇ . سېيىتنىڭ ھۇجرىسىدىن بىر كۆرپە - ياستۇق ئاچىقىپ بېرىڭلار . مەن ھاشىمبايىنىڭ ئۆيىگە مەسلىھەت چايغا كىرىمەن . ئوغرى - يالغان ۋاقتى . مەشرەپ ھويلا- ئارامغا ياخشىراق قارىسۇن .

پاتەمخان : ئوبدان، مەن دەپ قوياي .

شەرۋان تالا تەرەپكە چىقىدۇ . پاتەمخان ئىچكىرى كىرىپ كۆرپە - ياستۇق ئېلىپ چىقىپ، غۇنچەمنى كۆرپىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ياستۇققا يۆلەپ قويىدۇ .

غۇنچەم : بىكار قىلدىلا، جېنىم پاتىمدە، بۇنى .

پاتەمخان : جېنىڭ يامان قىيىنىلىپ كەتتى، بالام . پۇت - قولۇڭنى

سوُنوُپ، يوُمشاققىنا بىردەم ئارام ئال.

غوُنچەم: مەن بەرىبىر بوُ كىيسەلدىن ساقىييپ كىيتەلمەيمەن، پاتىمدە. كاشكى نوُرۇمنى بىر كۆرسەم ئىدى (كۆزىگە ياش ئالىدۇ).

پاتەمخان: بوُ باغرى تاشلار، سىينىڭ كۆز ياشلىرىڭغا قارىمىدى. ئاھۇ - زارىڭ بىر كوُنى تەڭرىمگە يىيتەر. نوُرنىمۇ كۆرۇپ قالارسەن، تولا ھەسرەت چىيكىۋەرمە، قىزىم، ئۆزۈڭنى ئايا. (غوُنچەمنىڭ بىلىكىدىكى يارىسىنى كۆرۇپ) توۋا، دۇنيادا ئاجايىپ رەھىمسىز ئادەملەر بار - دە. قىز بالىنى موُشوُنچە يارا بولۇپ كەتكوُچە باغلىغان بارمۇ. ئاناڭ رەھمەتلىك بوُ بىلەكلىرىڭگە قىيقىزىل مارجانلارنى ئوراپ قويانتى. مانا ئەمدى ھەممە يىيرىڭ يارا. قاچقانچە قوُتوُلۇپ كەتكەن بولساڭلارغوُ، موُنچە ئازابلارنىمۇ كۆرمەس ئىدىڭلار.

سىيىت: (قەپەستە كەكلىك كۆتۈرۈپ كىرىپ) مەشرەپ، ھاي مەشرەپ، قىينى سەن، چاپسان ماڭ.

مەشرەپ: (قولىدا ئاتىنىڭ نوختىسىنى كۆتۈرۈپ، باغ تەرەپتىن كىرىدۇ) نىيمە بولدى؟ ئالتوُن توشقان توُتوُۋالغاندەك ۋارقىراپ كەتتىڭغوُ؟

سىيىت: خوُش خەۋەر (قەپەسنى ئىگىز كۆتۈرىدۇ). بوُگوُن مىينىڭ كەكلىكىم باراتىنىڭ كەكلىكىنى قاچوُردى.

مەشرەپ: ھە، شوُمىدى، مەن تىيخى سىيىت نوچى ئوغرى قاچانىڭ تىيغىنى ئۆرۇۋەتتىمىكىن دەپتىمەن.

سىيىت: خوُشاللىقىمنى سەن قەلەندەرلەرگە ئىيتقان ئىست ئاغزىم.

پاتەمخان: ھوي بايۋەچچە، بوُ قەلەندەرلىك قىلىپ كوچىدا نان تىلەپ

يېگىنى يوق. بىر پارچە نان ئۈچۈن ئانا ـ بالا ئىككىمىز
كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەۋاتىمىزغۇ.

سېيىت: ئەمىسە بىزنىڭ نانىنى بىكاردىن يېيىشەتتىڭمۇ؟

مەشرەپ: ئەتىدىن كەچكىچە ئىت تالاشتۇرۇپ، قورغۇي ئويناپ، كەكلىك سوقۇشتۇرۇپ يۈرۈپ، تەييار نانىنى سېيىتجانلا يەيدىكەن ـ دە!

پاتەمخان: ھە، «ئاتام مازارغا شەيخ، مەن تەييارغا شەيخ» دېگەن شۇ.

سېيىت: پېشانەڭگە يېزىلغان بولسا، سەنمۇ شۇنداق قىلالايتىڭ.

مەشرەپ: ئۇتقىنا سېيىتجان پېشانەڭنى، خەت تونۇمىساممۇ، قەيەرىڭگە يېزىلغانلىقىنى سىنچىلاپ بىر قاراپ باقاي (سىنچىلاپ قارايدۇ).

سېيىت: تېشىغا يېزىلاتتىمۇ، ئۈستىخىنىدا بولىدۇ.

مەشرەپ: (سېيىتنىڭ پېشانىسىنى قولى بىلەن سىلاپ) ھېچنېمە يوق سىپسىداملىغۇ؟

پاتەمخان: بىمەنە گەپ قىلىشما، يامان بولىدۇ!

سېيىت: ماڭ ـ ماڭ، سەن بىلمەيسەن. (مەشرەپنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋېتىپ، نېرىدىن غۇنچەمنىڭ بېشىدىكى ياستۇقنى كۆرىدۇ. قەپەسنى مەشرەپكە بېرىدۇ. مەشرەپ ئۆينى ئىچكىرىگە ئېلىپ كېتىدۇ. سېيىت پېشايۋانغا كېلىپ) بۇ ئۆلۈككە مېنىڭ پەي ياستۇقۇمنى كىم قويۇپ بەردى؟

پاتەمخان: ئاپاڭ.

سېيىت: بىكار گەپ، بۇ پەسنىڭ قىزىنىڭ ئەمدى مېنىڭ ياستۇقۇمغا بېشىنى قويۇشىنى ئاپام راۋا كۆرمەيدۇ (غۇنچەم يۆتىلىپ كېتىدۇ).

پاتەمخان: ھوي، ھەر ھالدا غۇنچەم سېنىڭ نىكاھىڭدىغۇ.

سېيىت: نۇر بىلەن قاچقان بۇ بۇزۇقنى مەن ئاللىقاچان قويۇۋەتـ
كەن. قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتقىنىم يوق، ئەمدى بۇ مېـ
نىڭ خوتۇنۇم ئەمەس. مۇشۇ ئۆيىنىڭ قۇلى. (غۇنچەمگە
دېۋەيلەپ) راستمۇ، گەپ قىل هوي ئۆلۈك.
غۇنچەم: (غەزەپلىنىپ) ساڭا گەپ قىلىدىغان تىلىم يوق. ئال
مەرەز ياستۇقۇڭنى، چىكەڭگە تاڭ!! (پۈتۈن كۈچىنى
يىغىپ ياستۇقنى سېيىتنىڭ بېشىغا ئېتىپ دوم چۈشىدۇ.
سېيىت غۇنچەمنىڭ ياقىسىنى ئىككى قولى بىلەن تۇتۇپ
تىزلاندۇرىدۇ).
سېيىت: كانىيىڭنى مانا مۇشۇنداق سىقىپ، جېنىڭنى چىقىرىۋېتىدـ
مەن، سىل كېسەل ئۆلۈك.
پاتەمخان: (سېيىتنىڭ قولىدىن تارتىپ) بۇ بالىنى سىل قىلىۋاتقان
ئۆزلىرىڭ ئەمەسمۇ؟! ئەمدى بىر يولىلا ئۆلتۈرەي دەمـ
سەن بىچارىنى، قويۇۋەت دەيمەن، هوي تەلۋە!
سېيىت: مانا قويۇۋەتتىم (غۇنچەمنى ئىرغىتىپ پېشايۋاندىن تۆۋەنگە
ئىتتىرىۋېتىدۇ). مانا ئەمدى ساقىيىسەن ها ... ها ...
ها ... (كۈلىدۇ)
پاتەمخان: ۋاي خۇدايىمەي، ئەمدى قانداق قىلارمەن. (يۈگۈرۈپ
چۈشۈپ غۇنچەمنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزىدۇ) هوي بىرە-
هىم، قىلغۇلۇقنى قىلىپ، يەنە كۈلىسەنغۇ. بىچارە بالا
قاتتىق يەرگە چۈشۈپ هوشىدىن كەتتى. قاراپ تۇرماي
سۇ ئېلىپ كەل.
سېيىت: تېخى مەن ئۇنىڭغا سۇ ئەكىلىپ بېرىمەن؟! (تۆۋەنگە سەكـ
رەپ چۈشىدۇ) مەن بۇنى هازىر هوشىغا كەلتۈرىمەن.
(غۇنچەمنىڭ ئىككى چېچىدىن تۇتۇپ قارىياغاچنىڭ تۈۋىگە
سۆرەپ كېتىدۇ).
پاتەمخان: ۋاي خۇدايىمەي، ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان بولدى. مەشرەپ،

ۋاي مەشرەپ يۇگە ، چاپسان بول !

سىيىت : مانا سىنىڭ جايىڭ ! مەيەردە ، غازاڭنىڭ ئۇستىدە يۇمشاق ياتا ! (غۇنچەمنى غازاڭنىڭ ئۇستىگە تاشلاپ ، مەيدىسىگە بىر ـ ئىككىنى دىسلىۋىتىدۇ . ئۇ ھوشسىز بولۇپ ياتىدۇ )

پاتەمخان : غالجىر ئىت ! (سىيىتنىڭ كاچىتىغا بىر شاپىلاق ئۇرىدۇ )

سىيىت : ۋاي ـ ۋاي ـ ۋاي ياڭىقىم . ۋاي دەللە . (پاتەمخاننىڭ ياقىسىدىن سىقىپ ) ئۇرۇشنى بىلمەيدىكەنسەن ، دەللە ، مانا ، مانا . (مۇشتلاۋاتقاندا مەشرەپ چىقىدۇ )

مەشرەپ : ھوي ماڭقا ، ئاپامنى قويۇۋەت . (نوختا بىلەن سىيىتنى ئۇرۇپ ، ئاجرىتىپ ئىتتىرىۋىتىدۇ ، سىيىت يىقىلىدۇ )

سىيىت : (يىغلامسىراپ ) توختاپ تۇر ، سەن خۇمسىلارنىڭ بۇرنىنىڭ بىزىنى ئالمىسام .

پاتەمخان : خۇدا جاجاڭنى بەرسۇن ، زالىملار !

سىرتتىن شاڭيۇ بىلەن باستىنىڭ ئاۋازى كېلىدۇ .

پاتەمخان بىلەن مەشرەپ چۆچۈپ قالىدۇ .

شاڭيۇ : باستى ، ماڭا قارا ! ھېلىقى ياقۇپنىڭ سىيتلىغان ھارۋىسىنىڭ پۇلىنىمۇ قوشۇپ ئېلىپ كەل .

باستى : بولىدۇ ، شاڭيۇكا .

شاڭيۇ : (كىرىدۇ ) يەنە نېمە گەپ ؟

سىيىت : ماۋۇ قەلەندەرلەر ئىككىسى بىر بولۇپ مېنى ئۇرۇۋاتىدۇ .

پاتەمخان : ھۆرمەتلىك شاڭيۇم ! ماۋۇ بىچارە ئاجىزنى كۆرسىلە . (غۇنچەمنى كۆرسىتىدۇ ) ھاي بالام ، ئۇنداق قىلما ، ئۇۋال بولىدۇ ، دېسەم ئۇنىماي ، كېسەلنىڭ دەستىدىن ئاران تۇرغان بالىنى بوغۇپ پېشايۋاندىن تاشلىۋەتتى . سۆرەپ يۇرۇپ ، دىسلاپ ، مۇشۇ ئەھۋالغا كەلتۇرۇپ قويىدى ، قارىسىلا .

شاڭيۇ : (سېيىتقا) نېمىشقا ئۇنداق قىلىسەن ؟

سېيىت : مېنىڭ كۆرپە ـ ياستۇقۇمنى بۇ كېسەلگە سېلىپ بېرىپ ئىپلاس قىلىۋېتىپتۇ. ئىلتۇۋالاي دېسەم، باشلىرىمغا ئېـ تىپ تىللاۋاتىدۇ.

شاڭيۇ : كىم ياستۇق قويۇپ بەردى، (پاتەمخانغا) سەنمۇ ؟

پاتەمخان : يوغىسۇ، مەن ئەمەس، شەرۋانەمنىڭ رەھمى كېلىپ قاپـ تىكەن، ئۆزى بۇيرۇق قىلدى.

شاڭيۇ : ئىززىتىنى بىلمىگەن بۇ هارامزادە قولغا كەلگەن بەخت ـ سائادـ تىنى ئۆزى ئاياغ ـ ئاستى قىلدى. «ئىت ۋاپا، خوتۇن جاپا» دېگەن مانا شۇ. بۇنىڭغا قىلىدىغان رەھىمنى ئىتقا قىلىش كېرەك.

پاتەمخان : (چەتكە قاراپ ئۆز ـ ئۆزىگە) قاغا قاغىنىڭ كۆزىنى چوقۇمايدۇ.

سېيىت : ماۋۇ دەللە بۇنىڭغا بولۇشۇپ، (غۇنچەمنى كۆرسىتىپ) تېخى بىزنى زالىملار دەۋاتىدۇ.

شاڭيۇ : زالىملار! ھىم . . . سەن لالما خوتۇنىڭمۇ نىيىتى بۇـ زۇق. (قولىنى غۇنچەمگە شىلتىپ) مانىڭغا ئوخشاش ئېـ رىگە خىيانەت قىلىدىغان، (پاتەمخانغا شىلتىپ) ساڭا ئوخشاش ناپاك خوتۇنلارنىڭ قەدىمى تەگكەن يەردىن بەرىـ كەت ئۇچىدۇ. يوقال مېنىڭ ئۆيۈمدىن. (مەشرەپكە) سەن رودۇپايمۇ ئاناڭ بىلەن چىقىپ كەت بۇ يەردىن. (سېيىتقا) نەرسىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ تاشلا. (سېيىت ئىچكىرىگە ماڭىدۇ. شاڭيۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىرىپ كېتىپ بېـ رىپ) ئىلگىرى ـ كېيىن مېنىڭ ئۆيۈمگە قەدەم باسقۇچى بولۇشما، تۇزكور قىلىدىغانلار.

مەشرەپ : ئەمدى سېنىڭ ئۆيۈڭگە قەدەم باسقۇچە، بىراقلا دوزاخقا

قەدەم بېسىش كېرەك .

پاتەمخان : توۋا، ناپاك خوتۇنلار دېگەننىنى قارا . ئۆيۈڭگە بەرىكەت كىرگۈزىدىغان پاك خوتۇنلار شەرۋان ئاغىچىكەن ــ دە .

مەشرەپ : مەن شەرۋاننىڭ قانداق خوتۇنلۇقىنى بىلمەن . ئۇنىڭ ئىپلاسلىقلىرىنى يالىلداپ تۇرغان ئالتۇنلىرىلا يېپىپ تۇ- رىدۇ .

پاتەمخان : (غۇنچەمنىڭ يېنىغا بېرىپ ، ئۇنىڭ چۇۋۇلغان چاچلىرى- نى تۈزەپ مەيۈسلىنىدۇ ) ئىسىت ئىگە ــ چاقىسى يوق قىزىم .

سېيىت بىر ئەسكى خۇرجۇن ، بىر كونا ئەسكى كورەك جۇۋا ، بىر جۇپ چورۇق كۆتۈرۈپ چىقىپ ، مەش- رەپنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بېرىدۇ .

سېيىت : ئالە ، لاقا ــ لۇقاڭنى قەلەندەر . (قايتىپ كىرىپ كېتىدۇ )

مەشرەپ نەرسىلىرىنى خۇرجۇنغا تىقىپ ، غۇنچەمنىڭ يېنى- غا بېرىپ ، بېشىنى تۆۋەن سالغان هالدا جىم تۇرىدۇ .

پاتەمخان : ئەجەب خورلاندىڭ ، ئەقىللىق قىزىم ، چىرايلىق ، سۈمە- باتلىق ، قارا كۆزۈم . ماڭا بىر قارىغىنا ! بىزدىنمۇ ئاي- رىلىدىغان بولدۇڭ . كۆزۈڭنى ئاچقىنا دىدار كۆرۈشۈۋا- لايلى . (كۆزىگە ياش كېلىدۇ )

شاڭيۇ : (ئىچكىرىدىن ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ) هاي لالمىلار ! ئىت- مۇ چاغ دېسە كېتىدۇ . نېمە بېزىرىپ تۇرۇۋشسەن بۇ يەردە . كەت دېگەندىن كېيىن كېتىشمەمسەن .

مەشرەپ : (پاتەمخاننىڭ يېڭىدىن تارتىپ ) يۈر ئاپا ، ئۇن نەچچە يىل ئىشلەپ ، ئاخىر ئىتقا ئايلىنىپتىمىز ، كېتەيلى .

شاڭيۇ : تەنە گەپ قىلماي يوقال ، هارامزادە .

مەشرەپ بىلەن پاتەمخان كېتىشكە هازىرلىنىدۇ .

مەشرەپ : شۇنچە يىل ئىشلەپ قۇرۇق قول بىلەن چىقىپ كېتىمىز-

مۇ ، شاڭيۇكا .

شاڭيۇ : (ئالدىغا ئىككى قەدەم مېڭىپ ) نېمە ؟ نېمە بولدۇڭ ؟

مەشرەپ : ھەققىمىزنى بەرمەمسىز ؟

شاڭيۇ : گېلىڭگە تاماق بېرىپ ، ئۇچاڭغا كىيىم بېرىپ ، چوڭ قىلىپ قويغىنىم ئۇچۇن يەنە ھەق سورىماقچىمۇسەن ، مۇتتەھەم. ھازىر يوقال ! بولمىسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرستىمەن .

مەشرەپ بىلەن پاتەمخان مەيۈسلىنىپ ماڭىدۇ . چىقىپ كېتىۋېتىپ پاتەمخان غۇنچەم تەرەپكە قارايدۇ .

پاتەمخان : خوش ، بىچارە قىزىم ، ئامان بول. سېنىڭ بىلەن بىزنىڭ كۈنىمىزمۇ تۇغار... !

شاڭيۇ : يوقال دېدىم ، يوقال ! (پاتەمخان ، مەشرەپ چىقىپ كېتىدۇ ) ساڭا ئوخشاش يالاڭ ئاياغلاردىن بىرى كەتسە ، مىڭى كېلىدۇ . بەچچىغەرلەرنى قارا تېخى ! خېلى بىر نېمە دېگۈسى بار. (ئۆز ـ ئۆزىگە ) «ئادەم بالىسىنى باقساڭ ، ئاغزى- بۇرنۇڭنى قان ئېتەر ، ھايۋان بالىسىنى باقساڭ ، ئاغزى- بۇرنۇڭنى ياغ ئېتەر » دېگەن راست گەپتە . (ئۆيىگە كىرىپ كېتىدۇ )

شەرۋان : (كىرىپ غۇنچەم تەرەپكە قاراپ) ئاۋۇ شورى قۇرۇغۇر ئەمدى ئۇ يەرگە بېرىپ يېتىپتۇ ـ دە . (ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىدۇ ) مۇزىكا قايغۇلۇق ئويناپ تۇرىدۇ . ئاستا ـ ئاستا كەچ كىرىپ ، ئاسماندا يۇلتۇزلار ، كېيىن ئاي كۆرۈنىدۇ . شامال چىقىپ قارىياغاچتىن غۇنچەمنىڭ ئۈستىگە غازاڭلار چۈشىدۇ ، يىراقتا ئىتنىڭ ئەندىشىلىك ھۇۋلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ . غۇنچەم چاچلىرى چۇۋۇلغان ، كۆزلىرى قورقۇنچلۇق تۇس ئالغان ھالدا بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ئەتراپىغا ئەنسىزلىك بىلەن قارايدۇ .

غۇنچەم : سۇ ، سۇ ! (كالپۇكلىرىنى يالاپ قولىنى سوزىدۇ ، يەنە بېشىنى يەرگە قويىدۇ ) سىرتتا ئات چېپىپ كەلگەن تا-ۋۇش ۋە ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى ئاڭلىنىپ دەرۋازا قېقىلى-دۇ ، ئىچكىرىسىدىن سېيىت چىقىدۇ .

سېيىت : كىم ، كىم ئۇ ؟

ئاۋاز : (سىرتتىن) بىز ، بىز ، دەرۋازىنى ئاچ .

سېيىت : بىز ... كىم سىلەر ؟ بۇ كېچىدە نېمە ئىشىڭلار بار بۇ يەردە ؟

ئاۋاز : بىز يامۇلنىڭ كىشىلىرى ، زۆرۈر ئىش بىلەن كەلدۇق . (سېيىت دەرۋازىنى ئاچىدۇ . مىلتىق ، قىلىچ ئاسقان ئىككى يايى كىرىدۇ . )

1 ـ يايى : شاڭيۇكام بارمۇ ؟

سېيىت : بار .

1 ـ يايى : قىچار ـ قىچار .

سېيىت : ۋاي ـ ۋۇي ، نېمانچىۋالا ئالدىراش . (ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ )

2 ـ يايى : شاڭيۇكامنىڭ ھېلىقى ئەركە ئوغلى مۇشۇ ـ ھە ؟

1 ـ يايى : ھەئە ، تازا مۆرىمەس بىرنەرسە .

2 ـ يايى : قازاقنىڭ ئاۋۇلىدىن ھېلىقى ئۇچى بىلەن باغلاپ ئەكەلگەن چىرايلىق قىزنى شۇنىڭغا ئېلىپ بەرگەن ئەمەسمۇ ؟

1 ـ يايى : تېخىچىلا شۇنىڭ كاشىلىسىنى تارتىۋاتىمىز . شاڭيۇ بىلەن سېيىت چىقىدۇ .

شاڭيۇ : ھە ، بۇ كېچىدە نېمە گەپ ؟

1 ـ يايى : نۇر ئاغىنىسى تۇرغان ، ئامانتايلار بىلەن يامۇلدىن قاچتى .

شاڭيۇ : قاچتى ، مانا قارا ! قاچان ؟

1 ـ يايى : بۈگۈن ئىككى كۈن بولدى ، يەتتە ـ سەككىز ئادەم ئىزدەپ يۈرىمىز .

شاڭيۇ : شۇنداق چىڭ يامۇلدىن قانداق قاچالايدۇ ـ ھە !
1 ـ يايى : ئۇلارنى يۆلىگە ئۆتكۈزۈپ ، سى لويىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن . ئۇ سەل بوش تۇتقان ئوخشايدۇ .
شاڭيۇ : مانا ، لوزۇڭ بېگىمنىڭ كۆزىدىن نېرى بولغان ئىش مۇ . شۇنداق بولىدۇ .
2 ـ يايى : بېگىم بۇ توغرۇلۇق دارىنغا ئېيتىپ ، سى لويى بىلەن ئاچچىقلىشىپ قالدى .
شاڭيۇ : ئەمدى قانداق قىلدۇق ، بۇ كاساپەتلەرنى .
1 ـ يايى : بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا ، بۇ ئوغرىلار بۈگۈن كەچقۇرۇن مۇشۇ مەھەللە تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپتۇ .
شاڭيۇ : مۇشۇ مەھەللىگە ؟
1 ـ يايى : ھەئە . كۆرگەن كىشى بار . شاڭيۇكا ، ئەللىكبېشىلار ياردەم قىلمىسا بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ ، بىز ناھايىتى ئا - ۋارە بولۇپ كەتتۇق .
شاڭيۇ : (سېپىتقا ) يۈگۈر ، ماۋۇ يىگىتلەرنى باستىنىڭكىگە باشلاپ بار . ئونبېشىلىرىنى يىغىپ ، مەھەللىنىڭ پۈتۈن ئەتراپىنى ئىزدىشىپ بەرسۇن . (يايىلارغا ) ئەزىمەتلەر ، غەيرىتىڭلار كەم بولمىسۇن ، قاچقۇنلارنى نەدىن بولسا تېپىڭلار ، خىز - مەت ھەققىڭلارنى دىگەندەك بېرىمەن .
1 ـ يايى : بېگىمنىڭمۇ تاپشۇرۇقى قاتتىق ، بۈگۈن نەدە بولمىسۇن قولغا چۈشۈرمىسەك بولمايدۇ . (سېپىت بىلەن ئىككى يايى چىقىپ كېتىدۇ )
شاڭيۇ : بۇ نېمىدېگەن ئەنسىزچىلىك ـ ھە ! (غۇنچەم تەرەپكە قاراي - دۇ ) ھەممە بالا سېنىڭ كاساپىتىڭدىن بولۇۋاتىدۇ . (ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ )
غۇنچەم : ھە... ھە... ھە... م ، ھە... ھىم... ! (ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ سەكرات ھالىتىدە ئىككى قولى بىلەن تۇزۇغان

چىچىنى قارمايدۇ. نۇرۇم باغ تەرەپتىن مارىلاپ كېلىدۇ.)

نۇرۇم: كىم بار بۇ يەردە؟

غۇنچەم: ئاھ ... ھىم ... نۇرۇم... ! (بىر قولىنى سوزىدۇ)



نۇرۇم: غۇنچەممۇسىز؟ (غۇنچەمنىڭ بېشىنى مەيدىسىگە بېسىپ سى-

لايدۇ ) جېنىم غۇنچەم ، سىزنىڭ تارتقان ئازابىڭىزنى پاتىمەدىن ئاڭلىدىم . (ئاي بىر پارچە بۇلۇت ئاستىغا كىرىدۇ ) لاپاستىكى بېدىگە ئوت قويۇۋېتىدۇق ، بۇ يىلان - چايانلارنىڭ ئۇۋىسى كۆيۈپ كۇل بولۇپ كەتسۇن . مەن سىزنى ھاپاش قىلىپ ئېلىپ كېتىمەن . ماڭا قاراڭ ، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ ، غۇنچەم . (غۇنچەمنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ ، جان ئۈزگەنلىكىنى بىلىدۇ . مۇزىكا قايغۇلۇق ئويناىدۇ ، ھەيرانلىقتا قالپىقىنى ئېلىپ غۇنچەمنىڭ بېشىغا قويۇپ ئورنىدىن تۇرىدۇ . تۇرغان بىلەن ئامانتاي قوللىرىدا پىچاق تۇتقان ھالدا نۇرنىڭ يېنىغا كېلىدۇ )

تۇرغان : نېمە بولدى ؟

نۇرۇم : مېنىڭ قۇچىقىمدا جان ئۈزدى . (ئۇچى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جىم تۇرىدۇ ) ئىسىت ئېچىلماي توزۇغان غۇنچەم .

ئامانتاي : جەنچىلگەن غۇنچا .

## خور

(نۇرۇمنىڭ دوستلىرى ، قوشنا دېھقانلاردىن بىرنەچچە كىشى ، مەشرەپ ۋە ئۇنىڭ ئانىسى بىرلىشىپ ئېيتىدۇ )

ئۈزۈلدى رىشتىدىن ئۇنچە ،
ئېچىلماي توزىدى غۇنچە .
جاھان يوقسۇلغا گۆر بولدى ،
زاماننىڭ خوۋلۇقى شۇنچە .

تۇرغان : قېرىنداشلار ! بۇ زالىمدىن ئىنتىقام ئېلىش كېرەك ، ئىنتىقام ئالايلى ! !...

(كۆپچىلىك قوشۇلىدۇ ) :

قىساس بىزگە قارار بولسۇن !
غەزەپلەر زۇلپىقار بولسۇن !

پاچاقلانسۇن زۇلۇم تەختى،
ئادالەت ئەلگە يار بولسۇن!

سەھنىنىڭ ئارقىسىدىن ئوت يالقۇنى كۆرۈنىدۇ، ئوتنىڭ قىزىل نۇرى ئىچىدە، نۇرۇم غۇنچەمنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ ئالغا بىر نەچچە قەدەم ماڭىدۇ، پەردە چۈشىدۇ.

1939 ـ يىل، غۇلجا.

## مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1. بۇ درامىدا 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان. ئۇنىڭدا ئەينى يىللاردىكى ئىجتىمائىي رېئاللىق، كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئۆرپ ـ ئادەت، يەرلىك شىۋە قاتارلىقلار ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. پېرسوناژلار تىلىمۇ كۈچلۈك خاسلىققا ئىگە قىلىنىش ئارقىلىق روشەن ئوبراز يارىتىلغان. سىلەر تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى جانلىق ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان دىئالوگلارنى تېپىپ چىقىڭلار ھەم شۇ دىئالوگلاردا پېرسوناژلارنىڭ قانداق خاراكتېر ئالاھىدىلىكى يورۇتۇپ بېرىلگەنلىكىنى سۆزلەپ بېقىڭلار.

2. غۇنچەم «رەھمەتلىك ئاپا! شۇم پېشانە قىزىڭنى نېمىشقىمۇ تۇغقان بولغىيدىڭ. قىزىم مۇشۇنداق قارا كۈنلەرگە قالار دەپ ئويلىمىغانسەن. ئەگەر ئويلىغان بولساڭ، نۇرۇم بىلەن ئىككىمىزنىڭ بەختىنى چوڭ توي قىلىمەن دەپ توسۇپ قويماس ئىدىڭ. خەير، قورۇنما ئاپا! يەرلىكىڭدە تىنچ يات» دەيدۇ. سىلەرچە غۇنچەمنىڭ ئۆز پاجىئەسىنىڭ سەۋەبىنى مۇشۇنداق چۈشىنىشى يېتەرلىكمۇ؟

3. ئادەتتە سەھنە ئەسەرلىرىدە دىئالوگ، مونولوگ، ياندىن بايان

قاتارلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. سىلەر بۇ پارچىدىن مۇشۇنداق ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا ياتىدىغان سۆز - جۈملىلەرنى كۆرسىتىپ بېرەلەمسىلەر؟

4. بۇ تېكىستنى روللارغا بۆلۈنۈپ توغرا، ئېنىق، ئوبراز يارىتىپ ئوقۇڭلار.

5. تېكىستتىن جۈملە بىلەن گراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەرنى تېپىڭ ھەمدە ئۇلارنىڭ تۈرى ۋە رولىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

# 14 . ۋېنىتسىيە سودىگىرى (پارچە)

## شېكىسپىر[1]

### تۆتىنچى پەردە بىرىنچى كۆرۈنۈش

(گېرتسوگ[2]مۆتىۋەرلەر ، ئانتونىئو[3] ، باسانىئو[4] ، گرىسىئاننو[5] ، سالارىنو ۋە باشقىلار بىلەن سەھنىگە چىقىدۇ . )

گېرتسوگ : ئانتونىئو كەلدىمۇ؟

ئانتونىئو : كەلدىم ، جانابلىرى .

گېرتسوگ : سېنىڭ ئىشىڭ كۆڭلۈمنى غەش قىلىۋاتىدۇ ؛ سەن باغرى تاش رەقىب بىلەن — ئىچ ئاغرىتىشنى ، قىلچە رەھىم قىلىشنى ، ئادەمگەرچىلىكنى بىلمەيدىغان مۇتتەھەم بىلەن يۈزلىشىپ قالدىڭ .

ئانتونىئو : ئاڭلىسام جانابلىرى ئۇنى بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتمەسلىككە دەۋەت قىپسىز ، لېكىن ئۇ كاجلىق قىلىپ ، ئازراقمۇ يول قويۇشقا ئۇنىماپتۇ . مەن ئۇنىڭ زەھەرلىك چاڭگىلىدىن قانۇنىي ۋاستە ئارقىلىق قۇتۇلالمايدىغان بولغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ غەزىپىگە چىداپ ، ياۋۇزلارچە بىر تەرەپ

---

① شېكىسپىر (1616—1564) — ئەنگلىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى دەۋرىدىكى مەشھۇر دراماتورگى ۋە شائىرى . مۇھىم ئەسەرلىرىدىن «ياز كېچىسىدىكى چۈش» ، «ۋېنىتسىيە سودىگىرى» قاتارلىق كومېدىيىلىرى ؛ «رومېئو - ژۇلىيتتا» ، «هاملېت» قاتارلىق تراگېدىيىلىرى ؛ «شېكىسپىر سونېتلىرى» ناملىق سونېتلار توپلىمى بار .

② گېرتسوگ — ۋېنىتسىيە گېرتسوگى كۆزدە تۇتۇلىدۇ . ۋېنىتسىيە فېئودالىزمنىڭ كېيىنكى دەۋرىدە جۇمھۇرىيەت ئىدى . گېرتسوگ ۋېنىتسىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانىدۇر .

③ ئانتونىئو — ۋېنىتسىيە سودىگىرى .

④ باسانىئو — ئانتونىئونىڭ دوستى .

⑤ گرىسىئاننو ۋە تۆۋەندە ئۇچرايدىغان سالارىنو ، سارىنىئو قاتارلىقلار ئانتونىئو بىلەن باسانىئونىڭ دوستلىرى .

قىلىشىنى خاتىرجەملىك بىلەن كۈتەي.

گېرتسوگ: ھەي، ئېيتىڭلار، ھېلىقى يەھۇدىي كىرسۇن.

سارىنئو: ئۇ ئىشىك ئالدىدا كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ؛ ئۇ كەلدى جانابلىرى.

(شىلوك[1] سەھنىگە چىقىدۇ.)

گېرتسوگ: جامائەت يول بېرىڭلار، ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا تۇرسۇن. شىلوك، باشقىلارغا ئوخشاش شۇنداق ئويلايمەنكى، ئۆزۈڭنى ئەتەي ياۋۇزلۇققا سېلىۋاتىسەن، ئەڭ ئاخىرىدا، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرۇپ ھازىرقى رەھىمسىزلىكىڭدىنمۇ ئارتۇقراق رەھىم قىلىسەن — ئىچ ئاغرىتىسەن، ھازىر سەن ئەھدىنامە بويىچە جازالاپ، بۇ شورپېشانە سودىگەرنىڭ تېنىدىن بىر قاداق گۆشىنى كېسىۋېلىشتا چىڭ تۇرۇۋاتقان بولساڭمۇ، ۋاقتى كەلگەندە، بۇ جازادىن ۋاز كېچىشتىن تاشقىرى، كۆڭلۈڭ يۇمشاپ، ئۇنى قەرزىنىڭ بىر قىسمىدىنمۇ ئازاد قىلىۋېتىشىڭ مۇمكىن. ئۇنىڭ يېقىندا، كەينى - كەينىدىن تارتقان زور زىيانلىرىنى بىلىسەن، بۇنداق زىيان ھەرقانداق دۆلەتمەن سودىگەرنىمۇ خانىۋەيران قىلىۋېتىدۇ. ھەرقانچە تاش يۈرەك، خەيرىخاھلىق دىگەننى بىلمەيدىغان ياۋۇز ئادەممۇ ئۇنىڭ ھالىغا ئىچىنىدۇ. ھەي يەھۇدىي، ھەممىمىز سىنىڭ بىر ئېغىز ئوبدان جاۋابىڭنى كۈتۈۋاتىمىز.

شىلوك: مۇددىئايىمنى جانابلىرىغا ئىزھار قىلغانىدىم، جەزمەن ئەھدىنامە بويىچە جازالاش توغرىسىدا، مۇقەددەس ئارام كۈنى[2] بىلەن قەسەممۇ قىلدىم، ناۋادا جانابلىرى تەلىپىم-

---

① شىلوك — جازانىخور يەھۇدىي باي.

② مۇقەددەس ئارام كۈنى — بۇ يەردە يەھۇدىي دىنىنىڭ ھەپتىدە بىر كېلىدىغان مۇقەددەس كۈنى، يەنى شەنبە كۈنى نەزەردە تۇتۇلىدۇ، يەھۇدىيلار بۇ كۈنى خىزمەتنى توختىتىپ، خۇداغا ئىبادەت قىلىدۇ.

گە يول قويمىسىڭىز، قانۇننى مەنسىتمىگەن بولىسىز،
ئۇ ھالدا مەن پايتەختكە بېرىپ، يۇقىرىغا ئەرز قىلىپ،
ئالىيلىرىنىڭ سىزنى ئىمتىيازلىرىڭىزدىن ئېلىپ تاشلى-
شىنى تەلەپ قىلىمەن. سىز مېنىڭدىن: نېمە ئۈچۈن ئۈچ
مىڭ سوم پۇلنى ئالماي، بىر پارچە چىرىگەن سېسىق
گۆشنى ئالماقچى بولىسەن، دەپ سورىسىڭىز، بۇنىڭغا
جاۋاب بەرگۈدەك ھېچقانداق ئاساسىم يوق، مەن پەقەت
مۇشۇنداق قىلىشنى خالايمەن، دېيىشىم مۇمكىن، بۇ
جاۋاب ئەمەسمۇ؟ ئەگەر ئۆيۈمدە چاشقان بولۇپ، ئۇلارنى
قوغلىۋېتىشكە ئادەم ياللاپ، ئۇنىڭغا ئۆزۈم خالاپ ئون
مىڭ سوم بەرسەم، بۇنىڭ بىلەن كىمنىڭ كارى؟ بۇ
سىزگە بەرگەن جاۋابىم ئەمەسمۇ؟ بەزىلەر ئاغزىنى يوغان
ئېچىپ تۇرغان چوشقىنى ياقتۇرمايدۇ، بەزىلەر مۈشۈكنى
كۆرسە، سەپرايى ئۆرلەيدۇ، يەنە بەزىلەر خەق چېلىۋاتقان
نەينىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسا، چىدىماي سىيىۋېتىدۇ، چۈنكى
ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنى ئۇنىڭ ياخشى كۆرۈشى ياكى يا-
مان كۆرۈشى بەلگىلەيدۇ. بۇ ھېچكىمنىڭ ئىختىيارىدا
بولمايدۇ. ئەمدى سىزگە مۇنداق جاۋاب بېرىمەن: نېمە
ئۈچۈن بەزىلەر ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغان چوشقىدىن سەس-
كىنىدۇ، بەزىلەر پايدىسى بار، زىيىنى يوق مۈشۈكتىن
يىرگىنىدۇ، يەنە بەزىلەر كىشىلەر چالغان نەي ئاۋازىنى
ياقتۇرمايدۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسىگە زادىلا تولۇق ئاساس
تاپقىلى بولمايدۇ. بۇلار پەقەت تۇغما مىجەزدىن بولىدۇ.
شۇڭا، ئۇلار ئۆزلىرى ياقتۇرمايدىغان بىرەر نەرسىگە
ئۇچرىسىلا، ئىختىيارسىز سۆرۈن تەلەتىنى كۆرسىتىدۇ.
شۇڭا، مەن بىرەر سەۋەب كۆرسىتەلمەيمەن. بىرەر سە-
ۋەب كۆرسىتىشنىمۇ خالىمايمەن، مەن ئانتونىئوغا بولغان

ئۆچمەنلىكىم ۋە چوڭقۇر ئاداۋىتىم تۈپەيلىدىنلا ، ئۆزۈمگە قىلچە پايدىسى بولمىسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن دەۋالىشىۋاتىمەن ، ئەمدىغۇ جاۋابىمنى ئالغانسىز ؟

باسانىئو : ھۇ رەھىمسىز ئەبلەخ ! بۇ جاۋابىڭ سېنىڭ رەھىمسىزلىكىڭنى ئاقلىيالمايدۇ .

شىلوك : مەن جاۋابىم كۆڭلۈڭگە ياقسۇن دەپ جاۋاب بېرىۋاتقىنىم يوق .

باسانىئو : ئەجەبا ، ئادەم ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان كىشىلەرنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلمىسا بولمامدىكەن ؟

شىلوك : كىممۇ ئۆزى ئۆلتۈرۈشنى خالىمايدىغان كىشىگە ئۆچ بولسۇن ؟

باسانىئو : بىر قېتىم چىشلىگەنلا تېگىپ قويغىنىغا ئۆچلۈك قىلساڭ بولمايدۇ .

شىلوك : نېمە ! سەن زەھەرلىك يىلاننىڭ ئىككىنچى قېتىم چېقىشىنى خالامسەن ؟

ئانتونىئو : سىز ئويلاپ بېقىڭ ، سىزنىڭ شۇ تاپتا بۇ يەھۇدىي بىلەن زاكونلىشىشىڭىز خۇددى دېڭىز ساھىلىدا تۇرۇپ ، دېڭىزنىڭ غەزەپلىك دولقۇنلىرىغا ئۆركەشلىرىنىڭ ھەيۋىسىنى پەسەيتىشنى مۇراجىئەت قىلغانغا ، چىلبۆرىنى نېمە ئۈچۈن قوزىسىغا زىيانكەشلىك قىلىپ ، ساغلىقنى ئاھ - پەرياد چەكتۈرسەن دەپ ئەيىبلەشكە ياكى تاغدىكى قارىغاينى شامالدا ئىرغاڭلاپ شىلدىرلىماسلىققا دەۋەت قىلغانغا ئوخشاش ئىش . ئەگەر سىز بۇ يەھۇدىينىڭ يۈرىكىنى يۇمشىتالىسىڭىز — دۇنيادا ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىق نېمە بار ؟ — قىلغىلى بولمىغۇدەك يەنە قانداق قىيىن ئىش بولسۇن ؟ شۇڭا ، سىزدىن ئۆتۈنەي ، ئۇنىڭ بىلەن ئەھدىنامە ئۈستىدە يەنە مەسلىھەتلىشىپ ئولتۇرماڭ ، مەن ئۈچۈن ئامال -

چارە ئىزدەپمۇ ئاۋارە بولماڭ. مەن ھۆكۈمنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپلا، بۇ يەھۇدىينىڭ ئارزۇسىنى قاندۇ-راي.

باسانىئو: سېنىڭدىن ئۆتنە ئالغان ئۈچ مىڭ سومنىڭ ئورنىغا ئالتە مىڭ سوم قايتۇرسام قانداق؟

شىلوك: ئالتە مىڭ سومنىڭ ھەربىرىنى ئالتە پارچە قىلىپ، ھەر بىر پارچىسىنى بىر سومغا ئايلاندۇرغىلى بولسىمۇ ئالماي-مەن. مەن پەقەت ئەھدىنامە بويىچە جازالاشنىلا تەلەپ قىلىمەن.

گېرتسوگ: سەن مۇشۇنداق شەپقەتسىزلىك قىلساڭ، خەقتىن قانداقمۇ مېھىر - شەپقەت كۈتەلەيسەن؟

شىلوك: مەن خاتا ئىش قىلمىسام، نېمىدىن قورقاتتىم؟ سىلەر نۇرغۇن قۇللارنى سېتىۋېلىپ، ئۇلارنى ئات - ئېشەك ئورنىدا تۇرلۇك قارا ئىشلارغا سالىسىلەر، چۈنكى سىلەر ئۇلارنى پۇلغا سېتىۋالغان. مەن سىلەرگە: ئۇلارغا ئەر-كىنلىك بېرىڭلار، ئۇلار پەرزەنتلىرىڭلار بىلەن توي قىل-سۇن؛ ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئېغىر ئىش ئاستىدا قان - تەرلىرىنى ئاققۇزىدۇ؟ ئۇلارغىمۇ سىلەرنىڭكىگە ئوخشاش يۇمشاق ئورۇن - كۆرپە سېلىڭلار، ئۇلارمۇ سىلەر يەيدى-غان نازۇ نېمەتلەرنى تېتىپ باقسۇن، دېسەم بولامدۇ؟ شۇنداق دېسەم، سىلەر: «بۇ قۇللار بىزنىڭ ئىگىدارچىلى-قىمىزدا» دېيىشىڭلار مۇمكىن. شۇڭا، مەنمۇ سىلەرگە: مەن ئۇنىڭدىن ئېلىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان بىر قاداق گۆش ماڭا مەنسۇپ، ئۇنى جەزمەن ئېلىشىم كېرەك، دەپ جا-ۋاب بېرىمەن. سىز تەلىپىمنى رەت قىلسىڭىز، ئۇ ھالدا ئۇ قۇرۇق قەغەز بولۇپ قالىدۇ، مەن ھۆكۈمنى كۈتۈپ تۇرۇپتىمەن، ماڭا تېزرەك جاۋاب بېرىڭ، مەن بىر قاداق

گۆشنى ئالسام بولامدۇ ــ يوق ؟

گېرتسوگ : بۇ دەۋانى سوراش ئۇچۇن ، پېرارىنو دېگەن بىلىملىك دوكتورنى تەكلىپ قىلىش ئۇچۇن ئادەم ئەۋەتتىم ؛ ئەگەر ئۇ بۇگۈن كەلمىسە ، هۆكۈم قىلىشنى كېچىكتۈرۈشنى جاكارلاشقا هەقلىقمەن .

سالارىنو : جانابلىرى ، پادۇيادىن هېلىلا كەلگەن بىر ئەلچى ئاشۇ دوكتورنىڭ خېتىنى ئالغاچ كەپتۇ، تاشقىرىدا جانابلىرىنىڭ قىچقىرىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ .

گېرتسوگ : ماڭا خەتنى ئەكىلىپ بەر ، ئەلچى كىرسۇن .

باسانىئو : خۇشال بولساڭ بولغۇدەك ، ئانتونىئو ! هوي بۇرادەر ، روھىڭنى چۈشۈرمە ! بۇ يەهۇدىي مېنىڭ گۆشۈمنى ، قېنىمنى ، بارلىقىمنى ئېلىشى مۇمكىن ، لېكىن سېنىڭ مېنى دەپ بىر تامچە قېنىڭنى تۆكۈشۈڭگىمۇ يول قويمايمەن .

ئانتونىئو : مەن پادا ئىچىدىكى كارغا يارىمايدىغان بىر ناكار قوي ، ئۆلۈش مېنىڭ نۆۋىتىم ؛ هەممىدىن ئاجىز مېۋە هەممىدىن ئاۋۋال يەرگە چۈشىدۇ ، مەنمۇ هاياتىمنى ئاشۇنداق تۈگىتەي . باسانىئو سەنلا هايات قېلىپ ، مەن ئۈچۈن قەبرە تاش ئورنىتىپ ، خەت يېزىپ قويساڭ ، قىلغان ياخشىلىقىڭ شۇ بولسۇن .

(نىلشا[1] ئادۋوكات قىياپىتىدە سەهنىگە چىقىدۇ . )

گېرتسوگ : سەن پادۇيادىكى پېرارىنونىڭ يېنىدىن كەلدىڭمۇ ؟

نىلشا : شۇنداق ، جانابلىرى . پېرارىنو جانابلىرىغا ئېھتىرام بىلدۈرۈشۈمنى تاپشۇردى (بىر پارچە مەكتۇپ سۇنىدۇ ) .

باسانىئو : سەن پىچىقىڭنى شۇنچە بىلەپ نېمە قىلماقچىسەن ؟

شىلوك : ئاۋۇ ۋەيران بولغان ئەبلەخنىڭ تېنىدىن بىر قاداق گۆشىـ

[1] نىلشا — كېيىن سەهنىگە چىقىدىغان بىشيانىڭ دېدىكى ، گرىسئاننونىڭ خوتۇنى ، بۇ پەردىدىكى ئويۇندا ئۇ ئەرچە ياسىنىپ ، ئادۋوكاتنىڭ كاتىپى بولۇۋالىدۇ .

نى كىسىۋالماقچىمەن .

گرىسىئاننو : باغرى تاش يەھۇدىي ، سەن مۇشۇ تاپتا پىچىقىڭنى قون-
چىڭغا بىلىمەي ، يۈرىكىڭگە بىلەۋاتىسەن ؛ ھەرقانداق
تۆمۈر قورالنىڭ زەھىرىمۇ ، ھەتتا جاللاتنىڭ پولات قى-
لىچىنىڭ زەھىرىمۇ ، سېنىڭ شەپقەتسىز يۈرىكىڭنىڭ
زەھىرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىگە يەتمەيدىكەن . سېنى ھەرقان-
داق يالۋۇرۇش - يىلىنىشمۇ ئېرىتەلمەمدۇ ؟

شىلوك : ئېرىتەلمەيدۇ ، ھەرقانچە شېرىن - تاتلىق گەپلىرىڭمۇ
ماڭا كار قىلمايدۇ .

گرىسىئاننو : ياۋۇز ئىت ، ئۆلگىنىڭدىن كېيىن دوزاخقا چۈشمىگىنىڭ-
نى كۆرەي . سېنىڭدەك بىرنېمىنى دۇنيادا قالدۇرغان
ئادالەتنىڭمۇ كۆزى يوق ئىكەن . سەن ھەتتا مېنىڭ ئې-
تىقادىمنىمۇ تەۋرىتىپ مېنى پىفاگور[1] نىڭ : ھايۋاننىڭ
روھى ئادەمنىڭ تېنىدە قايتا تىرىلىدۇ ، دېگەن مۇلاھى-
زىسىگە ئىشەندۈرۈپ قويۇشقا باشلىدىڭ ، سېنىڭ ئەس-
لىي نەسلىڭ چوقۇم چىلبۆرە ، ئۇ ئادەم يېگەندىن كې-
يىن ، ئادەملەر تۇتۇۋېلىپ ، دارغا ئاسقان ، ئۇنىڭ يا-
ۋۇز - قەبىھ روھى داردىن قېچىپ چىقىپ ، ئاناڭنىڭ
پاسكىنا بالىياتقۇسىغا كىرىۋالغان ئوخشايدۇ ، چۈنكى
سېنىڭ تەبىئىتىڭ خۇددى چىلبۆرىدەك ياۋۇز — ئاچ
كۆز .

شىلوك : سېنىڭ ئەھدىنامىدىكى مۆھۈرۈمنى تىل - ئاھانەت بىلەن
ئۆچۈرۈۋېتەلىشىڭ مۇمكىن ئەمەس ، شۇڭا كانىيىڭ يىر-
تىلغىچە كاركىرىساڭمۇ مېنى كۆندۈرەلمەيسەن . بىكار
ئاغزىڭنى ئۇپرىتىپ نېمە قىلىسەن ؟ بۇرادەر ، ساڭا مەس-

① پىفاگور — قەدىمكى گرېتسىيە پەيلاسوپى ، روھنىڭ ئۆلمەيدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن .

لىھەتىم ، مېڭەڭ ئارام ئالسۇن ، ئەسەبلىرىڭ بۇزۇلۇپ ، يىغىشتۇرالماي قالما يەنە ، مەن بۇ يەردە قانۇننىڭ ھۆكۈم قىلىشىنى تەلەپ قىلىۋاتىمەن .

گېرتسوگ : پېرارىنو بۇ خېتىدە سوتىمىزغا بىلىملىك ياش بىر دوك-تورنىڭ قاتنىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ ، ئۇ نەدە ؟

نىلشا : ئۇ يېقىنلا يەردە جاۋابىڭىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ ، جانابلىرى ئۇنىڭ كىرىشىگە ئىجازەت قىلاملىكىن ؟

گېرتسوگ : مەرھەممەت ، ئۈچ - تۆتىڭلار بېرىپ ، ئۇنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن بۇ يەرگە باشلاپ كېلىڭلار ، ئەمدى پېرارىنونىڭ خېتىنى ئوقۇيلى .

كاتىپ : (ئوقۇيدۇ ) «مەكتۇپىڭىزنى ئالغىنىمدا يېقىر ئېغىر كې-سەل ھالەتتە ياتاتتىم ؛ شۇ پەيتتە ياش دوكتور بوۋىر سازى ئەپەندى رىمدىن كېلىپ قالدى ، ئۇنىڭدىن ھال - ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن ، بىرلىكتە يەھۇدىي بىلەن ئانتونىئو ئوتتۇرىسىدىكى دەۋا ئۈستىدە تەپسىلىي مۇزاكىرە قىلدۇق ، مۇناسىۋەتلىك ھۆججەت - ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى كۆ-رۈپ چىقىپ ، ھەق - ناھەقنى ئاجراتتۇق ، ئۇنىڭدىن ئور-نۇمدا بۇ دەۋانى سورىشىنى ئىلتىماس قىلىۋىدىم ، جانابلى-رىنىڭ خىزمىتىگە تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى . يېقىر-نىڭ بۇ دەۋا ھەققىدىكى پىكىرلىرىدىن بۇ ئەپەندىمنىڭ تولۇق خەۋىرى بار ، بۇ ئەپەندىمنىڭ بىلىم - ئىستىداتىنى ھەرقانچە تەرىپلىسەممۇ ئون مىڭدىن بىرىنى تەرىپلەپ بې-رەلمەيمەن ، يېشىنىڭ كىچىكلىكىگە قاراپ سەل چاغلاپ قالمىغايلا ، مۇنداق كامالەتكە يەتكەن ياشنى ئۆمرۈم مۇشۇن-چە بولۇپتۇ مانا ئەمدى كۆرۈۋاتىمەن . قوبۇل قىلسىڭىز ، خىزمەتلىرىنى بەجا كەلتۈرىدۇ . جانابلىرى ئۆزلىرى قارار

قىلغايلا .»

گېرتسوگ : ئۇقۇمۇشلۇق پېرارىنونىڭ خېتىنى ھەرقايسىڭلار ئاڭلى-دىڭلار ، بۇ يەرگە كەلگۈچى ئېھتىمال ئاشۇ ياش دوكتور بولسا كېرەك .

(بىشىيا[1] ئادۋوكات قىياپىتىدە سەھنىگە چىقىدۇ .)

گېرتسوگ : قولىڭىزنى بېرىڭا ، سىز پېشۋايىمىز پېرارىنونىڭ يېنى-دىن كەلدىڭىزمۇ ؟

بىشىيا : شۇنداق ، جانابلىرى .

گېرتسوگ : مەرھەمەت ، مەرھەمەت ، تۆرگە چىقىڭ . ئۆزلىرىنىڭ بۇ-گۈن بىز بۇ يەردە سورايدىغان دەۋاگەرلەرنىڭ تالاش - تارتىشلىرىدىن خەۋەرلىرى بارمۇ ؟

بىشىيا : بۇ دەۋانىڭ يىپىدىن - يىڭنىسىغىچە خەۋىرىم بار . بۇ يەردىكىلەردىن قايسىسى ھىيلىقى سودىگەر ، قايسىسى يە-ھۇدىي ؟

گېرتسوگ : ئانتونىئو ، شىلوك ، ھەر ئىككىڭلار مايەرگە چىقىڭلار .

بىشىيا : سىنىڭ ئىسمىڭ شىلوكمۇ ؟

شىلوك : شىلوك مېنىڭ ئىسمىم .

بىشىيا : سىنىڭ دەۋايىڭ غەلىتە ، ئەمما ۋېنىتسىيە قانۇنى بويىچە ئەرز قىلىشىڭغا بولىدۇ . (ئانتونىئوغا قاراپ) ھايات - ماماتىڭ شۇ تاپتا ئۇنىڭ قولىدا ، شۇنداقمۇ ؟

ئانتونىئو : ئۇ شۇنداق دەيدۇ .

بىشىيا : سەن بۇ تىلخەتنى ئېتىراپ قىلامسەن ؟

ئانتونىئو : ئېتىراپ قىلىمەن .

بىشىيا : ئەمىسە ، يەھۇدىي ئاز - تولا رەھىم قىلسا بولغۇدەك .

شىلوك : نېمە ئۈچۈن رەھىم قىلغۇدەكمەن ؟ ئاساسىڭىزنى ئېيتىپ

---

① بىشىيا — دۆلەتمەن ئائىلىنىڭ قىزى ، باسانىئونىڭ خوتۇنى . بۇ پەردىدىكى ئويۇندا ئۇ ئەرەنچە ياسىنىپ ، ئادۋوكات بولۇۋالىدۇ .

بىقىڭا.

بىشىيا: مېھىر - شەپقەت زورمۇزور قىلىنمايدۇ، ئۇ پاىي دۇنياغا خاسىيەتلىك يامغۇردەك ئاسماندىن ياغىدۇ؛ ئۇ خەير - ساخاۋەتكە ئېرىشكۈچىگە بەخت - سائادەت ئاتا قىلىپ قالماستىن، خەير - ساخاۋەت قىلغۇچىلارغىمۇ بەخت - سائادەت ئاتا قىلىدۇ؛ ئۇ ھەممىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە، ئۇ پادىشاھنىڭ ئالىيجانابلىقىنى تاج - تەختىدىنمۇ ئارتۇق نامايان قىلىدۇ. شاھلىق شەمشىرى پەقەت پادىشاھنىڭ پانىي دۇنيادىكى قۇدرىتى ۋە ھوقۇقىنىڭلا سىمۋولى بولۇپ، پادىشاھنىڭ ھەيۋىسىدىن خەلقنى ھېيىقتۇرىدۇ؛ مېھىر - شەپقەتنىڭ قۇدرىتى ھوقۇقتىنمۇ كۈچلۈك. ئۇ، پادىشاھنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا يوشۇرۇنغان، پەرۋەردىگارغىلا خاس خىسلەت، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلار مېھىر - شەپقەتنى ئادىللىق بىلەن بىرلەشتۈرەلىسە، كىشىلىك دۇنياسىنىڭ ھوقۇقى پەرۋەردىگارنىڭ قۇدرىتىدىن پەرقلەنمەيدىغان بولىدۇ. شۇڭا، يەھۇدىي، سەن ئادىللىق تەلەپ قىلىۋاتقان بولساڭمۇ، شۇنى ئويلاپ كۆرگىنكى، ئەگەر راستتىنلا ئادالەت بويىچە جازا ئىجرا قىلىنسا ھېچكىم ئۆلگەندىن كېيىن قۇتقۇزۇۋېلىنىشتىن ئۈمىد كۈتەلمەيدۇ؛ بىز پەرۋەردىگاردىن مېھىر - شەپقەت تىلەپ، تائەت - ئىبادەت قىلىدىكەنمىز، ئىلتىجايىمىزغا مۇناسىپ ئاز - تولا رەھىمدىللىك قىلىشىمىز كېرەك. مەن بۇ گەپنى سېنىڭ قانۇن مەيدانىدىن چېقىپ تۇرۇپ، ئاز - تولا يول قويۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىپ دەۋاتىمەن؛ ئەگەر تەلىپىڭدە چىڭ تۇرۇۋالساڭ ئۇ ھالدا ۋېنىتسىيە سوتى قانۇننى خالىسلىق بىلەن ئىجرا قىلىپ، ئۇ سودىگەرگە جازا ھۆكۈم قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

شىلوك :  ئۆزۈم قىلغان ئىشقا ئۆزۈم مەسئۇل ! مەن پەقەت قانۇننىڭ ئەھدىنامە بويىچە جازالىشىغا رۇخسەت قىلىشىنىلا تەلەپ قىلىمەن .

بىشىيا :  ئۇنىڭ قەرز ئالغان پۇلنى قايتۇرغۇچىلىكى يوقمۇ ؟

باسانىئو : ياق ، مەن ئۇنىڭ قەرزىنى مۇشۇ يەردىلا قايتۇراي ؛ ھەسسىلەپ قايتۇرسامۇ بولىدۇ ، ئۇ بۇنىڭغىمۇ رازى بولمىسا ، ئۇنىڭ بىلەن ئەھدىنامە تۈزۈپ ، ئون ھەسسە قىلىپ قايتۇراي ، قولۇمنى ، بېشىمنى ، يۈرىكىمنى گۆرۈگە قوياي ، ئەگەر ئۇ بۇنىڭغىمۇ رازى بولمىسا ، ئۇنىڭ غەرىزى كىشىگە زىيانكەشلىك قىلىش بولۇپ ، بۇ خۇدا يولىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىك بولىدۇ . جانابى سوتچىنىڭ ھوقۇقىنى ئىشلىتىپ ، قانۇننى ئازراق ئۆزگەرتىپ ، كىچىكرەك سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ ، چوڭ ساۋابلىق ئىش قىلىپ ، بۇ رەھىمسىز ئالۋاستىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشتەك ھايۋانىي ھەۋىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا يول قويماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن .

بىشىيا :  ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ ، ۋېنېتسىيىدە تۈزۈلگەن قانۇننى ئۆزگەرتىشكە ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق ، ناۋادا مۇنداق قىلساق ، كېيىن ھەركىم بۇنى دەستەك قىلىپ ، ھەرقانداق يامان ئىش قىلىشتىن يانمايدۇ . مۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ .

شىلوك :  مانا دانىئېل[1] دەك سوتچى ! ھەقىقەتەن دانىئېل قايتا دۇنياغا كەلگەن ئوخشايدۇ ! ۋاي ئەقىللىق ياش سوتچى ، ئاپىرىن ساڭا !

بىشىيا :  ھېلىقى ئەھدىنامىنى ماڭا كۆرسەتكىنە .

شىلوك :  مانا ، ھۆرمەتلىك دوكتور ، كۆرۈڭ .

بىشىيا :  شىلوك ، ئۇلار قەرزنى ساڭا ئۈچ ھەسسە ئارتۇق پۇل بىلەن

---

① دانىئېل — رىۋايەت قىلىنىشىچە ، قەدىمكى ئىسرائىلىيە پادىشاھلىقىدا ئۆتكەن مەشھۇر سوتچى بولۇپ ، ئەرز - دەۋالارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ماھىر ئىكەن .

قايتۇرۇشنى خالايدۇ .

شىلوك : بولمايدۇ ، بولمايدۇ ، تەڭرى ئالدىدا قەسەمياد قىلدىم ،
ئەمدى قەسەمنى بۇزۇپ ، بۇنىڭ گۇناھىنى تارتايمۇ ؟
ياق ، پۈتكۈل ۋېنىتسىيىنى بەرسىمۇ ئۇنىمايمەن .

بىشىيا : مەيلى ، ئەمىسە ئەھدىنامە بويىچە جازالاشقا توغرا كېلىدۇ ؛
قانۇن بويىچە ، بۇ يەھۇدىي بۇ سودىگەرنىڭ كۆكرىكىدىن
بىر قاداق گۆشنى كېسىۋېلىشنى تەلەپ قىلىشقا ھەقلىق .
شۇنداق بولسىمۇ ، ئازراق رەھىم قىلىپ ، ئۈچ ھەسسە
ئارتۇق پۇلنى ئالغىن ، مەن بۇ ئەھدىنامىنى يىرتىۋېتەي .

شىلوك : ئۇ ئەھدىنامىدىكى ماددىلار بويىچە جازاسىنى تارتقاندىن
كېيىن ، يىرتىۋەتسىڭىزمۇ كېچىكمەيسىز ؛ سىز قانۇننى
چۈشىنىسىز ، گەپلىرىڭىزمۇ يوللۇق ، قانۇن ساھەسىدى-
كىلەرنىڭ تۈۋرۈكى بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنسىز ، شۇڭا
مەن قانۇن نامىدىن دەرھال ھۆكۈم چىقىرىشىڭىزنى ئۈمىد
قىلىمەن ، جېنىم بىلەن قەسەم ئىچىمەنكى ، مېنىڭ ئىرا-
دەمنى ھەرقانداق ئادەم ئاغزىنى ھەرقانچە ئۈپراتسىمۇ ئۆز-
گەرتەلمەيدۇ . مەن شۇ تاپتا ئەھدىنامە بويىچە ئەينەن ئىج-
را قىلىنىشىنىلا كۈتۈۋاتىمەن .

ئانتونىئو : مەنمۇ سوتچىنىڭ تېزدىن ھۆكۈم قىلىشىنى چىن قەلبىم-
دىن ئىلتىماس قىلىمەن .

بىشىيا : خوپ ، ئەمىسە شۇنداق قىلىمىز . سەن ئۇنىڭ پىچىقىغا
كۆكرىكىڭنى تۇتۇپ بېرىشكە تەييارلان .

شىلوك : ئاھ ، ھۆرمەتلىك سوتچى ! ئېسىل يىگىت !

بىشىيا : بۇ ئەھدىنامىدە بېكىتىلگەن جازالاش ئۇسۇلى قانۇن ماددى-
لىرىنىڭ مەزمۇنىغا زىت كەلمەيدۇ .

شىلوك : دۇرۇس ، بەرھەق ! ئاھ ، پاراسەتلىك ، ئادىل سوتچى ،
قارىماققا ياشتەك تۇرغىنىڭىز بىلەن ، كامالەتكە يەتكەن

ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىكەنمەن !

بىشيا : شۈنداق بولسۇن ، سەن كۆكرىكىڭنى ئېچىپ بەر .

شىلوك : توغرا ، «ئۇنىڭ كۆكرىكى» ئەھدىنامىدە شۇنداق دېيىلگەن— شۈنداق ئەمەسمۇ ، ھۆرمەتلىك سوتچى ؟ — «يۈرىكىگە يېقىن جاي» دەپ ئەھدىنامىدە ئېنىق پۈتۈلگەن .

بىشيا : دۇرۇس ، گۆشنى ئۆلچەيدىغان تارازا تەييارمۇ ؟

شىلوك : مەن ئالغاچ كەلدىم .



بىشيا : شىلوك ، ئۇنىڭ يارىسىنى تېڭىش ئۈچۈن بىر نەپەر تاشقى كېسەللەر دوختۇرى تەكلىپ قىل ، چىقىمىنى سەن كۆتۈرىسەن ، ئۇنىڭ قانسىراپ ئۆلۈپ كەتمەسلىكىنىڭ ئالدىنى ئالسۇن .

شىلوك : ئەھدىنامىدە مۇنداق بەلگىلىمە بارمۇ ؟

بىشىيا : ئەھدىنامىدە مۇنداق بەلگىلىمە يوق ؛ لېكىن ، بۇنىڭ ئۇنىڭ-
غا نېمە ئالاقىسى؟ ساۋابلىق ئىش قىلغان ياخشىغۇ؟

شىلوك : مەن تاپالمايمەن ، ئەھدىنامىدە مۇنداق دېيىلمىگەن .

بىشىيا : سودىگەر ، سېنىڭ يەنە قانداق گېپىڭ بار ؟

ئانتونىئو : دەيدىغان ھېچقانداق گېپىم يوق ؛ مەن تەييار . قولۇڭنى
بەر ، باسانىئو خەير ! سېنىڭ ۋەجىڭدىن مۇشۇنداق ئاقىۋەت-
كە قالغىنىمغا قايغۇرما ، چۈنكى تەقدىر ماڭا ئالاھىدە ئې-
تىبار قىلدى ؛ تەقدىر دائىم بەختسىز كىشىلەرنى خانىۋەي-
ران بولغاندىن كېيىن داۋاملىق ياشاشقا ، كۆزلىرى ئولتۇ-
رۇشۇپ كەتكەن ۋە چىرايىنى قورۇق باسقان ھالدا يوقسۇز-
لۇقتا ئاخىرقى ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈشكە دۇچار قىلىدۇ ؛ تەق-
دىر مېنى ۋاقىتنى سوزىدىغان مۇنداق جازادىن قۇتقۇزدى .
ھۆرمەتلىك خانىمىڭغا سالىمىمنى يەتكۈز ، ئۇنىڭغا ئانتونى-
ئونىڭ ئاقىۋىتىنى ئېيت ؛ سېنى قانداق كۆرىدىغانلىقىمنى
ۋە مەردانىلىك بىلەن ئۆلگەنلىكىمنى ئېيت ؛ ئاندىن ئۇنى
باسانىئونى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرىدىغان جانجىگەر
دوستىنىڭ بار - يوقلۇقىغا ھۆكۈم قىلغۇزغىن . مەندەك
بىر دوستۇڭدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىڭغا ئۆكۈنمە ، سەن
ئۈچۈن قەرز تۆلىگەن ئادەم ئارمانسىز ئۆلىدۇ ؛ پەقەت ئاۋۇ
يەھۇدىينىڭ پىچىقى چوڭقۇرراق سېلىنسىلا كۆز يۇمۇپ
ئاچقۇچىلىك ئۇ قەرزنى تولۇق تۆلەپ بولىمەن .

باسانىئو : ئانتونىئو ، مەن خوتۇنۇمنى جېنىمدەك ياخشى كۆرىمەن ؛
لېكىن ، مېنىڭ سۆيۈملۈك خوتۇنۇم ۋە پۈتكۈل دۇنيا نەزى-
رىمدە سېنىڭ جېنىڭدىن قىممەتلىك ئەمەس ؛ مەن ھەممى-
دىن ۋاز كېچىپ ، ئۇلارنى بۇ ئالۋاستىغا قۇربان قىلىپ ،
سېنىڭ جېنىڭنى قۇتقۇزۇپ قېلىشنى خالايمەن .

بىشىيا : ھۆرمەتلىك خانىمىڭىز مۇشۇ يەردە مۇشۇ گەپلىرىڭىزنى

ئاڭلىسا، ئېھتىمال سىزگە تەشەككۇر ئېيتماس.

گرىسئانو: مېنىڭ بىر خوتۇنۇم بار، قەسەم ئىچىمەنكى، ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، لېكىن ئۇنى شۇ ھامان ئۇ دۇنياغا ئۆزىتىپ، پەرۋەردىگار بىلەن كۆرۈشۈپ بۇ ئىت يەھۇ-دىينىڭ نىيىتىنى ئۆزگەرتىشنى ئىلتىماس قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

نىلشا: ھېلىمۇ ياخشى، بۇ گەپ ئۇنىڭ كەينىدە دېيىلىۋاتىدۇ، بولمىسا، سوتتا چىقىدىغان جېدەل كىشىنى بىئارام قىلغان بولاتتى.

شىلوك: بۇلار دېگەن خرىستىئان دىنىغا ئىشىنىدىغان ئەرلەر! مېنىڭ بىر قىزىم بار، ئۇنى قاراقچىنىڭ ئەۋلادىغا بەرسەم بېرىمەنكى، خرىستىئان مۇرتىتىغا بەرمەيمەن. بىكار ۋا-قىتنى زايا قىلماڭلار؛ چاققانراق ھۆكۈم قىلىڭ.

بىشيا: ئاۋۇ سودىگەرنىڭ تېنىدىكى بىر قاداق گۆش سېنىڭكى؛ سوت ساڭا ھۆكۈم قىلىپ بېرىدۇ، قانۇن ساڭا رۇخسەت قىلىدۇ.

شىلوك: خالىس ـ ئادىل سوتچى!

بىشيا: سەن ئۇنىڭ كۆكرىكىدىن بىر قاداق گۆشنى كېسىۋال-سەن؛ قانۇن ساڭا رۇخسەت قىلىدۇ، سوت ساڭا ھۆكۈم قىلىدۇ.

شىلوك: ئىلىملىك ـ ئىستىبداتلىق سوتچى! ئوبدان ھۆكۈم قىلدى-ڭىز! قېنى، تەييارلىنايلى!

بىشيا: ئالدىرىما، يەنە گەپ بار. بۇ ئەھدىنامىدە سېنىڭ ئۇنىڭ بىر تامچە قېنىنى ئېلىشىڭغا رۇخسەت قىلىنمىغان، پەقەت «بىر قاداق گۆش» دەپ ئېنىق يېزىلغان؛ شۇڭا، ئەھدىنا-مە بويىچە بىر قاداق گۆش ئالىسەن، لېكىن گۆشنى كەس-كەندە، بۇ خرىستىئان مۇرتىنىڭ بىر تامچە قېنىنى تۆك-

سەلگ ، يەر ـ بېساتىڭ ۋېنىتسىيە قانۇنى بويىچە پۇتۇنلەي
ھۆكۈمەت ئىختىيارىغا ئۆتىدۇ .

گرىسىئاننو : ئاھ ، خالىس ـ ئادىل سوتچى ! ئاڭلا ، يەھۇدىي ؛ ئاھ ،
بىلىملىك ـ ئىستىبداتلىق سوتچى !

شىلوك : قانۇندا شۇنداق دېيىلگەنمۇ ؟

بىشىيا : ئۆزۈڭ ئاختۇرۇپ چۈشىنىۋال . سەن ئادىللىق تەلەپ قىلى-
غان ئىكەنسەن ، ساڭا ئادىل بولاي ، تەلىپىڭدىنمۇ ئارتۇق-
راق ئادىل بولاي .

گرىسىئاننو : ئاھ ، بىلىملىك ـ ئىستىبداتلىق سوتچى ! ئاڭلا ، يەھۇ-
دىي ، نېمىدېگەن بىلىملىك ـ ئىستىبداتلىق سوتچى !

شىلوك : ئۇنداقتا ، قەرزنى پۇل بىلەن قايتۇرسۇن ، شۇنى ئالاي ؛
ئەھدىنامىدىكىدىن ئۈچ ھەسسە ئارتۇق قايتۇرسۇن ، ئاندىن
ئۇ خرىستىئان مۇرتىنى قويۇۋېتەي .

باسانىئو : مانا پۇل .

بىشىيا : ئالدىرىما ! بۇ يەھۇدىي مۇتلەق ئادىللىقتا سازاۋەر بولسۇن .
ئالدىرىما ! ئۇ ئەھدىنامە بويىچە جازالاشتىن تاشقىرى ، باش-
قا تۆلەم ئالمايدۇ .

گرىسىئاننو : ھەي يەھۇدىي ! ئادىل ـ خالىس سوتچى ، بىلىملىك ـ ئىستىب-
داتلىق سوتچى !

بىشىيا : شۇڭا ، گۆش كېسىۋېلىشقا تەييارلان . بىر تامچە قان
ئاققۇزۇشقا بولمايدۇ . بىر قاداقتىن ئارتۇق ياكى كەم
كېسىۋېلىشقىمۇ رۇخسەت يوق ؛ ئەگەر كېسىۋالغان گۆ-
شۈڭ بىر قاداقتىن سەل يېنىك ياكى ئېغىرراق بولۇپ
كەتسە ، قىلچىلىك ياكى زەررىچىلىك پەرق قىلسا خۇن
تۆلەيسەن ، مال ـ مۈلكۈڭ پۇتۇنلەي ھۆكۈمەت ئىختىيارى-
غا ئۆتىدۇ .

گرىسىئاننو : قايتا تۆرەلگەن دانىئىل ، بىر دانىئىل ، يەھۇدىي ! مانا

ئەمدى قولۇمغا چۈشتۈڭ، جوھۇت.

بىشيا: ئاۋۇ يەھۇدىي نېمىشقا تېخىچە قول سالمايدۇ؟

شىلوك: دەسمايەمنى قايتۇرۇپ، مېنى قويۇۋېتىڭلارچۇ.

باسانئو: پۇل مانا تەييار، ئالغىن.

بىشيا: ئۇ پۇلنى رەت قىلغان؛ ئۇنىڭغا ئادىللىقلا كېرەك. ئۇ ئەسلىدىكى ئەھدىنامىنى ئىجرا قىلسۇن.

گرىسئانو: نېمىدېگەن ياخشى دانىئېل، قايتا تۆرەلگەن دانىئېل! رەھمەت ساڭا، يەھۇدىي، ماڭا بۇ گەپنى ئۆگىتىپ قويدۇڭ.

شىلوك: پەقەت دەسمايەمنى قايتۇرۇۋالسامۇ بولمامدۇ؟

بىشيا: يەھۇدىي، ھاياتىڭغا كېلىدىغان خەۋپ ـ خەتەرگە قارىماي، بىر قاداق گۆش كېسىۋېلىشتىن باشقا، بىر تىيىن ئېلىشىڭغا بولمايدۇ.

شىلوك: خوپ، ئەمىسە ئۇ بەھرىمەن بولسۇن، ئۇنىڭغا ئىبلىس يار بولسۇن! مەن بۇ دەۋادىن ۋاز كەچتىم.

بىشيا: توختاپ تۇر، يەھۇدىي، قانۇندا ساڭا چېتىلىدىغان يەنە بىر ئىش بار. ۋېنىتسىيە قانۇنىدا: ئومۇمەن، چەت ئەل ئادىمى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ئۇسۇللار بىلەن ھەرقانداق پۇقراغا زىيانكەشلىك قىلسا، بۇنىڭ ھەقىقىي پاكىتلىرى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانسا، ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ يېرىمى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا، قالغان يېرىمى دۆلەت خەزىنىسىگە ئۆتىدۇ، گۇناھكارنىڭ ھاياتى گېرتسوگ تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. باشقىلارنىڭ سۈرۈشتۈرۈشىگە ھەققى يوق، دەپ بەلگىلەنگەن. سەن شۇ تاپتا دەل مۇشۇ قانۇن تورىغا چۈشۈپ قالدىڭ، چۈنكى پاكىتلار تەرەققىياتى سېنىڭ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ئۇسۇللار بىلەن جاۋابكارنىڭ ھاياتىغا قەست قىلىشقا ئۇ-

رۇنغانلىقىڭنى تولۇق ئىسپاتلىدى، شۇڭا سەن مەن بايا
ئېيتقان خەتەردە قالدىڭ. دەرھال تىزلىنىپ، گېرتسوگ-
دىن ئىلتىپات تىلە.

گرىسىئاننو: گېرتسوگدىن ئىلتىپات تىلەپ، ئۆزۈڭ ئۆلگىن؛ لېكىن، مال - مۈلكۈڭ ئەمدى ھۆكۈمەت ئىختىيارىغا
ئۆتتى، بىر دانە ئارغامچىمۇ سېتىۋالالمايسەن، شۇڭا
ھۆكۈمەت چىقىم تارتىپ، سېنى دارغا ئاسسۇن.

گېرتسوگ: بىز خرىستىئانلارنىڭ روھىنى كۆرۈپ قوي، سەن ماڭا
ئېغىز ئاچمىساڭمۇ، ئۆزلۈكىمدىن ئۆلۈمگە مەھكۇم جىنا-
يىتىڭنى كەچۈردۈم، مال - مۈلكۈڭنىڭ يېرىمى ئانتوند-
ئونىڭ ئىختىيارىغا، قالغان يېرىمى دۆلەت خەزىنىسىگە
ئۆتىدۇ؛ ئەگەر چىن دىلىڭدىن تۆۋا قىلساڭ، ئازراق
جەرىمانىنى كېمەيتىشكىمۇ بولىدۇ.

بىشيا: بۇ يەردە ئانتونىئونىڭ ئىختىيارىغا ئۆتىدىغان مال - مۈل-
كۈڭنىڭ بىر قىسمىنى ئەمەس، دۆلەت خەزىنىسىگە ئۆتىد-
ىغان مال - مۈلكۈڭنىڭ بىر قىسمىنى دەۋاتىدۇ.

شىلوك: ياق، جېنىمنى مال - مۈلكۈم بىلەن قوشۇپلا ئېلىڭلار،
ماڭا كەڭچىلىك قىلىشىڭلارنىڭ كېرىكى يوق، سىلەر ئۆي-
نى تىرەپ تۇرغان تۈۋرۈكنى ئېلىۋەتتىڭلار، دېمەك، ئۆ-
يۈمنى بۇزدۇڭلار؛ سىلەر ئائىلەمنى، جېنىمنى باقىدىغان
دەسمايەمدىن مەھرۇم قىلدىڭلار، دېمەك، تىرىكلا جېنىم-
نى ئالدىڭلار.

## مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1. «ۋېنىتسىيە سودىگىرى» — شېكىسپىرنىڭ ئەڭ مۇۋەپپەقى-
يەتلىك چىققان ۋەكىللىك خاراكتېردىكى ئەسەرلىرىدىن بىرى. تې-

كىستكە تاللانغىنى ئۇنىڭ 4 ـ پەردە 1 ـ كۆرۈنۈشى بولۇپ ، پۈتۈن درامىنىڭ ئەڭ قىزىقارلىق، شۇنداقلا پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ ئىدـ پادىلىنىشى ئەڭ يۇقىرى دولقۇنغا يەتكەن قىسمىدۇر. تېكىستنىڭ ئالاقىدار ھېكايە ۋەقەلىكى تۆۋەندىكىچە:

چەت ئەللەردە سودا قىلىدىغان ۋېنېتسىيىلىك سودىگەر ئانتونىئو دوستى بېلمونتنىڭ مەرتىۋىلىك ئائىلىنىڭ قىزىغا تۇرمۇش قۇرۇش تەكلىپىنى قويۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ، ئۆزىدە نەق پۇل كەمچىل بولغاچقا ، جازانىخور يەھۇدىي شىلوكتىن 3000 سوم قەرز ئالىدۇ. شىلوك ئانتونىئونىڭ باشقىلارغا ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ ئۆزىنىڭ قەرز بېرىش ئىشلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن ، ئۇنى ئۆلگۈدەك ئۆچ كۆرەتتى . ئۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆچ ئالماقچى بولۇپ ، ئانتونىئو قەرز سورىغاندا قەستەن ئۆسۈم ئالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ ھەمدە ئەگەر قەرزنى مۇددىتى توشقاندا قايتۇرالمىسا ، بەدىـنىدىن بىر قاداق گۆشنى كېسىۋالىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئۇنىڭ بىلەن ئەھدىنامە تۈزىدۇ . كېيىن ، ئانتونىئونىڭ سودا كېمىسى ھادىسىگە ئۇچراپ ۋەيران بولغاچقا ، شىلوك سوتتا گېرتسوگدىن بۇ ئىشنى كېلىشىم بويىچە ئىجرا قىلىپ ، ئانتونىئونىڭ بەدىنىدىن بىر قاداق گۆشنى كېسىۋېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ . گېرتسوگ قاتارلىق كىشىلەر شىلوكقا بۇنداق تەلەپتىن ۋاز كېچىشنى نەسىھەت قىلىپ ، شىلوكنىڭ مەسخىرىسىگە قالىدۇ . ئانتونىئونىڭ دوستى بولغان باسانىئونىڭ خوـتۇنى بىشىيا ئادۋوكاتلىق رولىنى ئويناپ ، سوتتا ئەقىل ـ پاراستى ئارقىلىق شىلوكنى مات قىلىدۇ .

ئالاقىدار ۋەقەلىكلەرنى ئەستايىدىل ئوقۇپ ، بىشىيانىڭ سوتتا شىلوكنى قانداق قىلىپ قەدەممۇقەدەم بويسۇندۇرغانلىقى ئۈستىدە ئويلىنىڭ ھەمدە ۋەقەلىكنى بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش قانداق ئۈنۈمگە ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇلاھىزە قىلىڭ .

2 . ھيۇگو بۇ سەھنە ئەسىرىگە : «ھەربىر گېپى سىيلىشتۇرما»

دەپ باھا بەرگەن. سىز تېكىستتە ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلغان قايسى مەزمۇنلار بارلىقىنى تېپىپ بېقىڭ. ئاندىن بۇ سېلىشتۇرمىلار ئارقىلىق ئاپتورنىڭ نېمىنى مەدھىيىلەپ، نېمىنى قامچىلىغانلىقى ئۈستىدە ئويلىنىڭ. بەزىلەر: بۇ سەھنە ئەسىرى يەھۇدىيلارنى كەمسىتىش تەك ئىرقچىلىق خاھىشىغا ئىگە، دېيىشىدۇ. سىزمۇ ئۆز چۈشەنچىڭىزنى دەپ بېقىڭ.

3. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ سىزىق سىزىلغان قىسمى قانداق مەزمۇننى ئىپادىلىگەنلىكىنى سۆزلەپ بېقىڭ ھەمدە سەھنە ئەسىرى دىئالوگىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ھېس قىلىپ بېقىڭ.

1) نېمە ئۈچۈن بەزىلەر ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغان چوشقىدىن سەسكىنىدۇ، بەزىلەر پايدىسى بار، زىيىنى يوق مۈشۈكتىن يىرگىنىدۇ، يەنە بەزىلەر كىشىلەر چالغان نەي ئاۋازىنى ياقتۇرمايدۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسىگە زادىلا تولۇق ئاساس تاپقىلى بولمايدۇ. بۇلار پەقەت تۇغما مىجەزدىن بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئۆزلىرى ياقتۇرمايدىغان بىرەر نەرسىگە ئۇچرىسىلا، ئىختىيارسىز سۆرۈن تەلەتىنى كۆرسىتىدۇ.

2) سىز ئويلاپ بېقىڭ، سىزنىڭ شۇ تاپتا بۇ يەھۇدىي بىلەن زاكونلىشىشىڭىز خۇددى دېڭىز ساھىلىدا تۇرۇپ، دېڭىزنىڭ غەزەپلىك دولقۇنلىرىغا ئۆركەشلىرىنىڭ ھەيۋىسىنى پەسەيتىشنى مۇراجەئەت قىلغانغا، چىلبۆرىنى نېمە ئۈچۈن قوزىسىغا زىيانكەشلىك قىلىپ، ساغلىقنى ئاھ ـ پەرياد چەكتۈرسەن دەپ ئەيىبلەشكە ئوخشاش ئىش.

3) سىلەر ئۆيىنى تىرەپ تۇرغان تۈۋرۈكنى ئېلىۋەتتىڭلار، دېمەك، ئۆيۈمنى بۇزدۇڭلار؛ سىلەر ئائىلەمنى، جېنىمنى باقىدىغان دەسمايەمدىن مەھرۇم قىلدىڭلار، دېمەك، تىرىكلا جېنىمنى ئالدىڭلار.

# 15 . مۇزىكا ساداسى (تاللانما)

رېمان[1]

*نارەسىدە قىز ماريىيا موناخ بولغان تۇرۇقلۇق-*
*مۇ، ناخشىخۇمار، شوخ، خۇشال - خۇرام تەبىئە-*
*تىنى ئۆزگەرتمەي، دائىم قوزىلاردەك قىيغىتىپ،*
*ئەركىن - ئازادە، خۇشال - خۇرام يۈرىدۇ ھەمدە*
*باشقىلارنىمۇ سۆيۈندۈرىدۇ. تېكىستتە تەسۋىرلەن-*
*گەن جانلىق مەنزىرىلەرنى، قىزىقارلىق ناخشىلارنى*
*ئوقۇغىنىڭىزدا، ماريىيا كۆز ئالدىڭىزدا تۇرغاندەكلا*
*تۇيغۇغا كېلىسىز.*

كۆككە بوي سوزغان ھەيۋەتلىك ئالپىس تېغى[2]، يىراق - يىراقلار-غا سوزۇلغان بۆك - باراقسان قارىغايزارلىقلار، ئۇنىڭدا بوز تورغايلار زوق - شوقى بىلەن بەسلىشىپ سايراشماقتا. ئاسمان - پەلەك تاغ چوققىلىرىدىكى چېكىم - چېكىم قالدۇق قارلار تېخى ئېرىپ بولمى-غان، تاغ شامىلى غۇر - غۇر ئۇرۇلماقتا.

مۇزىكا ساداسى پايانسىز دالىنى لەرزىگە سالماقتا. قوڭغۇراق

---

① رېمان — ئامېرىكا سېنارىيە يازغۇچىسى، بۇ تېكىست مەزكۇر كىنو سېنارىيىسىنىڭ باش قىسمى، «مۇزىكا ساداسى» دېگەن سېنارىيىگە ئاساسەن 1965 - يىلى ئىشلەنگەن بۇ كىنو فىلمى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ئەسەر ئەسلىي مۇزىكىلىق تىياتىر بولۇپ، 1959 - يىلى كومپوزىتور رىچارد روجېرس بىلەن دراماتورگ ئوسكار خامېرشتېيىن تەرىپىدىن بىرلىكتە ئىجاد قىلىنغان.

② ئالپىس تېغى — ياۋروپانىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. غەربتە فرانسىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن باشلىنىپ، شۋېتسارىيىنىڭ جەنۇبى، ئىتالىيىنىڭ شىمالىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئاۋسترىيىنىڭ شەرقىي چېگرىسىغىچە سوزۇلىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1200 كىلومېتىر.

ئاۋازى جاراڭلىماقتا.

* * *

تاغ باغرى.

ئېگىز چوققا، چوڭقۇر ئېقىنلار بىلەن قورشالغان سالزبۇرگ قەلئەسى، ئۇنىڭدىكى ئېگىز - پاكار ئۆيلەر بېلىق قاسىرىقىدەك بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن، ھەيۋەتلىك ھەم سۈرلۈك موناستىر كۆپ-كۆك، بوككىدە دەل - دەرەخلەر ئارىسىدىن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

* * *

تاغ ئۈستى.

مارىيانىڭ بۇ يەردىن زادىلا كەتكۈسى كەلمەي، گاھ تاغ باغرىدىكى ئوتلاقتا تۇرۇپ يىراق- يىراقلاردىكى تۇتاش تاغلارغا قارىسا، گاھ يېنىك تاقلاپ پىرقىرايتتى؛ بىردەم چاتقاللىقلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ ئوينىسا، بىردەم ئېرىق بويىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، سۇغا تاش تاشلاپ، چەمبەر دولقۇنلارنى تاماشا قىلاتتى. ئۇ ئالدىغا ماڭغاچ ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ «مۇزىكا ساداسى»غا تولۇلاشقا باشلايدۇ:

ياڭرايدۇ تاغلاردىن گۈزەل ئاھاڭلار،
ئېيتماقتا ئەنە ئۇ قەدىم بىر كۈينى.
تاغلارنىڭ شۇ ئېسىل ناخشىسىن ئاڭلاپ،
يالقۇنلۇق تۇيغۇلار چىرمىدى دىلنى.
تىپچەكلەر يۈرىكىم ئاشۇ ناخشىنى
ۋايىغا يەتكۈزۈپ راسا ئېيتماققا.
يۈرىكىم شۇ تاپتا بەئەينى بىر قۇش،
كۆلدىن ئۇ ئورمانغا قاراپ ئۇچماقتا.
يۈرىكىم بەئەينى ئوماق پەرىشتە،
چېركاۋدىن چىقالماي ئېغىر ئۇھ تارتار.
بەزىدە تاشلارغا ئۇرۇلغان سۇدەك

خۇشاللىق ئىلكىدە يايرار، ۋىلىقلار،
بەزىدە سايراشنى ئۆگەنگەن قۇشتەك
زوقلىنىپ، تىنىمسىز چاقىلداپ سايرار.
غېرىبلىق چىرمىسا بارىمەن تاغقا،
ئاڭلايمەن يەنە شۇ تونۇش ئاھاڭنى.
شادلىنىپ شۇ ھامان ئېيتىمەن ناخشا،
ئاۋازىم لەرزىگە سالار جاھاننى.

مارىيا شۇ جايدا ئۇزاق تۇرغاندىن كېيىن، موناستىر تەرەپتىن كەلگەن قوڭغۇراق ئاۋازىنى بىلىنەر - بىلىنمەس ئاڭلاپ، تەگسىز خىياللارغا پېتىشقا باشلايدۇ. ئۇ تۇيۇقسىز بىر ئىشنى ئېسىگە ئالىدۇ - دە، پېشانىسىگە پاققىدە بىرنى ئۇرىدۇ ھەمدە بۇرۇلۇپلا يۈگۈرۈشكە باشلايدۇ. لېكىن، بىرنەچچە قەدەم يۈگۈرە - يۈگۈرمەيلا يەنە بايىقى تۇرغان جايىغا يۈگۈرۈپ كېلىدۇ - دە، يەردىكى كىيىمنى ئالىدۇ ۋە «ئاپلا!» دېگىنىچە تاغدىن پەسكە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ چۈشۈپ كېتىدۇ.

قەدىمىي موناستىر تولىمۇ كۆركەم ھەم سۈرلۈك. موناستىر قورۇسىدىن ئايال كىشىلەرنىڭ «ئىنجىل»دىكى شېئىرلارنى تولىمۇ مۇلايىم ئاھاڭدا ئوقۇشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

موناستىر ھويلىسى.

ئايال موناخلار ئۆز ئىشلىرى بىلەن ئۇياق - بۇياقلارغا مېڭىشىپ يۈرمەكتە. ھەيۋەتلىك، سۈرلۈك موناستىر قورۇسىدا ئارخىماندرىت[1]، بىتا ئانا ۋە ماگرىتا ئانا ئۇچەيلەن ئىبادەتگاھقا ۋەزمىن قەدەملەر بىلەن كىرىشىپ، كۆندىلىك دەرسلىرىنى چوڭقۇر ئېتىقادى بىلەن ئۆتۈشكە

[1] ئارخىماندرىت — موناستىر باشلىقى.

باشلايدۇ.

قوڭغۇراق چېلىنىپ، ئارخىماندرىت سوكۇت ئىچىدە چوقۇنىدۇ. موناخلار بىرلىكتە «هاررىرۇيا»غا توۋلاشقا باشلايدۇ.

موناستىر قورۇسى. بېرنىس ئانا ئالدىراش كىرىپ كېلىدۇ ـ ده، ئارخىماندرىتقا: «ئارخىمىندرىت چوڭ ئانا» دەيدۇ.

ئارخىماندرىت: قېنى گەپ قىلىڭ.

بېرنىس (ئاچچىقىنى يوشۇرالمايدۇ): ئۇنى هېچ يەردىن تاپالمىدىم.

ئارخىماندرىت: مارىيانى دەمسىز؟

بېرنىس: ئۇ يەنە سىرتلارغا چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ...

بېرتا (ئاچچىقلانغان هالدا): بەلكىم... ئۇنىڭ بوينىغا قوڭغۇراق ئېسىپ قويىدىغان چاغ كەلگەن ئوخشايدۇ.

ماگرىتا: (بېرنىسقا دەيدۇ) ئېغىلغا بېرىپ باقتىڭىزمۇ، ئۇ هايۋانلارغا ئامراق بولىدىغان.

بېرنىس: بارغۇدەك يەرنىڭ هەممىسىگە بېرىپ باقتىم، ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق.

ئارخىماندرىت: بېرنىس، ئۇ دېگەن مارىيا، كۆزدىن غەلەت بولۇشقا بەك ئۇستا، ئوبدانراق ئىزدىمىسە تاپقىلى بولمايدۇ.

ئارخىماندرىت بىلەن ئۇ ئىككىسى ماڭغاچ بۇ ئىش توغرۇلۇق پاراڭ سېلىشىدۇ.

بېرتا: (تەخىر سىزلەنگەن هالدا) ئارخىماندرىت چوڭ ئانا، مارىيانىڭ موناخ بولۇشقا لايىق ئەمەسلىكىگە ئەمدى ئىشەنگەنسىز؟

ئارخىماندرىت: (ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن ۋەزمىن ئاهاڭدا) يېڭىلىشىپتىمەن، باش ئېپىسكوپ كۆرسەتمىگەن بولمىسا ئالمايتتىمەكەن.

ئۇلارنىڭ يېنىدا كېتىپ بارغان ماگرىتا بۇنىڭغا قوشۇلمىغان

ئاھاڭدا : ئىشقىلىپ ، مىنىڭچە ، قارا قوينىڭ يۈڭىمۇ ئوخشاشلا ئىسسىق بولۇۋېرىدۇ .

بېرتا (ئۆز پىكرىدە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ ) : ھازىر بىزنىڭ قارا قوي ، ئاق قوي دېگەنلەرنى تاللىشىپ ئولتۇرۇشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق ، ماگرىتا . مېنىڭچە ، سىناقتىكى موناخلار ئىچىدە ماريا بىزنىڭ دېگەن يېرىمىزدىن ئەڭ چىقالمايۋاتقىنى .

ئۇ ئۇچى كىچىك بىر ھويلىغا كىرىدۇ . ئارخىماندرىت : «بالىلىرىم ! ھوي بالىلىرىم ! » دەپ توۋلاپ بېرتا بىلەن ماگرىتانى تالاشتارتىشتىن توسىدۇ . ئاندىن ئالدىغا چىققان موناخلارغا مۇنداق دەيدۇ : بىز شۇ تاپتا موناخلىق سالاھىيىتىنى تەلەپ قىلىۋاتقان بەزىلەرنىڭ مەسىلىسى توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتىمىز . سىناقتىكى موناخلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئانىلار بىزنىڭ بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشىمىزغا ... ئۆزلىرىنىڭ ئوخشىمىغان پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى .

ئارخىماندرىت (كۆزەينەكلىك بىر موناختىن سورايدۇ ) : سىز دەپ بېقىڭە كاتارىن ، سىزچە ماريا قانداقراق ؟ ...

كاتارىن : بۇ قىزغۇ يامان ئەمەس ... لېكىنزە بەزىدە ...

ئارخىماندرىت (يەنە بىر موناخ قىزدىن سورايدۇ ) : ئاگېتا ، سىزچە ئۇ...

ئاگېتا : مارياغا ھەممىمىزلا ئامراق ... بىراق بەزىدە ... غەلىتىرەك .

ئارخىماندرىت (يەنە بىرەيلەندىن سورايدۇ ) : سوفىيە ، سىز دەپ بېقىڭچۇ ؟

سوفىيە : ھە ، مەنمۇ ئۇنىڭغا ئامراق ، لېكىنزە ئۇ دائىم چاتاق تېرىپلا يۈرىدىكەن . سىلەرچىچۇ ؟ (ئۇ باشقا موناخلارغا قاراپ سورايدۇ )

بېرتا : ئۇنىڭ دېگىنى ئورۇنلۇق .

موناخلار «مارىيا» دېگەن ناخشىغا تونۋلاشقا باشلايدۇ :

بېرتا (ناخشا) : دەرەخلەرگە ئېسىلىپ، كېيىمىنى يىرتىدۇ،

سوفىيە (ناخشا) : مىسا[1] قىلىسا جىم تۇرماس، ھوشقىيىتىپ بۇ-زىدۇ.

بېرتا (ناخشا) : باشنىكىنىڭ تېگىدە كوكۇلىسى پىلتىڭلار.

كاتارىن (ناخشا) : موناستىرنىڭ ئىچىدە ناخشا تونۋلاپ تىنمايدۇ.

ئاگېتا (ناخشا) : چېركاۋغا ئۇ ھېچقاچان دەل ۋاقتىدا كىرمەيدۇ.

سوفىيە (ناخشا) : تونۋا قىلىنىڭ دېگەندە ھەممىمىزنىڭ ئالدىدا،

بېرتا (ناخشا) : بىر ئىشلارنى بۇيرۇسا، ئۆز ۋاقتىدا قىلمايدۇ.

كاتارىن (ناخشا) : ئەمما، تاماق يەڭ دېسە، بىرىنچى بوپ كېلىدۇ.

بېرتا (ناخشا) : يالغان ئېيتتى دېمەڭلار، دېگىنىمىنىڭ بەرى راست.

موناخلارنىڭ ھەممىسى (خور) : مارىيانى ھەرگىزمۇ موناخ قىلى-غىلى بولماس.

بىر چەتتە خېلىدىن بېرى ئېغىز ئاچماي تۇرغان ماگرىتا ئاخىر چىداپ تۇرالمايدۇ.

ماگرىتا (ناخشا) : ياخشى تەرىپىمۇ بار ئۇنىڭ، سۆزلىمىسەم بول-ماس.

ئارخىماندرىت : قېنى سۆزلەپ بېقىڭچۇ ماگرىتا.

ماگرىتا (ناخشا) : مارىيا بار بولسىلا، كۆلكە كەتمەس چېھرى-دىن.

ماگرىتا ئېيتىپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئىختىيارسىز قاقاقلاپ كۆ-لۈۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قالغان موناخلارمۇ قاقاقلاپ كۆلۈپ كېتىشى-دۇ.

ئارخىماندرىت نېمە قىلارىنى بىلەلمەي بېشىنى چايقايدۇ.

---

[1] مىسا — كاتولىك دىنىدىكى ئاساسلىق دىنىي مۇراسىم.

ئارخىماندرىت (ناخشا) :

ھەي مارىيا بىز سىڭنى قانداق قىلساق بولۇركىن ؟

ئاسماندىكى بۇلۇتنى قانداق تۇتساق بولۇركىن ؟

ماگرىتا (ناخشا) : سىڭنى قانداق مارىيا چۈشەندۇرسەم بولۇر-
كىن ؟

كاتارىن ، ئاگېتا (بىرلىكتە ناخشا) : ئۇ ئىنتايىن كوتۇلداق .

سوفىيە (ناخشا) : قۇيرۇقىنى تۇتقۇزماس .

بېرتا (ناخشا) : ھەييار ھەم ياغاچ قولاق .

ئارخىماندرىت (ناخشا) :

ھەي ، ھەي قاچانمۇ چوڭ بولۇرسەن ؟

ئىش ئۇقىدىغان ئوڭ بولۇرسەن ؟

بېرتا (ناخشا) : ئۇ زادىلا ئولتۇرماس ، گېپىڭىز قۇلىقىدا تۇر-
ماس .

ئارخىماندرىت (ناخشا) : ئېسىڭىزدە بولسۇنكى ، قۇملۇق جايدا
سۇ تۇرماس .

ماگرىتا (ناخشا) : ئەمىسە ئۇ مارىيانى زادى قانداق قىلغۇلۇق ؟

ئارخىماندرىت (ناخشا) : ئاسماندىكى تولۇن ئاينى بەندە قانداق
ئالغۇلۇق ؟

سوفىيە (ناخشا) :

ئۇنىڭ بىلەن بىر بولسام ، ئادىشىمەن ، ئازىمەن ،

جەنۇب قايان ، شىمال نە ، ئايرىيالماي قالىمەن .

ئاگېتا (ناخشا) : تۇتۇرۇقسىز شۇ ھاۋادەك .

كاتارىن (ناخشا) : ئۇچۇپ يۈرگەن پەيلەردەك .

ماگرىتا (ناخشا) : ئۇ راستىنلا بەك ئوماق .

كاتارىن (ناخشا) : تېرىپ تۇرىدۇ چاتاق .

ماگرىتا (ناخشا) : ئۇ ، قويغىلا ئوخشايدۇ .

سوفىيە (ناخشا) :

دۇنيادىكى چاتاقنىڭ ھەممىسىنى شۇ تېرار،

ھەتتا سېرىق ھەرىمۇ ئۇنى كۆرسىلا قاچار.

**ئاگېتا** (ناخشا) : دەھرىيدىنمۇ ئەسكىدۇر ئۇ.

**ماگرېتا** (ناخشا) : بەزىدە بەك شوخلىشار، تېپىشماققا ئوخشار ئۇ.

**بېرتا** (ناخشا) : ئۇندىن بەكمۇ بىزارمەن.

**ماگرېتا** (ناخشا) : ئاڭا بەكمۇ ئامراقمەن.

**ئارخىماندرىت** (ناخشا) : ئۇنى تېخى ئەس تاپمىغان كىچىك بىر قىزچاق دەيمەن.

بارلىق موناخلار ئاخىر قوللىرىنى كرېست شەكلىدە تۇتۇشۇپ، كۆككە باققانچە بىرلىكتە ناخشا توۋلىشىدۇ :

ھەي، ماريىا بىز سېنى قانداق قىلساق بولۇركىن ؟

ئاسماندىكى بۇلۇتنى قانداق تۇتساق بولۇركىن ؟

سېنى زادى بىز قانداق چۈشەندۈرسەك بولۇركىن ؟

**كاتارىن، ئاگېتا** (بىرلىكتە ناخشا توۋلايدۇ) : ئۇ ئىنتايىن كوتۇلداق، گەپ ئاڭلىماس چاتاقچى.

**بېرتا** (ناخشا) : ئۇ ئىنتايىن قىزىقچى.

**موناخلار** (ناخشا) :

ھەي، ھەي قاچانمۇ چوڭ بولۇرسەن ؟

ئىش ئۇقىدىغان ئوڭ بولۇرسەن ؟

**ئارخىماندرىت** (ناخشا) : بىر جايدا ھېچ تۇرالماس.

**بېرتا** (ناخشا) : گەپ قىلسا ھېچ ئاڭلىماس.

**ماگرېتا** (ناخشا) : ئىبسىڭلاردا بولسۇنكى، قۇملۇق جايدا سۇ تۇرماس.

**موناخلار** (بىرلىكتە ناخشا ئېيتىدۇ) : ھەي ماريىا، ماريىا، قاچانمۇ گەپ ئاڭلارسەن؟

تۇيۇقسىز ئىشىك جالاقىدە ئېچىلىپ ، ئارقىدىنلا تاقىلداپ ماڭ-غان تېتىك ئاياغ تىۋىشى موناخلارنىڭ مۇنازىرىسىنى ئۈزۈپ قويىدۇ .

مارىيا ھويلىغا ئۇچقاندەك كىرگەن پېتى چاپىنىنى پاققىدە يەرگە تاشلايدۇ - دە ، ئىتتىك بېرىپ سۇ ناسوسىدىن سۇ بېسىپ چىقىرىپ يۈزىنى چايقايدۇ. ئاندىن يەردىكى كىيىمىنى ئېلىپ گۇرسۇلدىتىپ ماڭغىنىچە ئارخىماندرىتنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭىدۇ .

تۇيۇقسىز ئۇ موناخلارنىڭ ئۆزىگە ئۈن - تىنسىز سۇرلۇك قارى-شىپ تۇرۇشقىنىنى كۆرۈپ قالىدۇ - دە ، دەرھال قەدىمىنى ئاستىلى-تىدۇ . ئاندىن جايىدا جىم تۇرۇپ موناخلارغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا بىر قۇر قاراپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە يامان كۆز بىلەن قاراپ تۇرغانلىقىنى بىلىدۇ - دە ، بېشىنى چايقىغىنىچە نېرى كېتىدۇ .

ھەرقايسى موناخلارنىڭ چىراي ئىپادىلىرى كۆرسىتىلىدۇ .

(خور ) :

ئاسماندىكى تولۇن ئاينى قانداق ئۈزۈپ ئالغۇلۇق ؟

كۆپچىلىك شۇ پېتى تاراپ كېتىدۇ .

## مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . موناخلارنىڭ مارىيا ھەققىدە ئېيتقانلىرىغا ئاساسەن ، ئۇلار-نىڭ پىكىرلىرىنى يەكۈنلەپ بېقىڭ ھەمدە مارىيانىڭ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قانداق قىز ئىكەنلىكىنى سۆزلەڭ .

2 . موناستىر ئارخىماندرىتنىڭ مارىيانى «ئاسماندىكى ئاي» ، «ئاسماندىكى بۇلۇت»لارغا ئوخشىتىشى مۇۋاپىقمۇ ؟ نېمە ئۈچۈن ؟ ما-رىيانى بىر - ئىككى جۈملە بىلەن سۈرەتلەپ بېقىڭ .

3 . سىزنىڭ ئەتراپىڭىزدىمۇ مارىياغا ئوخشاش مىجەزلىك كىشى بارمۇ ؟ ئەستايىدىل كۆزىتىپ بېقىڭ ھەمدە بىرەر ئابزاس سۆز ئارقىلىق ئۇنى تەسۋىرلەپ بېقىڭ .

4 . تېكىستتىن جۈملە بىلەن گرامماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزدىن ئوننى تېپىڭ ھەمدە ئۇلارنىڭ تۈرىنى ئايرىپ ، رولىنى چۈشەندۈرۈڭ .

# 16 . كەچ كۈزدىكى غېرىبلىق (پارچە)

## تۇرسۇنجان لېتىپ[1]

ۋاقتى : ئالدىنقى كۆرۈنۈشتىن بىرقانچە كۈن كېيىن .

ئورنى : ھەيدەرنىڭ ئۆيى .

(ئانىنىڭ ھالىتىدىن ئۇنىڭ ماغدۇرسىزلانغانلىقى بىلىنىدۇ .)

ئانا : (قىلماقچى بولغان ئىشىنى ئۇنتۇپ تۇرۇپ قېلىپ) مەن نېمە قىلماقچى ئىدىم ؟ ... ھە ، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى (يىڭنىگە يىپ ئۆتكۈزمەك بولىدۇ ، لېكىن ئۆتكۈزەلمەي قىينىلىدۇ) .

(خاسىيەت چىقىدۇ .)

خاسىيەت : ئاپا ، نېمە قىلىۋاتىلا ؟

ئانا : پەزىلەتنىڭ قورچىقىغا كۆڭلەك تىكىپ بېرەي دەۋاتىمەن .

خاسىيەت : نېمە جاپا . ھازىر ئۇنىڭ قورچاق ئوينايدىغان ۋاقتى بولمىسا !

ئانا : ياق خاسىيەتخان ، ئۇ تېخى كىچىك . بۇ قورچاقنى مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈم تىكىپ بەرگەن . يىتتۇپ كەتمىسۇن دەپ مېنىڭ ساندۇقۇمغا سېلىپ قويۇپتۇ . بايا ئاخىرەتلىكلىرىمنى رەتلەپ قوياي دەپ قارىسام شۇنىڭ ئىچىدىن چىقتى . قور-

---

① تۇرسۇنجان لېتىپ 1945 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان . دراماتورگ . «ئېزىتقۇ» ناملىق درامىلار توپلىمى نەشر قىلىنغان . «مېھمان» ، «كۆپۈك» ، «يولدا» قاتارلىق ئېتوتلىرى ؛ «قېرى يىگىتنىڭ تويى» ، «تانسىكەش تۆمۈر خوتۇنلار» قاتارلىق درامىلىرى مەشھۇر . بۇ پارچە ئۇنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1994 ـ يىلقى سانىدا ئېلان قىلىنغان شۇ ناملىق دراممىسىدىن ئېلىندى .

چىقىنغا يەنە بىر كۆڭلەك تىكىپ بېرەي ، مومام تىكىپ بەرگەن دەپ ساقلاپ قويار ... (خىيال بىلەن ) خۇدا ئۆمرى-نى بەرسە ، ئۇ ئۇزاق يىللار ياشايدۇ . ئۇھ ، ئۇ قانچىلىك راھەت كۆرەر . قانچىلىك ئازاب چېكەر . ھەي ، ئايال خەققۇ بەك جاپاكەش ... (يىڭنىگە يىپنى ھەرقانداق قىلىپمۇ ئۆتكۈزەل-مەيدۇ ) ئاشۇ غۇۋا يېنىپ تۇرغان قارا چىراغنىڭ يورۇقىدا ئولتۇرۇپ بىر ئاخشامدىلا بىر دوپپىنى پۈتكۈزۈۋېتەتتىم ... ھەي ... مۇشۇ كۆزۈم ...

خاسىيەت: ئەكەلسىلە ، مەن ئۆتكۈزۈپ بېرەي (يىپ - يىڭنىنى ئې-لىپ ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ ھەپىلىشىدۇ ) . ۋىيەي ، ئەمدى مېنىڭ كۆزۈمگە نېمە بولدى ؟

ئانا: «قېرىمايدىغان ئادەم يوق ، يىقىلمايدىغان دەرەخ» دەپتىكەن كونىلار . كۈنلەر ئۆتۈپ تۇرىدىكەن ، سۇلار ئېقىپ دېگەن-دەك ، تۈنۈگۈنكى بوۋاق بۈگۈن چوڭ ئادەم بولۇپ بەزىسى تېخى جاھانغا سىغماي قالىدىكەن .

خاسىيەت: (يىپنى يىڭنىگە ئۆتكۈزۈپ ) ئۇھ ، ئاران ئۆتكۈزدۈم .

ئانا: سىز بۇ ئۆيگە كەلگىلىمۇ ئوتتۇز بەش يىلدىن ئاشتى . دەسلەپتە كېلىن بولغان بولسىڭىز ، مانا ئەمدى قېينانا بولۇپ نەۋرىلىك بولۇپ قالدىڭىز .

خاسىيەت: ئەمدى چۈشەندىم . ئاپا ، قېينانا بولماق بەك تەسكەن . تۆت ئوغۇلنىڭ ھەممىسىنى ئۆيلەپ ، پەزىلەتنى ياتلىق قىلىپ بولغۇچە ئۆزۈم نېمە بولۇپ كېتەرمەن . كېلىنلەرنىڭ رەھ-مىتىگە ئېرىشمەكنىڭ تەسلىكىنى ئەمدى بىلدىم .

ئانا: يامان كۈنلەر ھارام بولسۇن ، قىزىم .

خاسىيەت: ئوغۇل تۇغدۇم دەپ ئانچە خۇش بولۇپ كەتكۈلۈكمۇ ئەمەس-كەن ... يىڭنىگە يىپ ئۆتكۈزۈپ بەرسەممۇ ئولتۇرۇپلىغۇ .

ئەكەلسىلە، مەن تىكىپ بېرەي (يىپ - يىڭنە ۋە پۇرۇچلارنى ئالىدۇ).

ئانا: ھەيدەر نېمىشقا كەلمەيدىغاندۇ؟ پەزىلەتمۇ تېخىچە يوق!!

خاسىيەت: ئۇلارنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى.

(ھەيدەر كىرىدۇ.)

ھەيدەر: ئاپا.

ئانا: ھەيدەرمۇسەن بالام؟ بۈگۈن ئەجەب كېچىكتىڭغۇ؟

ھەيدەر: ياق ئاپا، كېچىكمىدىم. باشقا كۈنلەردىكىگە ئوخشاش.

ئانا: شۇنداقمۇ؟ ماڭا بەك ئۇزاق بىلىنىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. يېنىمدا بىردەم ئولتۇرغىنا.

ھەيدەر: بولىدۇ ئاپا. ئىشتىن ھازىر كەلدىم. باشقا ئىشىم يوق. ئەمدى يېنىڭىزدا قانچىلىك دېسىڭىز شۇنچىلىك ئولتۇرىمەن.

ئانا: قېرىغان چېغىدا ئادەم گاراڭ بولۇپ قالىدىكەن. يالغۇز قالسىلا بۇرۇنقى ئىشلار ئادەمنىڭ ئېسىگە كېلىۋېلىپ بىئارام بولىدىكەن. خۇشاللىق ئوغاي ئۇنتۇلۇپ كېتىپ، كىشىنىڭ ئېسىدە ئاشۇ خاپىلىق بىلەن ئۆتكەن ئىشلارلا يىغىلىپ قالىدىكەن. خاپىلىقنىڭ يارىسى ئېغىر بولامدۇ، ئىشقىلىپ بەزى ئىشلار ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئېسىدىن چىققۇسىز...

ھەيدەر: ئاپا، بىزمۇ سىزنى كۆپ خاپا قىلدۇق.

ئانا: ياق بالام، بالىلىرىمدىن خاپا ئەمەسمەن. بالىنىڭ خاپىلىقلىرى ئاتا - ئانىنىڭ ئېسىدە قالمايدۇ. پەقەت قېرىغان چېغىدا «ئاپا، ھالىڭ نېچۇك» دەپ ئىككى ئېغىز تاتلىق گېپى بىلەن ئازراق ۋاقتىنى ئايىماي ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويسا، بولدى شۇ كۇپايە. بالا ئاتا - ئانىنى سېغىنمىغان

بىلەن ، ئاتا ـ ئانا بالىنى بەك سېغىنىدۇ .

ھەيدەر : راست ئاپا ، شۇنداق . توغرا دېدىڭىز . (خاسىيەتنىڭ قولىدى‑كىنى كۆرۈپ) نېمە ئۇ ؟

خاسىيەت : قورچاققا كۆڭلەك تىكىۋاتىمىز .

ھەيدەر : قىزىق گەپقۇ بۇ . كىمنىڭ قورچىقى ؟

خاسىيەت : پەزىلەتنىڭ .

ھەيدەر : ئۇ ئەمدى قورچاق ئوينىماس ؟

ئانا : بۇ ئۇنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى قورچىقى . سەن ئۇنىڭ قورچاق ئوينايدىغان ـ ئوينىمايدىغانلىقىنى نەدىن بىلىسەن ، سەن ئۇنىڭغا بىرەر قېتىم قورچاق ئېلىپ بېرىپ باقتىڭمۇ ؟ تا‑قاشتى دەپ تاشلىۋېتىسىلەر تېخى ... ئۇنى ھەرگىز خاپا قىلماڭلار . بولمىسا مەن رازى بولمايمەن . (خاسىيەتنى كۆرسىتىپ) خاسىيەتخانىنىمۇ ھېچكىمگە خاپا قىلدۇرما . با‑لىلىرىڭ چوڭ بولۇپ قاتارغا قوشۇلدى . ئاشۇلارنى بېقىپ چوڭ قىلغۇچە ئۇمۇ جىق جاپالارنى تارتتى . ئۇنى ھۆرمەت قىل . قىزىڭنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قىلغىنىڭ ئاپاڭنى ھۆرمەت قىلغىنىڭ . ئايالىڭنى ھۆرمەت قىلغىنىڭ ئوخشاشلا ئاپاڭنى ھۆرمەت قىلغىنىڭ . بۇنى ھەممە ئوغۇللىرىڭغا ئېيت ، چۈشەندۇر . ئايال كىشى جاپاكەش خەق . ھەرقانداق بىر ئەركەكنىڭ ئاپىسى بولىدۇ . ئۇ ئايال كىشى . ئادەملەر ئۇلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قىلىشى كېرەك .

ھەيدەر : چۈشەندىم . سۆزلىرىڭىز بىردىنبىر ھەقىقەت ، ئاپا . دېگىنى‑ڭىزدەك قىلىمەن ... ئادەمنىڭ ئەقلى توشقان ۋاقتى ، ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ تەگدىن تولىسى ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقتى بولىدىكەن . ئۇ چاغدا پۇشايمان قىلىدىغان ئىشلار نۇرغۇن بولىدىكەن .

ئانا : ئادەمنىڭ ھاياتىدا پۇشايمان قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلار بولى‑دۇ بالام ، ساڭا قىلىدىغان بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى ...

ھەيدەر : دەڭ ئاپا ، ئۇ نېمە ئىش ؟
ئانا : ئاددىي رەختتىن بولسىمۇ بولىدۇ ، ماڭا بىر يېڭى كۆڭلەك تىككۈزۈپ بەرگەن بولساڭ .
ھەيدەر : ماقۇل ئاپا ، ماقۇل . ئاددىي رەختتىن دېگىنىڭىز نېمىسى . ئېسىلىدىن ، كۆڭلىكىڭىز تارتقىنىدىن دەڭ .
ئانا : ئېسىلىنىڭمۇ كېرىكى يوق ئەمدى . ماڭا بىر يېڭى كۆڭلەك بولسىلا بولدى .
ھەيدەر : ئاپا ، سىزنىڭ يېڭى كۆڭلىكىڭىز يوقمۇ - ھە ، ھەي ··· نېمىشقا دېمەيسىز ؟ ! نېمىشقا ھە ، ئاپا ؟ !
ئانا : ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ قالسا ، يۈيغۇچىغا قويغۇدەك بولسىلا بولىدۇ . «ئۆلۈك نەگە بارىدۇ ، دېسە تىرىكنىڭ ئەيىبىنى ئاچقىلى» دەيدىغان گەپ بار . سىلەرمۇ كىچىك ئادەم ئەمەس . يۈيغۇچىغا نېمە قويۇپتۇ ، دېسە سىلەرگە سەت .
ھەيدەر: ئاپا ، سىز ئۆزىڭىزنى ئويلىماي يەنىلا بىزنى ئويلاۋېتىپسىز .
ئانا : ئاياغ يۈيغۇچىغا ئۆتۈكۈمنى ئاتاپ قويدۇم . ئۇنى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئاۋايلاپ كىيمىگەن . سەن ئۇنى موزدۇزغا ئاپىرىپ پاشنىسىنى ئوڭشىتىپ مايلىتىپ قوي ، يېپيېڭىلا بولىدۇ . سىلەرنى ئالدىراپ قالمىسۇن دەپ ئاق رەختلەرنى- مۇ ئېلىپ قويغان . يۈيغۇچىغا ئىشلىتىدىغان سوپۇن ، يەنە ئاخىرەتلىكنى تەييارلاشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن يىپ - يىڭنە ، قايچا دېگەندەك نەرسىلەرنى تەييارلاپ قويدۇم . پەزىلەت بىلىدۇ . مەن ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ ، تاپىلاپ قويدۇم .
ھەيدەر: بولدى ئاپا ، بۇنداق گەپلەرنى دەۋەرمەڭ .
خاسىيەت : (كۆڭلى بۇزۇلۇپ ) ساپساقلا تۇرۇپ بۇنداق دېسىلە ئاپا ، ئادەم ئەجەب بىر خىل بولۇپ قالىدىكەن .
ئانا : نەچچە كۈندىن بېرى سىلەرگە دېمىگىنىم بىلەن ، ئۆزۈم

بىلىمەن ، ئەھۋالىم ئانچە ياخشى ئەمەس .

ھەيدەر : دوختۇرخانىغا ئېلىپ باراي .

خاسىيەت : شۇنداق قىلىڭ ، ئاپامنى دوختۇرغا ئېلىپ بارايلى .

ئانا : ياق ، ئاۋارە بولماڭلار ، مەندە دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالات-قۇدەك باشقا كېسەل يوق . يەيدىغىنىمنى يەپ ، ياشايدىغى-نىمنى ياشاپ بولدۇم ، بالام . ئەمدى زاۋال ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى ... شۇ كۈنلەردە ئاتاڭ چۈشۈمگە تولا كىرىدىغان بولۇپ قالدى ...

(ئانا يىراقلارغا قاراپ خىيال سۈرۈۋاتقاندەك بىر خىل ھالەتتە يېتىپ قالىدۇ . سەھنە قاراڭغۇلىشىپ يورۇيدۇ . بوۋاي ھېچقانداق ئىپادىسىز ھالدا كىرىپ كېلىدۇ . )

ئانا : ئاتىسى ، قاچان كەلدىلە ؟

بوۋاي : مەسچىتتە نەزىر بولغان . مەۋلۇتنىڭ نەرسىلىرى ، يېگىن ، كېسىلىڭگە شىپا بولۇپ قالار (مەۋلۇت مېۋىلىرىدىن ئانىغا بېرىپ ، ئۆزى ھاسىغا تايانغىنىچە ئۇدۇل قاراپ ئولتۇرىدۇ) .

ئانا : بۈگۈن ئۆزۈممۇ خېلى ياخشى تۇرىمەن .

بوۋاي : خۇدا شىپالىق بەرسە ياخشى بولۇپ قالىسەن .

ئانا : باياتىن يالغۇز يېتىپ جىقلا خىياللارنى قىلىپ كېتىپتىمەن .

بوۋاي : نېمىلەرنى ئويلاپسەن ؟

ئانا : ئىككىمىز شۇنچە ئۇزاق يىل ئۆي تۇتۇپتىمىز ...

بوۋاي : ھە مۇنداق دېگىن . خىياللىرىڭ بەك ئۇزاققا كېتىپتىغۇ سېنىڭ ؟ !

ئانا : سەل ساقىسىز بولۇپ قالسامىلا سىلىدىن ئەندىشە قىلىمەن . مېنىڭدىن كېيىن قالسا ، نېمە كۈنلەرنى كۆرەر دەپ .

بوۋاي : كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما ئاپىسى .

ئانا : نېمىلا قىلغان بىلەن بىرەر ۋاقلىق ئىسسىق تاماق ئېتىپ ، قورساقلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا يارايمەن .

بوۋاي : كىم بىلىدۇ. قايسىمىز بۇرۇن كېتىپ، قايسىمىز كېيىن قالىمىز.

ئانا : مەن بۇرۇن كېتىپ قالسام، سىلى جاپادا قالىلا.

بوۋاي : سەن قالساڭ ئوغۇللار ساڭا بوي بەرمەسمىكىن؟ (خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كېتىپ) شۇ كۈنگىمۇ شۈكۈر.

ئانا : ئۆمرىمىز شۈكۈر - قانائەت بىلەن ئۆتتى.

بوۋاي : ئۆزىمىزگە ئازراق بولسىمۇ ئاراملىق ئىزدىدۇق. يېمەي نېمىشقا ئۇنى نېرى قىلىپ قويسەن؟

ئانا : بۇنى كېيىن سىلى يېسىلە.

بوۋاي : ھىم. ... مانا شۇنداق كۆڭلى يۇمشاقلىق قىلىپ، بالىلارنىمۇ يامان ئۆگىتىۋەتتىڭ. ئەمدى ئۇلار ئۆزلىرىنىلا ئويلايدۇ.

ئانا : شۈكۈر قىلىش كېرەك دېدىلىغۇ. شۈكۈر قىلايلى. خۇدا بىر كۈنى ئۇلارنىڭ كۆڭلىگىمۇ ئىنساپ بېرەر.

بوۋاي : بىز ئۇلارنى بېقىپ چوڭ قىلغۇچە نېمە كۈنلەرنى كۆرمىگەن؟! مانا سەن ئاغرىپ يېتىپسەن. نېمىشقا كېلىپ يوقلىمايدۇ؟! نېمىشقا پەرۋانە بولۇپ بېشىڭدا تۇرۇشمايدۇ. بىرى بېشىڭنى تۇتسا، بىرى پۇتۇڭنى ئۇۋۇلىسا، ئۇسسۇزلۇق ئىچۈرسە بولماسمىدى؟! ھەي، سىلەرمۇ قېرىيسىلەر، ئەنە شۇ چاغدا كۆرۈسىلەرغۇ.

ئانا : ئاتىسى، ئۇنداق دېمىسلە. بالىلار قارغىش قىپى بولۇپ قالمىسۇن. بىز ئۇلارنىڭ ئىنساپىنى، بەختىنى تىلەيلى!

بوۋاي : قايسىبىر ئاتا - ئانا ئۆز بالىسىنىڭ بەختىنى تىلىمىگەن؟!

ئانا : ھەقچان ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئالدىراشچىلىقى باردۇر. ئىككىمىز بىللە ئۇلارنى كۆرۈپ كېلەيلى.

بوۋاي : ئاشۇ ۋاپاسىزلارنىمۇ - ھە؟!

ئانا : ئاتىسى!

بوۋاي : ھەر كىمنىڭ نىيەت ـ ئىقبالى ئۆزىگە (سىرتقا قاراپ ماڭىدۇ) .

ئانا : ئاتىسى ، ياستۇق قويۇپ بېرەي ، بىردەم يۆلىنىپ ئولتۇرۇۋالسىلا .

بوۋاي : ھېلى مەجلىسكە دەپ چاقىرىپ كىرەر . دۇمبەمگە تاقايدىغان «ئۇنسۇر» دېگەن خېتى بار ئاق لاتىنى يۇيۇپ قويدۇڭمۇ ؟ ئالدىنقى قېتىم بۇنى نېمىشقا كىر قىلىۋەتتىڭ ، دەپ يەرگە ئېڭىشتۇرۇپ بىرمۇنچە ئاۋارە قىلدى .

ئانا : يۇيۇپ قويغان ، يۇيۇپ قويغان . بىراق ، ئۇنىڭ خېتى ئۆچۈپ كېتىپتۇ . ئەمدى قانداق قىلىمىز ؟ (ئىنزەيدۇ ، تاپالمايدۇ . بوۋاي جىملا چىقىپ كېتىدۇ) ئاتىسى توختىسىلا ، مېنى ساقلىسىلا ، مەنمۇ چىقاي ... ئۇ يەنە كەتتى ... ئۇھ ، بۇ يىللار ماڭا ئەجەب ئۇزاق تۇيۇلۇپ كەتتى . ئەجەب ئۇزاق . ئادەم بالىسى بەك چىداشلىق نېمىكەن .

(چىراغ يانىدۇ . ئانا ئۆزىگە كېلەلمەيدۇ .)

ھەيدەر : ئاپا ، بايا سىز بىر گەپلەرنى قىلغاندەك قىلدىڭىز ، چۈش كۆرۈپسىزمۇ ؟

ئانا : چۈش كۆرۈپتىمەن بالام .

ھەيدەر : سىز يەنە يىغلىدىڭىز .

ئانا : ئاتاڭ يەنە چۈشۈمگە كىرىپتۇ . ئۆزى خاپا . يەنە ھېلىقى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى «ئۇنسۇر» دېگەن ئاق لاتىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىدۇ .

ھەيدەر : ئاپا ، ئۇ كۆڭۈلسىز كۈنلەرنى ئۇنتۇپ كېتىڭ . ئۆزىڭىزنى ئازابلاپ نېمە قىلىسىز ؟

ئانا : بىلمەيمەن بالام ، ئاتاڭ تولاراق شۇ كۈنلەر بىلەنلا چۈشۈمگە كىرىدۇ . ھەقىچان ناھەقچىلىك بەك ئېغىر كەلگەن بولسا كېرەك ... بەزى ئىشلارغا ھازىرغىچىلا ئەقلىم ھەيران . ئويلاپمۇ تېگىگە يېتەلمەيمەن . بىر قېتىم ئاتاڭنى كۆرەش



قىلدى. جالال دەيدىغان بىرى بولىدىغان، ئاتاڭ ئۇ كىشىگە
ھېچقانداق يامانلىق قىلمىغان. ئاشۇ جالال دېۋەيلەپ ئاتاڭ-
نىڭ ئالدىغا كېلىۋالدى. سۆزلەۋاتىدۇ. ئۇخلىسىمۇ ئاتاڭ-
نىڭ چۈشىگە كىرىپ باقمىغان ئىشلار. بىر چاغدا: مەسى-
لەڭنى تاپشۇرامسەن ـ يوق، ھەي ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇن-
سۇر، دەپ ساقىلىدىن تۇتۇۋېلىپ، كۈچەپ تارتىپ، بىر
تۇتام ساقىلىنى يۇلۇۋالدى. (ئانا ھەسرەتلىنىپ، ئۈنسىز
ئۆكسۈپ كېتىدۇ) پەقەت ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭنىڭلا ئىچى ئاغرى-
مىسا، ئادەمنىڭ ئادەمگە ئىچى ئاغرىمايدىكەن. قانداق گۇنا-
ھىمىز بارلىقىنى ئۆزىمىزمۇ بىلمەيمىز. بىراق، دۈشمەن
ئىدۇق.

ھەيدەر: بولدى، قويۇڭ ئاپا. ئۇ چاغلارنى ئەسلىمەڭ. ھە، مۇنداق
قىلايلى، مەن سىزنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باراي. ئۇنىڭدىن

كېيىن ئالدىمىزدىكى يەكشەنبە ھەممە باللىرىڭىز — نەۋرە-ئەۋرىلىرىڭىزگىچە كەلسۇن . مەن ئۇلارغا خەۋەر قىلاي .

**ئانا :** (تۇرۇپ كېتىپ) مېنىڭ كېسىلىم يوق . ياق ، دوختۇرخانىغا بارمايمەن . باللارغا خەۋەر قىل ، ئۇلار كەلسۇن . ھەممىسى ، ھەممىسى كەلسۇن ! ھەيدەرجان بالام ، ئۇلار پاتراق كەلسۇن ، ماقۇلمۇ ؟

**ھەيدەر :** ماقۇل ئاپا .

(پەردە چۈشىدۇ)

## مۇھاكىمە ۋە مەشق

1 . ئەسەرگە نېمە ئۈچۈن «كەچ كۈزدىكى غېرىبلىق» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان ؟

2 . درامىدا بوۋاي نېمە ئۈچۈن ئانىنى «ھىم ... مانا شۇنداق كۆڭلى يۇمشاقلىق قىلىپ ، باللارنىمۇ يامان ئۆگىتىۋەتتىڭ . ئەمدى ئۇلار ئۆزلىرىنىلا ئويلايدۇ» دەيدۇ ؟ بوۋاينىڭ بۇ سۆزىدىن سىز باللارغا ، نەۋرىلەرگە زىيادە كۆيۈنۈشنىڭ باللارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئەكس تەسىر ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتتىڭىزمۇ ؟

3 . بىر ئانا شۇنداق جاپا - مۇشەققەتلىك يىللاردا بىرنەچچە پەرزەنتىنى قاتارغا قوشقان ، ئەمما بۇ بىرنەچچە بالا ياشانغان ئانىسىنى غېرىبسىندۇرۇپ قويىدى . بۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەك ؟

4 . بوۋا - مومىلىرىڭىزغا كۆڭۈل سۆزلىرىڭىزنى ئىزھار قىلىپ بىر پارچە سالام خەت يېزىڭ .

5 . تېكىستتىن قاراتما سۆزلەرنى تېپىڭلار ، درامىدا نېمە ئۈچۈن قاراتما سۆزلەرنىڭ كۆپ ئىشلىتىلگەنلىكى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈڭلار .

# ئۇنىۋېرسال ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش

## ناخشا - مۇزىكىنىڭ سېھرىي كۈچىدىن ھۇزۇرلىنىش

ناخشا - مۇزىكا بولمايدىغان يەر، ناخشا - مۇزىكا بولمايدىغان ۋاقىت بولمايدۇ. ناخشا - مۇزىكا كىشىلىك ھاياتنىڭ ئىسسىق - سوغۇق، ئاچچىق - چۈچۈكلىرىنى ئىپادىلەپ، تۇرمۇش شاد - خۇراملىقلىرى ۋە قايغۇ - ھەسرەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بەزىدە ناخشا ساداسى ئىبغىر بەدەننى قاناتلاندۇرۇپ پەرۋاز قىلدۇرىدۇ. ئەمدى بىز تىل - ئەدەبىيات بىلەن ناخشا - مۇزىكىنىڭ بىر قېتىملىق «بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش» پائالىيىتىنى ئۆتكۈزەيلى (تىل - ئەدەبىيات بىلەن گۈزەل سەنئەت، تىل - ئەدەبىيات بىلەن تەنتەربىيە قاتارلىقلارنىڭ «بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش» پائالىيىتىنى لايىھىلەشكىمۇ بولىدۇ).

تۆۋەندىكى پائالىيەتلەرنى ئىختىيارىي تاللاشقا بولىدۇ.

1. ئۇنتۇلغۇسىز مېلودىيە — تەسىرلىك ھېكايە

كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان ناخشا - مۇزىكا ئادەمنىڭ ئېسىدىن ئۇزاققىچە چىقمايدۇ. ياش قۇرامىڭىزنىڭ قانداق بولۇشى ۋە قەيەرگە بېرىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىڭىزگە تونۇشلۇق بولغان ئاشۇ مېلودىيىنى ئاڭلىسىڭىزلا، ئۇ سىزنىڭ يۈرەك تارىڭىزنى چېكىپ، سىزدە ئۇزاققىچە بىر خىل ئەسلىمە پەيدا قىلىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، قايسى

ناخشىنى سىز پەقەت ئۇنتۇمايسىز ، قايسى مۇزىكا سىزنى تەپەككۇر دېڭىزىدا ئۈزدۈرگەن ، بۇ ئارقىلىق سىز قانداق ھېكايىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلغان ؟ بۇ ھېكايىلەر مۇزىكىنىڭ ئۆزىدىكى ھېكايىلەر (مەسىلەن ، «ئايدىڭ كۆيى» بىلەن بېتخوۋېن ، «تاشۋاي» مۇزىكىسى بىلەن تاش- ۋاي ، «2 ـ بۆلاقتىكى ئاي شولىسى» بىلەن ئابىڭ )نى ۋە مۇزىكا بىلەن ئۆزىڭىز ئوتتۇرىسىدىكى ھېكايىلەر (بىر ئالاھىدە تۇرمۇش مۇھىتىدا ئاڭلىغان مەلۇم مۇزىكا )نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئاۋۋال مۇزىكىنى كۆپچىلىككە ئاڭلىتىپ ياكى مەلۇم بىر خىل ساز ئارقىلىق چېلىپ كۆرسىتىپ ، ئاندىن ھېكايە ئېيتىشقا بولىدۇ . ھېكايىنى ھېس- سىياتلىق ، رەتلىك ئېيتىشقا دىققەت قىلىش كېرەك .

## 2 . ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مۇزىكا — قالتىس چۈشەندۈرۈش

مۇزىكا — بىر خىل ئاجايىپ تىل . كىشىلەر بەلكىم ئۆزئارا بىر- بىرىنىڭ تىللىرىنى ئۇقۇشماسلىقى مۇمكىن ، ئەمما مۇزىكا مەي- لى قەيەردە ياڭرىمىسۇن ، شۇ يەردىكى كىشىلەر بىرلىكتە ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن . شۇنداقتىمۇ ، جانلىق چۈشەندۈرۈش بىز- نىڭ مۇزىكىغا بولغان چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ . سىز ئۆزد- ىڭىزنىڭ قايسى ئوپېرىلىق مۇزىكا دىسكىسى ، قايسى كومپوزىتور ، قايسى مۇزىكا ياكى ناخشىنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى ئويلاپ بېقىڭ ، ئاندىن ئۇنى ساۋاقداشلىرىڭىزغا تونۇشتۇرۇڭ . مۇزىكىنى ئاڭلاتقاچ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ . ئاۋۋال گۇرۇپپىلار بويىچە پائال- يەتكە تەشكىللەپ ، ئاندىن ۋەكىل سايلاپ سىنىپ بويىچە سۆزلىتىش- كىمۇ بولىدۇ .

## 3 . كوللېكتىپنىڭ كۈچى — ئورتاق قەلب كۈيى

ھازىر نۇرغۇن مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ ناخشىلىرى ياكى سىنىپ ناخشىلىرى بار . ئەگەر سىز ئۇنى مەكتەپتىكى چېغىڭىزدا ئېيتىسد-

ڭىز ، ئۇ سىزنى جاسارەت بىلەن يۇقىرى ئۆرلەشكە ئىنتىلدۈرۈپ ، كوللېكتىپنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ ؛ سىز مەكتەپتىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئۇنى ئېيتسىڭىز ، ئۇ سىزدە چوڭقۇر ئەسلىمىلەرنى پەيدا قىلىدۇ . بىر قېتىملىق مەكتەپ ناخشىسى ياكى سىنىپ ناخشىسى ئىجاد قىلىش مۇسابىقە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈشنى تەكلىپ قىلىمىز . ئەگەر مەكتەپ ناخشىسىنى ئىجاد قىلىش كېرەك بولسا ، باشقا سىنىپلار بويىچە ھەتتا مەكتەپ بويىچە تەشەببۇسنامە چىقىرىپ ، بۇ پائالىيەتنى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن ياخشى ، سىنىپنى بىرلىك قىلغان ھالدا مۇسابىقىگە قاتنىشىش كېرەك . ئەگەر سىنىپ ناخشىسىنى ئىجاد قىلىش كېرەك بولسا ، گۇرۇپپىنى بىرلىك قىلغان ھالدا مۇسابىقىگە قاتنىششقا بولىدۇ . ئىجاد قىلىشتا كوللېكتىپنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ، ھەر كىم ئۆز قىزىقىشى ۋە ئالاھىدىلىكى بويىچە ناخشا تېكىستى ياكى مۇزىكىسىنى ئىجاد قىلىش لازىم . باھالاش ھەيئىتى تەشكىللەپ ، ئۇستۇنلۇك قازانغانلىرىنى تاللاپ مۇكاپاتلاشقا ھەمدە مەكتەپتە ياكى سىنىپتا ئېيتىشقا بولىدۇ .

ئۆزىڭىز بىرەر مۇزىكىنىڭ بىرەر ئارىيىسىنى ياكى بىرەر ناخشىنى تاللاپ ، ئۇنى تەكرار زەن قويۇپ ئاڭلاش ، بىر نۇقتىنى ياخشى تاللاپ ، بىر ماقالە يېزىش ، مەزمۇنى ، تېمىسى ، ژانىرىنى ئۆزى بېكىتىش ، ھەجمى چەكلەنمەسلىك لازىم .

# كلاسسىك ئەسەرلەر

بۇ بۆلەكتىكى ئەسەرلەر كلاسسىك ئەسەرلەردۇر. كلاسسىك ئەسەر دېگىنىمىز — مول مەزمۇنلۇق، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھاياتىي كۈچىنى يوقاتمايدىغان، ئۆلمەس، ئوقۇرمەنلەر ئۇنى يېڭىۋاشتىن تونۇيدىغان ۋە ئاچىدىغان ئەسەرلەردۇر. ھەقىقەتەنمۇ كلاسسىك ئەسەرلەرنى ھەربىر قېتىم ئوقۇغىنىمىزدا يېڭى تەسىراتقا ئېرىشىمىز. مۇھىم نۇقتا شۇكى: بۇ خىل ئەسەرلەرنى «كۆشەش» ئۇسۇلى بىلەن ئەستايىدىل ئوقۇشىمىز كېرەك.



## 17 . «تۇنيوقۇق مەڭگۈ تېشى»[1] (پارچە)

(35) ... بىز ئالتاي تېغىنىڭ يولسىز جايلىرىدىن ئاشتۇق ، ئېرتىش دەرياسىنىڭ كېچىكسىز يەرلىرىدىن كېچىپ ئۆتتۇق . بىز كېچىلەپ ئىلگىرىلىدۇق . بولچۇ[2]غا تاڭ يورۇغاندا تەگدۇق .

(36) «تىل» (ئەسىر) كەلتۇرۇلدى ، ئۇنىڭ سۆزى مۇنداق ئىدى : يارىس تۈزلەڭلىكىدە ئون تۈمەن قوشۇن تەق بولدى .

بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بەگلەرنىڭ ھەممىسى

(37) يانايلى ، ساپ نومۇس ئەلا (شەرەپلىك مەغلۇپ بولغان ياخشى دېگەن مەنىدە — ت) دېيىشتى . مەنكى بىلگە تۇنيوقۇق ئۇلارغا : بىز ئالتاي تېغىنى ئېشىپ ، ئېرتىش دەرياسىدىن ئۆتۈپ

(38) بۇ يەرگە كەلدۇق . كەلمىكىمىز قىيىنىغا چۈشتى ، كەلگىنىمىزنى ئۇلار تۇيمىدى . بىزگە تەڭرى ئوماي ، مۇقەددەس يەر ، سۇ ياردەم قىلىۋاتسا ، نېمىشقا قاچىمىز ؟

(39) ئۇلارنىڭ ئادىمىنىڭ كۆپلۈكىدىن نېمىشقا قورقىمىز ؟ ئادىمىمىزنىڭ ئازلىقى تۈپەيلى يېڭىلىپ قالاتتۇقمۇ . تېگەيلى دېدىم . تەگدۇق ، يېڭىپ چىقتۇق ، ئىككىنچى كۈنى ئۇلار يەنە كەلدى .

(40) ئۇلار ئوتتەك قىزىپ كەلدى ، ئۇرۇشتۇق . ئۇلارنىڭ ئىككى قاناتتىكىلىرى بىزنىڭكىلەردىن يېرىمىدەك كۆپ ئىدى . تەڭرى ساقلىغانلىقى ئۈچۈن بىز ئۇلارنىڭ كۆپلۈكىدىن

---

① تۇنيوقۇق تۈركچە سۆز بولۇپ ، «تۈن» بۈيۈك ، كاتتا ، چوڭ ، باش ، بىرىنچى ، دەسلەپكى ، كاتتىۋاش ، باشلىق دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ ؛ «يوقۇق» بولسا ئەتىۋارلىق ، ئېسىل ، قەدىرلىك دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ . دېمەك ، «تۇنيوقۇق» دېگەن سۆز «چوڭ باشلىق» ، «بۈيۈك كاتتىۋاش» ، «ئاقساقال» ، «چوڭلارنىڭ ئېسىلى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ .

② بولچۇ — يەر نامى .

(41) قورقۇپ كەتمىدۇق . ئۇرۇشتۇق . تاردۇش شاد جەڭگە قاتناشتى . بىز يېڭىپ چىقتۇق . خاقانىنى قولغا چۈشۈردۇق . ئۇلار- نىڭ يابغۇ[1]سى ۋە شادى[2]

(42) شۇ يەردىلا ئۆلتۈرۈلدى . ئەللىكچە ئادىمىنى قولغا چۈ- شۈردۇق . شۇ كېچىسى ھەرقايسى قەبىلىلەرگە (ئەلچى) ئەۋەتتۇق . بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ، ئون ئوق بەگلىرى ۋە خەلقىنىڭ ھەممىسى

(43) كېلىشتى ، تىز چۆكتى ، ئەل بولغان بەگلەرنى ۋە خەلق- لەرنى تەشكىللەۋاتقىنىمدا ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى قېچىپ كەتتى . (شۇڭا) ئون ئوق ئەسكەرلىرىنى (ئۇلارنى قوغلاشقا) ئەۋەتتىم .

(44) بىزمۇ ئەسكەر چىقاردۇق . بىز ئۇلارنىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپ ماڭدۇق . يىنچۇ (ئۈنچە) ئۆگۈز[3] دىن ئۆتۈپ ، «تىنەسى ئوغ- لى» دەپ ئاتىلىدىغان مۇقەددەس ئاق تاغدىن ئاشتۇق .

(45) بىز تاكى تۆمۈر قاپىقىغىچە[4] باردۇق . قوشۇننى شۇ يەردىن ياندۇردۇق . ئىنەل خاقانغا ... ساقا[5] ، تەزىك[6] ، توقرى[7]

(46) ۋە شۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان ئاسۇق باشچىلىقىدىكى سوغ- داق[8] خەلقلىرىنىڭ ھەممىسى ئەل بولدى ، يۈكۈندى ... تۈرك خەلقى تۆمۈر قاپىقىغا

(47) ۋە «تىنەسى ئوغلى» دەپ ئاتىلىدىغان تاغقا ئەزەلدىن تېگىپ باقمىغانىدى . مەنكى بىلگە تونيۇقۇق ئۇ يەرگە ھۇجۇم قىلغۇر- غانلىقىم ئۈچۈن

---

① يابغۇ — مەنسەپ - ئەمەل نامى .
② شاد — مەنسەپ - ئەمەل نامى .
③ يىنچۇ ئۆگۈز — دەريانىڭ نامى . بۇ دەريانى ئا . ن . ئارىستوپ ھازىرقى چۇ دەرياسى دېسە ، ۋ . ۋ . بارتولد موڭغۇلىيىدىكى ئورۇنگۇ دەرياسى دەپ كۆرسىتىدۇ .
④ تەمىر قاپىغ (تۆمۈر قاپقا) — سەمەرقەنت بىلەن بەلىخ ئارىسىدىكى بوز فالا تېغىنىڭ ئەتراپىدىكى بىر مۇھىم ئۆتكەل .
⑤ ساقا — خەلقنىڭ نامى . قەدىمكى ساكلارنى كۆرسىتىدۇ (خوتەن ساكلىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) .
⑥ تەزىك — خەلقنىڭ نامى . تاجىكلارنى كۆرسەتسە كېرەك .
⑦ توقرى — خەلقنىڭ نامى . بەزى يازما يادىكارلىقلاردا توخرى ، تۇخار دەپمۇ يېزىلغان . تۇخارلارنى كۆرسىتىدۇ .
⑧ سوغداق — خەلقنىڭ نامى . ئۆز زامانىسىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان سوغدىلارنى كۆرسىتىدۇ .

(48) ئۇلار سانسىزلىغان سېرىق ئالتۇن، ئاق كۈمۈش، قىز-ئايالارنى، ئېسىل ئېگەر-جابدۇق، ئۇنچە-مەرۋايىتلارنى كەلتۈردى. ئىلتەرىش خاقان دانىشمەن بولغانلىقى ئۈچۈن،

(49) باتۇر بولغانلىقى ئۈچۈن تابغاچ بىلەن 17 قېتىم ئۇرۇش قىلدى. ئوغۇزلار بىلەن بەش قېتىم ئۇرۇش قىلدى، شۇ چاغدىمۇ مەسلىھەتچى

(50) يەنىلا مەن ئىدىم. ياغىچىسى (تەشكىللىگۈچى؟) يەنىلا مەن ئىدىم. ئىلتەرىش خاقانغا، تۈرك بۆگۈ خاقانغا، تۈرك بىلگە خاقانغا...

(51) قاپاغان خاقان 27 ياش ۋاقتىدا... مەن قاپاغان خاقانغا ياردەملىشىپ، ئۇنى تەختكە ئولتۇرغۇزدۇم. تۈن بويى خاتىرجەم ئۇخلىيالمىدىم.

(52) كۈندۈزى خاتىرجەم ئولتۇرالمىدىم. قىزىل قانلىرىمنى تۆكتۈم، قارا تەرلىرىمنى ئاقتۇردۇم. مەن (دۆلەت) ئىشلىرى ئۈچۈن كۈچۈمنى قوشتۇم. مەن ئۆزۈم يەنە ئاتلىق قوشۇن چىقاردىم.

(53) مەن ئوردا قاراۋۇللىرىنى كۆپەيتتىم. يېنىپ-يېنىپ تۇرغان دۈشمەنلەرنى بويسۇندۇردۇم. خاقانىم بىلەن بىللە (كۆپ قېتىم) جەڭگە قاتناشتىم. تەڭرى ساقلىدى.

(54) مەن تۈرك خەلقى زېمىنىدا تولۇق قورالانغان دۈشمەنلەرنى ماڭدۇرمىدىم، بەلگىسى بار ئاتلارنىڭ ھەممىلا يەردە چېپىپ يۈرۈشىگە يول قويمىدىم. ئىلتەرىش خاقان تىرىشمىغان بولسا،

(55) ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەن تىرىشمىغان بولسام، دۆلەت ۋە خەلق يوق بولغان بولاتتى. ئۇ تىرىشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەن تىرىشقانلىقىم ئۈچۈن

(56) دۆلەت يەنە دۆلەت بولدى، خەلق يەنىلا خەلق بولدى. ئۆزۈم قېرىدىم، ئۇلۇغ بولدۇم، ھەرقانداق يەردىكى خاقانلىق خەلقلەردە

(57) مىنىڭدەك ئادەم بولىدىكەن، ئۇلاردا ھېچقانداق بەختسىزلىك بولمايدۇ.

(58) تۈرك بىلگە خاقان ئىلىگە مەن بىلگە تۇنيوقۇق (بۇ مەڭگۈ تاشتىكى پۈتۈكلەرنى) يازدۇردۇم.

(59) ئىلتەرىش خاقان تىرىشمىغان بولسا، ئۇ يوق بولغان بولسا، مەن ئۆزۈم — بىلگە تۇنيوقۇق تىرىشمىغان بولسام، شۇنداقلا مەن بولمىغان بولسام.

(60) قاپاغان خاقان ۋە تۈرك سىر خەلقى تۇپرىقىدا دۆلەت ۋە ئادەمزات، خەلق بولمىغان بولاتتى.

(61) ئىلتەرىش خاقان ۋە مەن — بىلگە تۇنيوقۇق تىرىشقانلىقى ئۈچۈن، قاپاغان خاقان ۋە تۈرك سىر خەلقى مۇشۇنداق ياشاپ قالالىدى.

(62) تۈرك بىلگە خاقان تۈرك سىر خەلقىنى، ئوغۇز خەلقىنى باقماقتا.

## مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1. سىلەر بۇ تېكىستنىڭ تىل ئۇسلۇبىدىن قانداق ئالاھىدىلىكلەرنى ھېس قىلدىڭلار؟

2. تۇنيوقۇق رېئال تارىخىي شەخس. بۇ مەڭگۈ تاشتا ئۇنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى، ھاكىمىيەت تىكلەش جەريانى I شەخس تىلى ئارقىلىق بايان قىلىنغان. سىلەر بېرىلگەن بۇ پارچىنى ئوقۇغاندىن كېيىن تۇنيوقۇقنىڭ قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە تارىخىي شەخس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىڭلار؟

3. ئادەتتە بىرەر كىشى باشقىلار ئالدىدا ئۆز ـ ئۆزىنى ماختايدىغان سۆزلەرنى قىلسا بىزگە مەنمەنچىلىك قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ.

ئەمما ، تۇنيوقۇقنىڭ ئۆزىنى ئۇلۇغلىغان سۆزلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا بىزدە ئۇنداق تەسىرات كۆرۈلمەيدۇ . بۇ نىمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېقىڭ .

4 . تېكىستتە ئاددىي جۈملىلەر كۆپ ئىشلىتىلگەن . ئاددىي جۈملە ئىشلىتىش بىلەن مۇرەككەپ جۈملە ئىشلىتىش ھەققىدە پىكىر بايان قىلىڭلار .

# 18. ئىككى تىگىننىڭ ھېكايىسى[1]

(1) (ئاق نىيەت تىگىننى شەھەر) سىرتىغا سەيلىگە چىقارغاندى. (ئۇ) شەھەر سىرتىدا تېرىقچىلارنى كۆردى. (ئۇلار) قۇرۇق يەرلەرنى سۇغىرىپ، نەم يەرلەرنى (ئوسا بولغان يەرلەرنى) تېرىۋاتاتتى. قۇش - قۇزغۇنلار (قۇرت - قوڭغۇزلارنى تېرىپ) يەپ، تۇمەنلىگەن جانلىقلارنى ئۆلتۈرۈۋاتاتتى. تېرىقچىلىق قىلىپ، نۇرغۇن جانلىقلارنى ... قۇشچى، كېيىكچى، بېلىقچى، ئۇۋچى، تورچى، تۇزاقچى

(2) ھەممىسى يامان ئىشلارنى قىلىپ، جانلىقلارنى ئۆلتۈرەتتى، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر چاق بىلەن يۈك، كەندىر ئېگىرىپ بۆز قارس[2] توقۇۋاتاتتى، يەنە ھەر خىل (ھۈنەر) ئۇستىلىرى ئۆز ھۈنەر ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى. (كىشىلەر) خىلمۇخىل جاپالار تارتىۋاتاتتى. (ئۇ) يەنە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ...

(3) ئات، كالا، چوقار[3] (؟)، قوي، چوشقا قاتارلىق ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈپ قانلىرىنى دەريا (سۇيىدەك) ئېقىتىۋاتقانلىقىنى، (ئۇلارنىڭ) تېرىسىنى سويۇپ، گۆش، قانلىرىنى سېتىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى بېقىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇدساتۋا تىگىن بۇ ئەل - خەلقنىڭ يامان قىلمىشلار قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىنتايىن غەم - قايغۇلۇق

---

① بۇ، بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى ئەسەر بولۇپ، بۇ ھېكايىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسى 1908 - يىلى فرانسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى پېللىيوت تەرىپىدىن دۇنخۇاڭدىكى مىڭئۆيلەردىن تېپىلىپ ئىلىم دۇنياسىغا ئاشكارىلانغان.

② قارس — بىر خىل رەخت.

③ چوقار — بىر خىل ھايۋان نامى بولسا كېرەك.

(4 ) بولۇپ ، يىغلىغىنىچە شەھەرگە قايتىپ كىردى . شۇ چاغدا
ماھارىت ئىلىگ ئاق نىيەت تىگىنىنىڭ قايغۇلۇق (قىياپىتىنى ) كۆرۈپ
مۇنداق دېدى : «ئامراق ئوغلۇم ، نېمە ئۈچۈن ھەسرەت چېكىپ قاي-
تىپ كەلدىڭىز ؟» تىگىن ئاتىسى خانغا يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى :
«بۇ نېمىدېگەن ئازابلىق دۇنيا ! (مەن ) نېمىشقىمۇ
(5 ) تۇغۇلۇپ قالغاندىمەن !؟ » ئاتىسى خان مۇنداق دەپ سورى-
دى : «نېمىشقا يىغلاپ ، ھەسرەت چېكىپ قايتىپ كەلدىڭ ؟» تىگىن
مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى : «تاشقىرىغا سەيلىگە چىققانىدىم ، نۇرغۇن-
لىغان نامرات ، جاپاكەش جانلىقلارنى كۆرۈپ يىغلىدىم . » ئاتىسى خان
مۇنداق دېدى : «ئامراق قوزام ، يەر ـ جاھان پەيدا بولغاندىن
(6 ) بېرى بايمۇ بار ، گادايمۇ بار . سەن (ئۇلارنىڭ ) قايسى
بىرىنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرىسەن ؟ » تىگىن مۇنداق دېدى : «ئاتام جاناب-
لىرى ، مېنى سۆيەمسىز ؟ » ئاتىسى ئىلىگ مۇنداق دېدى : «ئامراق
قوزام ، سېنى شۇنداق سۆيىمەنكى ، خۇددى ئالىقىنىمدىكى ئۈنچە ـ
مەرۋايىتتەك ، كۆزۈمنىڭ ••• »
(7 ) كۆڭلىدىكىچە بەردى . (ئاق نىيەت تىگىنىنىڭ ) ياخشى نام-
شۆھرىتى ھەممە تەرەپكە تارقالدى . ھەر كۈنى تىلەمچىلەرنىڭ (ئايد-
غى ) ئۈزۈلمىدى . (ئۇ ئاتىسى خاندىن ) يەنە باشقا خەزىنىنى تەلەپ
قىلىپ ئالدى . (تىلەمچىلەرگە ) يەنە (تارقىتىپ ) بەردى . كۈنگە ،
ئېيىغا مۇشۇنچىۋالا بېرىۋېرىپ ، خەزىنىدىكى مال ـ دۇنيا ئازغىنا
قالدى . شۇ چاغدا خەزىنىلەر باشلىقى خانغا مۇنداق دەپ ئۆتۈندى :
«تەڭرىم ، خەزىنە قۇرۇپ قالغىلىۋاتىدۇ . مال ـ دۇنيا تۈگەپ كەتسە ،
(8 ) بىز گۇناھقا پېتىپ قالمايلى . » ئاتىسى خان مۇنداق يارلىق
قىلدى : «ئاتا مال (دۇنيا ) يىغسا ، ئوغلى ئۈچۈن دېمەمدۇ ؟
« (تىگىنىنىڭ ) خالىغىنىچە بېرىڭلار ، كۆڭلىنى ئاغرىتماڭلار . » شۇ-
نىڭدىن كېيىن كۈنگە توختاتماي بېرىۋەردى . شۇ چاغدا (خاننىڭ )
ئىنانچىلىرى ، بۇيرۇقلىرى بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ خانغا مۇنداق دەپ

(9) ئۆتۈندى : «تەكرىم ، دۆلەتنى ، قانۇننى مال ـ دۇنيا تۇتۇپ تۇرىدۇ . مال ـ دۇنيا تۈگەپ كەتسە ، دۆلەتنى ، قانۇننى قانداقمۇ تۇتۇپ تۇرالايمىز؟ » شۇ چاغدا ئاتىسى خان مۇنداق يارلىق قىلدى : ئامراق قوزامنىڭ كۆڭلىنى نېمىشقا ئاغرىتىمەن . خەزىنىچىلەر بىر مەزگىل باشقا (ياققا)

(10) كېتىپ تۇرسۇن . (ئوغلۇم) ئۆزى (ئەھۋالنى) چۈشىنىۋېلىشى مۇمكىن . » شۇنىڭدىن كېيىن تىلەمچىلەر كېلىپ خەزىنىچىلەرنى تاپالمىدى . تىلەمچىلەر سەدىقە ئالالماي يىغلىشىپ قايتسا ، تىگىنمۇ يىغلىغىنىچە قالاتتى . شۇنىڭدىن كېيىن تىگىن مۇندان ئويلىدى : «خەزىنە بولسا ،

(11) مېنىڭكى . ئاتام خان خەقنىڭ گېپىدىن قورقۇپ شۇنداق يارلىق قىلغان بولۇشى مۇمكىن . ئاتا ـ ئانا كۆرۈنەر تەنلىك بۇرخان دېيىلىدۇ① . قايسى كىشى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتسا ، دوزاخقا چۈشىدۇ ، (ئاتا ـ ئانىسىنىڭ) پەرزەنتى ھېسابلانمايدۇ . مەن ئەمدى ئاتا ـ ئانامنىڭ كۆڭلىنى

(12) ئاغرىتماي . ئاتام ئىلىگمۇ (خەقنىڭ) گېپىگە قالمىسۇن . ئۆز تىرىشچانلىقىم بىلەن ياخشى ئىشلارنى قىلاي . » شۇنىڭدىن كېيىن (ئۇ) يۇزلۇك ـ ئابرۇيلۇق (كىشىلەردىن) : «قانداق قىلغاندا كۆپ مال ـ دۇنيا يىغقىلى بولىدۇ؟ » دەپ سورىدى . ئابرۇيلۇقلار (مال ـ دۇنيا)

(13) تېپىشنىڭ خىلمۇخىل (ئۇسۇللىرىنى) ئېيتىپ بەردى . بىرى : (مال ـ دۇنيا) تېپىشتا تېرىقچىلىق قىلىشتىن ياخشىسى يوق . كىمكى بىر قېتىم زىرائەت تېرىسا ، مىڭلاپ ـ تۈمەنلەپ (ھوسۇل) ئالىدۇ» دېدى . بىرى : «قوي ، يىلقا باقسا ، يىلىغا كۆپىيىپ باي بولغىلى بولىدۇ» دېدى . بىرى : «شەرق (ۋە) غەرب (ئەللىرى)

---

① بۇ جۈملىنىڭ مەنىسى «ئاتا ـ ئانا يېرىم خۇدا» دېگەنگە توغرا كېلىدۇ . «ئاتا ـ ئانا» سۆزى ئەسلىي تېكىستتە «ئۆگ قاڭ» دەپ يېزىلغان .

ئوتتۇرىسىدا قاتناپ سودىگەرچىلىك
(14) قىلسا، باي بولغىلى بولىدۇ» دېدى. يەنە بىر دانىشمەن
(ۋە) نوم بىلىدىغان ئادەم مۇنداق دېدى: «(كىمكى) مال - دۇنيا
تېپىش ئۈچۈن دېڭىزغا كىرىپ، كۆڭلىدىكى ئارزۇسىنى قاندۇرۇشنى
ئويلىسا (ۋە) بىباھا چىنتەمەنى ئەڭگۈشتىرىنى تاپسا، يەر يۈزىدىكى
(15) بارلىق جانلىقلارنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرالايدۇ.» شۇنداق
قىلىپ، تىگىن باشقا ھەممە چارىلەرنى ماقۇل كۆرمەي، پەقەت دېڭىز-
غا كىرىدىغان (چارىنى) لايىق كۆردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاتىسى
ئىلىگكە «دېڭىزغا كىرەي» دەپ ئىلتىماس قىلدى. ئاتىسى خان
(ئۇنىڭ) ئىلتىماسىنى ئاڭلىغان ۋاقتىدا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىنى
بىلەلمىدى، ئىنتايىن
(16) قايغۇردى. كېيىن، ئوغلى تىگىنگە مۇنداق دېدى: «ئام-
راق قوزام، ئەلدە قازانغانلىرىمىنىڭ (ھەممىسى) سىزنىڭ ئەمەسمۇ؟
ئەمىسە سىز خالىغىنىڭىزچە ئىلىڭ، ھەممىنى سەدىقە قىلىپ بېرىڭ.
نېمە ئۈچۈن ئۆلىدىغان يەرگە بارماقچى بولىسىز؟ دېڭىزغا كىرسىڭىز
بەش تۈرلۈك
(17) خەۋپ بار: بىرىنچى خەۋپ شۇكى، يىرتقۇچ بېلىقلار
سەگەك بولۇپ، ئېھتىيات قىلماي (دېڭىزغا) چۈشكەن ھەممىنى كېمە
بىلەن يۇتۇۋېتىدۇ. ئىككىنچى، سۇدا سۇ ئۆڭلۈك تاغلار بار (بولۇپ)،
كېمە سوقۇلۇپ غەرق بولىدۇ، ھەممە كىشى ئۆلىدۇ. ئۈچىنچى،
سۇدىن جىنلار چىقىپ، كېمىنى ئۇرۇپ سۇغا چۆكتۈرۈۋېتىدۇ. تۆ-
تىنچى، زور قايىنامغا
(18) كىرگۈزۈۋېتىدۇ. سۇ دولقۇنلاپ (دولقۇنلار) سوقۇۋېتى-
دۇ. بەشىنچى، بۇ يىل خۇددى ئاسمان يېرىلىپ كېتىدىغاندەك قور-
قۇنچلۇق يىل تۇرىدۇ. كېمە ئاغدۇرۇلۇپ (ھەممە) ئۆلىدۇ. سىز
مۇشۇنداق قورقۇنچلۇق خەۋپ ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىسىز، بىزنى بىچارە
قىلىپ قويىسىز». بۇدساتۋا تىگىن ئاتىسى خاندىن بۇ سۆزلەرنى

ئاڭلاپ :
(19) «ماڭا ئىجازەت بېرىڭ ، (مېنى) تۇسماڭ ، (مەن دېڭىز-
غا) باراي» دەپ ئۆتۈندى . ئاتىسى خان ئۇنىمىدى ، «بارمايسەن»
دېدى . شۇنىڭدىن كېيىن تىگىن بېشىنى ساڭگىلىتىپ يىغلاپ ، يەردە
يېتىۋېلىپ ، ئورنىدىن تۇرغىلى ، تاماق يېگىلى ئۇنىمىدى ، «مېنى
ئەۋەت» دېدى . «ئەگەر ماڭا رۇخسەت قىلمىساڭ ، بۇ يەردىن تۇراماي-
مەن ، تاماقمۇ يېمەيمەن ، ئۆلۈۋالىمەن»
(20) دېدى . شۇنداق قىلىپ ئالتە كۈن ئۆتتى . ئاتا - ئانىسى ،
(ئوردىنىڭ) يۇزلۇكلىرى ، ئابرۇيلۇقلىرى يىغلاشتى - قاقشاشتى ،
(لېكىن ئۇ ئورنىدىن) تۇرغىلى زادى ئۇنىمىدى . شۇ چاغدا ئاتا -
ئانىسى مۇنداق دېدى : «بىز ئۆزىگە ياخشى بولسۇن دەپ نەسىھەت
قىلىۋاتىمىز . (ئۆزى) ئۇنىمىسا ،
(21) نېمە پايدىسى بار» . تىگىن مۇنداق دەپ ئۆتۈندى . «ئەج-
دىهالار خانىدا چىنتەمەنى ئەڭگۈشتىرى بار . قايسى بەخت - تەلەيلىك
كىشى شۇ ئەڭگۈشتەرنى تاپسا ، بارلىق جانلىقلارغا پايدا - مەنپەئەت
يەتكۈزەلەيدۇ . (مەن) شۇنىڭ ئۈچۈن دېڭىزغا كىرمەكچى بولۇۋاتى-
مەن .» شۇ چاغدا ئاتىسى خان :
(22) «دېڭىزغا بارىمىز دېگۈچىلەر (ئوردىغا) كىرسۇنلار ، ئوغ-
لۇمغا ھەمراھ بولسۇنلار ، نېمە كېرەك بولسا ، ھەممىسىنى بېرىمىز .
يەرچى[1] ، سۇچى[2] ، كېمىچى بولسا كەلسۇن ، تىگىننى (دېڭىزغا
ئاپىرىپ) ئامان - ئېسەن قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلسۇن» دەپ يارلىق
چۈشۈردى . بۇ يارلىقنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بەش يۈز
(23) سودىگەر يىغىلىپ (ئوردا) ئىچىگە : «ھەممىمىز (تىگىن
بىلەن بىللە) بارىمىز . ئۆلسەك بىللە ئۆلىمىز ، كەلسەك بىللە كېلى-

① يەرچى — يول بىلگۈچى ، يول باشلىغۇچى مەنىسىدە .
② سۇچى — دېڭىزچى ، سۇ يولىنى بىلگۈچى .

مىز » دەپ ئىلتىماس سۇندى . شۇ چاغلاردا باراناس[1] دۆلىتىدە ياخشى (ۋە) باتۇر يەرچى ، سۇچى بار ئىدى. ئۇ نەچچە

(24) قېتىم بەش يۈز كىشى بىلەن دېڭىزغا كىرىپ ، ئامان-ئېسەن قايتىپ كەلگەنىدى . (ئۇ) سەكسەن ياشلىق بوۋاي بولۇپ ، ئىككى كۆزى كۆرمەيتتى . ئۇ بەش يۈز ئەرنىڭ ھەممىسى ئۇ قارىغۇ بوۋايغا ئۆتۈندى. بۇ چاغدا

(25) تىگىن ئۆزى (بوۋاينىڭ) يېنىغا بېرىپ ، قولىدىن يېتى-لەپ ، ئاتىسى خان ئالدىغا ئېلىپ كىردى. ئاتىسى خان (بوۋايغا) مۇنداق يارلىق قىلدى : «بىر دىنىبىر ئامراق ئوغلۇمنى سىزگە تاپشۇرد-مەن . ئامان - ئېسەن قايتۇرۇپ ئېلىپ كېلىڭ .» ئۇ بوۋاي يىغلاپ تۇرۇپ خانغا مۇنداق دېدى :

(26) «تەڭرىم ، نېمە ئۈچۈن تەڭرىدەك ، گۆھەردەك ئوغلىڭىز-نى ئۆلۈم يېرىگە ئەۋەتىسىز ؟ ئۇ دېڭىزنىڭ سۈيى ئىنتايىن قورقۇنچ-لۇق (ۋە) خەتەرلىك . نۇرغۇن جانلىقلار بېرىپ ئۆلگەن . (تىگىن) بارسا مۇۋاپىق بولارمۇ ؟

(27) خەلقنىڭ ھەممىسى تىگىن ئۈچۈن قايغۇرۇۋاتىدۇ» . ئاتى-سى خان يەنە مۇنداق دەپ يارلىق قىلدى : « (تىگىننى) توسۇۋالمى-دىم . كۈچۈم يەتمىدى ، ئامالسىزلىقتىن ئەۋەتتىۋاتىمەن . ئەمدى سىز غەيرەت قىلىڭ ، يول باشلاپ بىللە بېرىڭ .» بوۋاي ھەممە ھۆرمەتلى-گەنلىكى ئۈچۈن يەرچى

(28) بولدى . ئاتىسى خان تىگىننىڭ تەييارلىقىنى قىلدى. بەش يۈز كىشىنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى ، ئات - ئۇلىغى ۋە كېرەكلىك نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بېرىپ ، ئۈزىتىپ قويدى . شۇ چاغدا (ئاق نىيەت تىگىننىڭ) ئىنىسى قارا نىيەت تىگىن مۇنداق ئويلىدى : «ئاتا - ئانام تىگىنگە

---

① باراناس — ئۆز زامانىسىدا ھىندى يېرىم ئارىلىدىكى بىر دۆلەتنىڭ نامى .



(29 ) ئامراق ، مېنى ئۆچ كۆرىدۇ . ئەمدى ئاكام دېڭىزغا بېرىپ ئەڭگۈشتەرنى ئېلىپ كەلسە ، تېخىمۇ قەدىرلىك بولۇپ كېتىدۇ ، مەن تېخىمۇ قەدىرسىز بولۇپ قالىمەن . ئەمدى (ئاكام ) بىلەن بىللە باراي . » شۇنىڭدىن كېيىن (ئۇ) ئاتىسى خانغا مۇنداق دەپ ئۆتۈندى : «ئاكام تىگىن ئۆلۈم يېرىگە كېتىۋاتىدۇ .

(30 ) مەن نېمىدەپ قېپقالىمەن؟ تەڭرىم ، مەنمۇ باراي ، ياخ-
شى- يامان ئەھۋاللار بولۇپ قالسا ئاكام بىلەن بىللە بولاي» . ئاتىسى
(بۇ ) ئوغلىنىڭ قىلمىشى يامان بولغانلىقى ئۈچۈن (ئۇنى ) سۆيمەيد-
تى . شۇڭا ، «بارساڭ بارغىن» دېدى . (شۇنداق قىلىپ ) ئاتىسى خان
(ۋە ) خەلق يىغىلىشىپ

(31 ) ئاق نىيەت تىگىننى دېڭىزغا ئۇزىتىپ قويدى . (ئۇلار )
دېڭىزغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ، (دېڭىز بويىدا ) يەتتە كۈن تۇرۇپ
كېمە ياسىدى ، يەتتە تۆمۈر قۇلۇپ بىلەن كېمىلەرنى قۇلۇپلاپ قويدى .
يەتتىنچى كۈنى تاڭ ئاتقاندا ، ئاق نىيەت تىگىن چوڭ

(32 ) دۇمباق چالغۇزۇپ ، مۇنداق دەپ يارلىق قىلدى :
« (ئەمدى ) دېڭىزغا كىرىسىزلەر . كىم ئۆلۈم خەۋپىدىن قورقسا ، ئۆز
يولىغا كېتىۋەرسۇن ، مەن سىلەرنى مەجبۇرلىمايمەن .» تىگىننىڭ
يارلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھېچكىم ئايرىلىپ چىقمىدى . كۈنگە

(33 ) مۇشۇنداق دۇمباق چېلىپ يارلىق قىلىپ ، ھېچكىم ئۇنى-
دىمىگەندىن كېيىن يەتتىنچى كۈنى تۆمۈر قۇلۇپنى ئاچتى . تۆمۈر
ئارغامچىلارنى يەشتى . تىگىن بەخت - تەلەيلىك (بولغىنى ) ئۈچۈن
بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا مەرۋايىتلىق ئارالغا خېيىمخەتەرسىز يېتىپ
باردى . يەتتە كۈن ئۇ يەردە

(34 ) دەم ئالدى . يەتتىنچى كۈنى ئاجايىپ (ئېسىل ) گۆھەر ،
مەرۋايىتلارنى كېمىگە توشقىچە قاچىلاپ ، تېگىن مۇنداق دەپ يارلىق
قىلدى : «ئەمدى مەن بۇ گۆھەرلەر بىلەن قايتسام ، بارلىق جانلىقلارغا
كۆپ پايدا - مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيمەن . سىلەر قايتىڭلار ، مەن بۇنىڭ-
دىنمۇ

(35 ) ياخشىراق بولغان چىنتەمەنى ئەڭگۈشتىرىنى ئالغىلى با-
راي ، جانلىقلارغا تەلتۆكۈس پايدا - مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان بولاي» .
شۇنىڭدىن كېيىن قېرىندىشى قارا نىيەت تىگىنگە نەسىھەت قىلىپ
(ۋە ) ئۇنىڭغا كېمىلەرنى تاپشۇرۇپ قايتۇردى . تىگىن بىلەن يەرچى

بوۋاي
ئىككىسىلا قالدى . شۇ چاغدا ئاق نىيەت تىگىن يەرچى (36)
بوۋاينىڭ قولىدىن يېتىلەپ بەلگىچە ، بوغۇزغىچە (كېلىدىغان ) سۇدا
يەتتە كۈن مېڭىپ ، كۆمۈشلۈك ئارال تاغقا يېتىپ كەلدى . (ئۇ
ئارالنىڭ ) يېرى ، قۇمى ھەممىسى كۆمۈش (ئىدى ) . شۇنىڭدىن
كېيىن ئۇلار دەم ئالماقچى بولدى . شۇنداق قىلىپ ،
بوۋايغا ھاردۇق يەتتى ، ماغدۇرى كەتتى ، قىمىرلاشقىمۇ (37)
ھالى يەتمىدى . شۇنىڭدىن كېيىن تىگىنگە مۇنداق دېدى : «ئوغلۇم ،
بۇندىن نېرىدا شەرق تەرەپتە ئالتۇن تاغ (ئارال ) بار . كۆرۈنۈۋاتام-
دۇ ، قاراپ بېقىڭ .» بوۋاي (يەنە ) مۇنداق دېدى : «ئالتۇن
تاغقا بارسىڭىز ، كۆك نىلۇپەر گۈلىنى كۆرىسىز . ھەربىر (38)
نىلۇپەر گۈلىدە بىردىن زەھەرلىك يىلان بار . (ئۇلارنىڭ ) زەھەرلىك
نەپسى يىراقتىنلا بىلىنىپ تۇرىدۇ . ئەگەر ھەربىر نىلۇپەر گۈلىدىن
تۇتۇن چىقسا (ئۇ ) ئىنتايىن يامان خەۋپ دېيىلىدۇ .
ئۇ نىلۇپەرلىك يولنى بېسىپ ئۆتەلىسىڭىز ، ئەجدىھا (39)
خانىنىڭ گۆھەرلىك ئوردىسىغا يېتىپ بارىسىز . ئۇ ئوردا ئەتراپىدىكى
يەتتە قات خەندەك ئىچىدە زەھەرلىك ئەجدىھالار ، يىلانلار ياتىدۇ . ئۇنى
بۆسۈپ ئۆتەلىسىڭىز ، ئوردا ئىچىگە كىرەلەيسىز ، ئەجدىھا
خانىغا كۆرۈنىسىز ، ئەڭگۈشتەرگە ئىگە بولىسىز . مەن (40)
ئەمدى ئۆلىمەن . سىز يالغۇزغىنا قالىدىغان بولدىڭىز . تەڭرىم ،
قورقماڭ ، غەم قىلماڭ ، ئامان - ئېسەن يېتىپ بارىسىز . ئەگەر سىز
قايسى كۈنى بۇرخان بەختىنى تاپسىڭىز مېنى تاشلىۋەتمەڭ (ئۇنتۇپ
قالماڭ )» . بوۋاي ياخشى ، پېشقەدەم يولچى - يەرچى بولۇپ ...
-غا (- گە ) يېتىپ باردى . دەرۋازىدا ئىككى پاكىز (41)
قىز تۇراتتى . (ئۇلار ) قوللىرى (بىلەن ) گۆھەرلىك يىپ ئېگىرىۋا-
تاتتى . تىگىن (ئۇلاردىن ) : «سىلەر كىم (بولىسىلەر ) ؟» دەپ سو-
رىدى . قىزلار : «دەرۋازىۋەنمىز» دېدى . شۇنىڭدىن كېيىن تىگىن

شەھەر ئىچىگە كىردى (ۋە) شەرقىي
(42) دەرۋازىغا باردى. (ئۇ يەردە) تۆت چىرايلىق دېدەك ئاق كۆمۈش يىپ ئېگىرىۋاتاتتى ۋە بۇ دەرۋازىنى كۆزىتىپ تۇراتتى. تىگىن سورىسا، (ئۇلار): «بىز دەرۋازىۋەن دېدەكلەرمىز» دېيىشتى. شۇ-نىڭدىن كېيىن تىگىن تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئوردا دەرۋازىسىدىغا يېتىپ باردى. ئۇ دەرۋازىدا سەككىز چىرايلىق
(43) (ۋە كىشى) ھەيران قالغۇدەك پاكىز قىز سېرىق ئالتۇن يىپ ئېگىرىۋاتاتتى. تىگىن ئۇلارنىڭ گۈزەللىكىگە ھەيران قېلىپ: «سىلەر ئەجدىھالار خانىنىڭ مەلىكىلىرىمۇ؟» دەپ سورىسا، «ئۇلار «بىز ئوردا دەرۋازىسى كۈزەتچىلىرىمىز» دېيىشتى. شۇنىڭدىن كې-يىن تىگىن (ئوردا) ئىچىگە مۇنداق ئىلتىماس
(44) سۇندى: «بۇ چامبۇدىۋىپ يېرىدىكى باراناس دۆلىتى خا-نىنىڭ ئوغلى ئاق نىيەت تىگىن دەرۋازا ئالدىدا ئىچكىرىگە كۆرۈنگىلى (خانىنىڭ قوبۇل قىلىشىنى) كۈتۈپ تۇرىدۇ.» دەرۋازىۋەن دېدەكلەر ئوردا ئىچىگە كىرىپ (تىگىنىنىڭ) ئىلتىماسىنى (خانغا) مەلۇم قىلدى.
(45) ئەجدىھالار خانى مۇنداق ئويلىدى: «ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك (ۋە) بەختلىك بودىساتۋالاردىن بولمىسا، بۇ يەرگە ھەرگىز كېلەلمىگەن بولاتتى. ئۇ (جەزمەن) بودىساتۋا بولۇشى مۇمكىن.» ۋە «كىر-سۇن» دەپ يارلىق قىلدى. شۇ چاغدا تىگىن (ئوردا) ئىچىگە كىردى. ئەجدىھالار خانى
(46) (ئۇنىڭ) ئالدىغا چىقتى (ۋە) قولىنى تۇتقىنىچە (ئوردى-غا) ئېلىپ كىرىپ، ئەڭگۈشتەرلىك تەخت ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى. تىگىن ئەجدىھالار خانىغا لەززەتلىك، ئېسىل نوم تەپسىر قىلىپ بەردى. ئۇلۇغ شادمان كۆڭۈل بىلەن سەدىقە بەرمەكنىڭ پايدىسىنى سۆزلىدى. ئۇ ئەجدىھالار خانى ئىنتايىن
(47) سۆيۈندى، (كۆڭلى) سۇزۇلدى (ئېچىلدى). (ئۇ) مۇنداق دېدى: سىزگە نېمە كېرەك بولۇپ قالدى؟ نېمە ئۈچۈن بۇنچە-

ۋالا جاپا چېكىپ بۇ يەرگە كەلدىڭىز ؟ » بۇدساتۋا تىگىن مۇنداق دېدى :
«بۇ جاھاندىكى بارلىق جانلىقلار ئۈچۈن بۇرخان بەختىنى
(48 ) تىلەپ ، نامرات ـ بىچارە جانلىقلارغا پايدا ـ مەنپەئەت
يەتكۈزۈش ئۈچۈن چىنتەمەنى ئەڭگۈشتىرىنى تىلەپ ، سەدىقە ئېلىشقا
كەلدىم . » ئەجدىھالار خانى مۇنداق دېدى : « (سۆزلىرىڭىز ) يارايدۇ .
بۇرۇنمۇ سىزگە ئوخشاش بۇدساتۋالار
(49 ) ئەڭگۈشتەر تىلەپ ، سەدىقە ئېلىشقا كەلگەنىدى . ھەممى-
سىگە بېرىپ يولغا سالغاندۇق . سىزگىمۇ بېرىمىز . بۇ يەردە يەتتە
كۈن تۇرۇڭ ، بىز سىزگە نوم تەپسىر قىلىپ بېرەيلى. بىز سىزگە ئىخلاس
قىلايلى ، سىزنى ھۆرمەتلەيلى . بىزگە پايدا ـ مەنپەئەت
(50 ) يەتكۈزۈڭ . يەتتىنچى كۈنى ئەڭگۈشتەرنى ئېلىپ قايتىڭ . »
شۇنىڭ بىلەن ئاق نىيەت تىگىن يەتتە كۈن ئەجدىھالار خانىنىڭ ھۆر-
مەتلەپ ـ قەدىرلەپ كۈتۈشىدىن بەھرىمەن بولدى . يەتتىنچى كۈنى
ئەجدىھالار خانى ناراتا ئاتلىق ئەجدىھالار خانىنىڭ قۇلىقىدىكى چىنتە-
مەنى ئەڭگۈشتىرىنى ئېلىپ سۇندۇرۇپ
(51 ) تىگىنگە بەردى (ۋە ) مۇنداق دەپ بەخت تىلىدى : «مەن
ئۇلۇغ ئارزۇ بىلەن بۇ چىنتەمەنى ئەڭگۈشتىرىنى ئېلىپ سىزگە سەدى-
قە قىلىپ بېرىۋاتىمەن . سىز قاچان بۇرخانا بەختىنى تاپسىڭىز ، مېنى
تاشلىۋەتمەي قۇتقۇزۇۋېلىڭ ، سىزنىڭ شاراپىتىڭىز بىلەن بۇ گۇناھ-
لىق جېنىمدىن
(52 ) قۇتۇلاي ، قۇتۇلۇش يولىغا ئېرىشەي . » شۇنىڭدىن كېيىن
ئەجدىھالار خانى (تىگىننى ) كۆتۈرۈپ دېڭىز قىرغىقىغا چىقىرىپ
قويدى . تىگىن قىرغاققا چىققاندىن كېيىن ئىنىسى بىلەن ئۇچراشتى .
ئىككى قېرىنداش ئامان ـ ئېسەن كۆرۈشۈپ سۆيۈشتى . قۇچاقلاشتى ،
(53 ) يىغلاشتى ، ھەسرەت چېكىشتى ، يەنە خۇشاللىقتا چۆمۈش-
تى ، سۆيۈنۈشتى . شۇنىڭدىن كېيىن (ئاق نىيەت ) تىگىن مۇنداق
سورىدى : «ئامراق قېرىندىشىم ، سېنىڭ بەش يۈز ھەمراھىڭ نەگە

كەتتى ؟ (ئۇلار) ئامان ـ ئېسەن يېتىپ باردىمۇ ؟ » ئىنىسى قارا
نىيەت تىگىن مۇنداق دېدى : «دېڭىز ئىچىدە
(54) (ھەممىسى) ھالاك بولدى ، (ئۇلار) بەخت ـ تەلەيسىز
بولغىنى ئۈچۈن ھالاك بولدى ، ھەممىسى ئۆلدى . » (ئاق نىيەت)
تىگىن (ئىنىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن ) كېيىن قاتتىق قايغۇرۇپ
يىغلىدى . (ئىنىسىدىن ) : «سەن قانداق قىلىپ قۇتۇلۇپ قالدىڭ ؟»
دەپ سورىسا (ئىنىسى ) : «بىر پارچە كېمە سۇنۇقىغا ئېسىلىپ قۇتۇ-
لۇپ چىقتىم» دېدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاكىسى تىگىندىن مۇنداق
دەپ سورىدى : «ئەڭگۈشتەرنى
(55) تاپتىڭىزمۇ ؟» تىگىن راست سۆزلۈك بولغىنى ئۈچۈن
«تاپتىم قەدىرلىكىم» دېدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئىنىسى مۇنداق دې-
دى : «سىز چارچاپ كەتتىڭىز ، بىر ئاز ئۇخلىۋېلىڭ . ئەڭگۈشتەرنى
ماڭا بېرىڭ . مەن ساقلاي» . ئاق نىيەت تىگىن بېشىدىكى ئەڭگۈشتەر-
نى ئېلىپ ئىنىسىگە
(56) بەردى (ۋە) : «ياخشى ساقلىغىن ، ئوغرى ئېلىۋالمى-
سۇن» دەپ تاپىلىدى . (ئاكىسى) ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن ، قارا
نىيەت تىگىننىڭ كۆڭلىگە جىن كىردى . (ئۇ) مۇنداق ئويلىدى:
«ئاتا ـ ئانام ئەزەلدىنلا مېنى سۆيمەي ئاكام تىگىننى سۆيەتتى» .
(57) ئەمدى ئاكام بۇ ئەڭگۈشتەرنى ئېلىپ بارسا ، (قەدرى)
كۆككە يېتىدۇ ، مەن خارلىنىپ يەردىن بېشىمنى كۆتۈرەلمەي قالد-
مەن . ئەمدى بۇنىڭ ئىككى كۆزىنى ئويۇۋېتەي ، (شۇنىڭدىن كېيىن)
نەگە بارالايدۇ ، ئۆزى ئۆلىدۇ» . شۇنىڭدىن ئۇ (ئورنىدىن) تۇرۇپ
ئىككى تال قومۇش تىكەن قىيىپ
(58) (ئاكىسىنىڭ) ئىككى كۆزىگە سانجىۋېتىپ قېچىپ كەت-
تى . شۇ چاغدا ئاق نىيەت تىگىن ئىنىسىنى چاقىرىپ : «ئىنىم ،
نەدىسەن ؟ ئوغرى كېلىپ ئىككى كۆزۈمنى ئويۇۋەتتى» دەپ ۋارقى-
راپ ، (يەردە) بېلىقتەك ئېغىناپ قاتتىق يىغلاپ كەتتى .

(59) ئۇ يەردە بىر پەرىشتە بار ئىدى. (ئۇ) تىگىننىڭ ئازابىنى
كۆرۈپ چىدىيالماستىن ، تىگىنگە مۇنداق دېدى : «ئوغرى دېگىنىڭىز
نېمە دېگىنىڭىز» (ئۇ) ئۆز ئىنىڭىز ، (ئۇ) سىزنى ئۆلسۇن دەپ
شۇنداق قىلىپ قېچىپ كەتتى .
(60) ئەمدى يىغلىماي ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ . مەن سىزگە يول
باشلايمەن ، سىزنى خەلققە يەتكۈزىمەن» . شۇنىڭدىن كېيىن تىگىن
ئورنىدىن تۇردى . پەرىشتە ئۇنىڭغا يولنى ئېيتىپ بەردى . تىگىن
خەلق (ئارىسىغا) يېتىپ باردى .
(61) (قارا نىيەت تىگىن ئاتىسى خانغا) : «مەن مۇشۇنداق
قىلىپ تىرىك قۇتۇلۇپ كەلدىم» دېدى . شۇ چاغدا ئاتىسى خان بۇ
سۆزنى ئاڭلاپ كۆككە قاراپ ھۆركىرەپ يىغلاپ ، ناھايىتى ئېگىز
تەختتىن ئۆزىنى يەرگە تاشلىدى . ھوشسىزلاندى ـ تالدى ، ئۆلۈكتەك
غۇلاپ چۈشتى .
(62) (خان) ئۇزاق ۋاقىتتىن كېيىن ھوشىغا كەلدى . شۇ
چاغدا باراناس دۆلىتىنىڭ ھەممە خەلقى ھەسرەت چېكىپ يىغلاشتى .
شۇ چاغدا ئاتىسى خان يامان قىلمىشلىق ئوغلىدىن مۇنداق گۇمانلاندى
: «ئامراق ئوغلۇم ئۆلگەن بولسا ،
(63) بۇنىڭ يۈزىنى كۆرمەي» (ۋە) «ئوغلۇمنىڭ ياخشى ـ
يامان خەۋىرى كەلگىچە ، بۇ (قارا نىيەت تىگىن) زىنداندا ياتسۇن»
دەپ يارلىق قىلدى . (قارا نىيەت تىگىننىڭ) پۇت ـ قولىنى چىڭ
باغلاپ زىندانغا تاشلىدى . شۇ چاغدا ئاق نىيەت تىگىن
(64) ئۆزىنىڭ بەخت ـ تەلىيى بولغىنى ئۈچۈن ھەزرىتى ۋاخ ـ
شىكىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئۆزىنىڭ قېيناتىسىنىڭ يېرىگە يېتىپ
كەلگەنىدى . ئاتىسى خان (بۇ يەرنىڭ) ئىلىگ خانىنىڭ قىزىنى ئاق
نىيەت تىگىنگە سورىغان (ۋە ئۇلار) بۆشۈكىدىلا قۇدا چۈشۈشكەنىدى .
(ئاق نىيەت تىگىن) شەھەر دەۋازىسىدا
(65) ئولتۇرغان چېغىدا ، خانىنىڭ پادىچىسى بەش يۈز كالىنى

هەيدەپ چىقىپ كەلدى . بۇقىسى ئالدىدا چىقىپ ، تىگىننى يۇمىلىتىپ
ياتقۇزۇپ ، تۆت پۇتىنىڭ ئارىسىغا ئىلىپ تۇردى . (بۇ بىر ) توپ كالا
چىققاندا (هەممىسى ) تىلى بىلەن يالاپ (تىگىنىنىڭ ) ئىككى كۆزىدى-
كى تىكەننى ئىلىپ
(66) تاشلىدى. شۇنىڭدىن كىيىن دەرۋازىۋەن (ئۇنى ) تۇرغۇ-
زۇپ يولنىڭ چىتىگە ئولتۇرغۇزدى . پادىچى (تىگىننى ) كۆرۈپ مۇڭ-
داق سورىدى : «سىز (ئاددىي) كىشىلەردىن باشقا بىر ئىسىلزادىدەك
كۆرۈنىسىز . سىز نىمىشقا مۇشۇنداق ئىچىنارلىق هالغا چۈشۈپ قال-
دىڭىز ؟» تىگىن مۇنداق ئويلىدى :
(67 ) «نەسلىمنى ، ئۇرۇقۇمنى (قوۋمىمنى ) ئىيتىپ بەرسەم
ئىنىم ئۆلىدۇ» . شۇنىڭدىن كىيىن تىگىن: «تۇغۇلغىنىمدىن بىرى
(هىچنىمەم ) يوق نامرات سەدىقىچىمەن (تىلەمچىمەن ) » دىدى . شۇ-
نىڭدىن كىيىن پادىچىنىڭ ئىچى ئاغرىپ (ئۇنى ) ئۆيىگە ئىلىپ باردى
(ۋە ) ئۆيىدىكى چوڭ ـ كىچىكلەرگە : « (ئۇنىڭغا ) ناهايىتى
(68 ) ياخشى قاراڭلار » دەپ تاپشۇردى . (ئۇلار تىگىننى ) بىر
ئايدىن ئارتۇق باقتى . شۇنىڭدىن كىيىن (تىگىن ) يەنە ئاغرىپ قال-
دى . (پادىچىنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئۇنىڭغا ) دوق قىلىپ تاماق بىرىدىغان
بولدى . تىگىن (ئۇلارنىڭ دوق قىلىۋاتقانلىقىنى ) ئۇقۇپ ، كۆڭلى
بۇزۇلدى . شۇنىڭدىن كىيىن پادىچىغا : «مەن كىتەي » دىدى . پادى-
چى : «نىمىشقا كەتمەكچى بولدىڭىز ؟ كۆڭلىڭىزنى
(69 ) كىم ئاغرىتتى ؟كەتمەڭ » دىدى . تىگىن مۇنداق دىدى :
«مىهمان ئۇزاق تۇرسا قاملاشمايدۇ . سىز ماڭا قاياش بولدىڭىز ،
ئەگەر ماڭا قارىتا ياخشى ئويىڭىز بولسا ، ماڭا بىر كۇڭخۇ (قەدىمكى
زاماندىكى بىر خىل ساز) تىپىپ ئەكىلىپ بىرىڭ .
(70 ) (مەن ئۇنى ) قولۇم بىلەن چىلىپ ، ئاغزىمدا ناخشا ئىيى-
تىپ ، ئۆزۈمنى ئۆزۈم باقاي » . ئۇ پادىچى بىر كۇڭخۇ ئەكىلىپ
بەردى (ۋە ) تىگىننى شەهەر ئوتتۇرىسىدىكى تۆت كوچىغا ئاپىرىپ ،

نۇرغۇن جامائەت ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغۇزدى . تىگىن كۆكخۇغا ئىنتا-
يىن ئۇستا ئىدى .

(71) (تىگىن) كۆكخۇنى چېلىپ ، ناخشا ئېيتتى . بارلىق
خەلق ۋە جامائەت (ئۇنىڭ) ناخشىسىنى ئاڭلاپ ، ئىچى سىيرىلىپ
يىغلاپ كەتتى . (ئۇنىڭ) ئەتراپىغا ئادەم تولۇپ كەتتى . كىشىلەر ھەر
كۈنى لەززەتلىك تائاملار كەلتۈرۈپ ، ئۇنى باقتى . شۇ شەھەردە قانچە
بىچارە

(72) تىلەمچى بولسا ، ھەممىسى ئۇ يەرگە يىغىلدى . تىگىن
شۇ يەردە بەش يۈز تىلەمچىنى باقتى . ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاش -
تاماققا ئېرىشتى . شۇ چاغدا (تىگىننىڭ) قېيناتىسى خاننىڭ باغۋىنى
تىگىننى كۆرۈپ مۇنداق ئويلىدى : «خان بېغىنىڭ ئېسىل مېۋىلىرىنى
قۇشلار چوقۇۋەتكەنلىكى

(73) ئۈچۈن دائىم جازاغا ئۇچراۋاتىمەن . ئەمدى بۇ يىگىتنى
ئېلىپ كېتەي ، ئۇ بېغىمنى كۆزەتسۇن . (مەن ئۇنىڭغا) شۇ يەردە
غەمخورلۇق قىلاي» . شۇنىڭدىن كېيىن باغۋان تىگىننى ئېلىپ كەت-
مەكچى بولغىنىنى ئېيتتى . تىگىننىڭ يېنىدىكى ...

(74) (جازاغا) ئۇچرايدىغانلىقى ئۈچۈن غەم قىلىپ شەھەردىكى
دانىشمەنلەردىن سورىسا ، ھېچكىم كەسكىن جاۋاب بېرەلمىدى . نۇر-
غۇنلىغان دانا كىشىلەر مۇنداق دېيىشتى : «ھېلىقى قارىغۇ كىشى
ناھايىتى ئەقىللىق كۆرۈنىدۇ . شۇنىڭدىن سوراپ بېقىڭ» ، ئۇ باغۋەن
قارىغۇ كىشى ...

(75) «ئاپىرىڭ ، شۇ يەردە ئامال - چارە ئېيتىپ بېرىمەن .
مېۋىلىرىڭىزنى قۇش - قۇزغۇنلار چوقۇۋەتمەيدۇ» . باغۋەن «سىزنى
ئاپىراي» دېدى . شۇنىڭدىن كېيىن تىگىن بەش يۈز تىلەمچىنىڭ ئاش-
سۇيىنى (يېمەك - ئىچمىكىنى)

(76) تون - ئۆتۈكىنى (كىيىم - كېچىكىنى) تولۇق قىلىپ
بېرىپ ، ھەممىسىگە مۇنداق نەسىھەت قىلدى : « (مەن بۇنىڭدىن كې-

يىن ) ئىككىنچىلەپ سىلەر بىلەن كۆرۈشەلمەيمەن . قاچان بۇرخان
بەختىنى تاپسام ، ئاندىن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنى قۇتقۇزىمەن » .

(77 ) شۇ چاغدا بۇ بەش يۈز تىلەمچى (تىگىننىڭ ) بۇ سۆزىنى
ئاڭلاپ ، خۇددى موزىيىنى يىتتۈرۈپ قويغان ئىنەكتەك ھۆركىرەپ
يىغلاپ مۇنداق دېيىشتى : « (سىز ) ئانا ، ئاتىسىزغا ئاتا بولغانىدىڭىز ،
ئەمدى بىزنى بىچارە

(78 ) دەردمەن قىلىپ نەگە كېتىسىز . » تىگىن مۇنداق دېدى :
«بۇ جاھاننىڭ قانۇنى مۇشۇنداق . ئامراقلار بەربىر يەنىلا ئايرىلىدۇ .
سۆيگۈ يىپى (رىشتىسى ) يەنىلا يېشىلىدۇ (ئۈزۈلىدۇ ) » . شۇنىڭدىن
كېيىن تىگىن ئۇ

(79 ) باغۋەن بىللە كەتتى . باغقا يېتىپ بارغاندىن كېيىن
باغۋەنگە مۇنداق دېدى : «كېرەكلىك مېۋە دەرىخىدىن قانچىسى بولسا ،
ھەربىرىگە بىردىن قوڭغۇراق ئېسىڭ . بىر دەرەخقە بىردىن قوڭغۇراق
ئېسىڭ (ۋە )

(80 ) ئارغامچا باغلاڭ . بارلىق ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى يىغىپ
مېنىڭ قولۇمغا تۇتقۇزۇڭ . قۇش - قۇزغۇنلار قونسا ، ئارغامچىنى
تارتىمەن ، دەرەخلەر لىڭشىيدۇ . قۇشلار قونالمايدۇ . مېۋىلىرىڭىزنى
چوقۇيالمايدۇ » .

## مۇھاكىمە ۋە مەشق

1 . بۇددا دىنى خرىستىئان دىنى ، ئىسلام دىنى بىلەن بىللە ، بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىننىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ . بۇ دىننىڭ ئۆزىگە خاس ئېتىقاد پرىنسىپلىرى ۋە دۇنيا قاراش سىستېمىسى بار . بۇ ھېكايىدىكى ئاق نىيەت تىگىننىڭ ۋۇجۇدى بۇددا دىنىنىڭ ئەڭ تۈپ روھى بىلەن سۇغىرىلغان . بۇنى ئۇنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىدىن ۋە

سۆز ـ مۇئامىلىلىرىدىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . سىلەر «غەربكە ساياھەت» فىلىمىدىكى تاڭ سېڭ ئوبرازىغا سېلىشتۇرۇپ ، ئاق نىيەت تىگىنىنىڭ بۇددا ئەخلاقى ئۇنىڭ قايسى سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدە ئىپادىلەنـگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېقىڭلار .

2 . ئاق نىيەت تىگىنىنىڭ دۆلەت خەزىنىسىنى تىلەمچىلەرگە ئايىماي سەدىقە قىلىشىغا قانداق قارايسىز ؟ سىزنىڭچە ، قانداق قىلسا بولاتتى ؟

3 . ئاق نىيەت تىگىن نېمە ئۈچۈن «نەسلىمنى ، ئۇرۇقۇمنى (قوۋمىمنى ) ئېيتىپ بەرسەم ئىنىم ئۆلىدۇ » دەيدۇ ؟ ئۇنىڭ بۇ خىل پوزىتسىيىسىگە سىز قانداق قارايسىز ؟

4 . تېكىستتە تىرناق [( )] بىلەن قوش تىرناق [« »] ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىلگەن . بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېقىڭ .

# 19 . قارلىق تاغدىن ئۆتۈش

## بابۇر[1]

*بابۇر بىر ئۇلۇغ پادىشاھ ، شۇنداقلا تالانتلىق ئەدىب . بۇ پارچىدا ئۇنىڭ ئىمپېرىيە قۇرۇشتىن ئىلگىرىكى سەرسانچىلىقتا ئۆتكەن يىللاردىكى كەچۈرمىشلىرى خاتىرىلەنگەن . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا كىشىلەردە ئاز كۆرۈلىدىغان قانداق خىسلەتلەر-نىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ باقايلى .*

لەنگەرى مىرغىياستىن چىقىپ ، غەرجىستاننىڭ ياقا يېزىلىرىدىن ئۆتۈپ ، چەخچەرانغا كەلدۇق . لەنگەردىن ئۆتۈپ غەرجىستانغا كەلگى-نىمىزدە ھەممە يەرنى قار باسقانىدى ، ئىلگىرىلىگەنسىرى قار قېلىن-لىشاتتى . چەخچەران زۇنۇن بەگكە تەۋە ئىدى . بۇ يەردە ئۇنىڭ مىرەك جان ئىبردى ئاتلىق نۆكىرى تۇراتتى . زۇنۇن بەگنىڭ ئاشلىقلىرىنى تامامەن ھەق بېرىپ سېتىۋالدۇق . چەخچەراندىن ئىككى - ئۈچ مەن-زىل ئۆتكەندىن كېيىن قار ئىنتايىن قېلىنلىشىپ كەتتى ، قار ئۇزەڭ-گىدىن ئېشىپ كېلەتتى ، بىرمۇنچە يەرلەردە ئاتنىڭ پۇتى يەرگە تەگ-مەي قالاتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە قار داۋاملىق ياغماقتا ئىدى . چەخچەران-دىن ئۆتكەندىن كېيىن قارنىڭ قېلىنلىقىدا يولنىمۇ بىلگىلى بولمايدى-

---

[1] زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر (1483 — 1530 ) — ھىندىستاندىكى تۈرك - موغۇل ئىمپېرىيە-سىنىڭ قۇرغۇچىسى . مەشھۇر ئىمپېراتور ، ھەربىيشۇناس ، ئەدىب . چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان «بابۇرنامە» ناملىق دۇنياۋى كاتتا ئەسەرنىڭ ئاپتورى . بۇ پارچە ئۇنىڭ بىيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1992 - يىلى نەشر قىلغان شۇ ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى . ماۋزۇ تۈزگۈچىلەر تەرىپىدىن قويۇلدى .

غان بولۇپ قالدى. لەنگەرى مىرغىياس تەۋەسىدە ۋاقتىمىزدا كابۇلغا قايسى يول بىلەن كېتىشنى كېڭەشكەندۇق. مەن ۋە كۆپچىلىك بەگلەر بىردەك: «قىش ۋاقتى، تاغ يولىدا خەتەر كۆپ. قەندەھار يولى بىرئاز يىراق بولسىمۇ، خەتەرسىز كەتكىلى بولىدۇ» دېدۇق. لېكىن، قاسىم بەگ: «ئۇ يول يىراق، مۇشۇ يول بىلەن ماڭايلى» دەپ چىڭ تۇرۇۋالغانلىقتىن بۇ يولدا ماڭغاندۇق. پەشائىلەردىن سۇلتان ئاتلىق بىرى يول باشلىغۇچى ئىدى. ئۇ قېرىلىقىدىنمۇ، ھودۇققانلىقىدىنمۇ ياكى قار قېلىن بولغانلىقىدىنمۇ، ئىشقىلىپ يولنى يوقىتىپ قويۇپ باشلىيالماي قالدى. بۇ يولغا قاسىم بەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن كىرگەنلىكىمىز ئۈچۈن، قاسىم بەگ نومۇسقا چىدىماي ئۆزى ۋە ئوغۇللىرى بىرلىكتە قارنى يېرىپ يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. بۇ كۈن قار بەك قېلىنلىشىپ كەتتى. يولمۇ تونۇغۇسىز ئىدى. ھەرقانچە قىلىپمۇ ماڭالمىدۇق. ئامالسىز كەينىمىزگە قايتىپ بىر ئوتۇنلۇق يەرگە چۈشتۇق. يەتمىش - سەكسەن ئوبدان يىگىتنى كەلگەن ئىزىمىز بىلەن يېنىپ بېرىپ، جىلغىنىڭ ئايىغىدا قىشلىغان ھەزارەلەردىن يول باشلىغۇچى تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتتۇق. ئۇلار كەلگۈچە بۇ يەردە ئۈچ - تۆت كۈن تۇرۇپ قالدۇق. بارغانلارمۇ ياخشى يول باشلىغۇچى تېپىپ كېلەلمىدى. تەۋەككۇل قىلىپ، سۇلتان پىشائىنى ئالدىمىزغا سېلىپ، يول تاپالماي قايتىپ كەلگەن يولغا چۈشۈپ ماڭدۇق. ئۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە شۇنچە كۆپ تەشۋىش ۋە مۇشەققەتلەرنى چەكتۇقكى، ئۆمرۈمدە مۇنداق مۇشەققەتنى ناھايىتى ئاز كۆرگەندىم. مۇنۇ باشلانما بېيىتنى شۇ چاغدا ئېيتقانىدىم:

چەرخنىڭ مېن كۆرمەگەن جەۋرۇ جەفاسى قالدىمۇ،
خەستە كۆڭلۈم چەكمىگەن دەردۇ بەلاسى قالدىمۇ.

(بۇ دۇنيانىڭ مەن كۆرمىگەن جەبىر - جاپاسى قالدىمۇ؟ يارا كۆڭلۈم چەكمىگەن دەرد ۋە بالاسى قالدىمۇ؟)

بىر ھەپتىگە يېقىن قار يېرىپ ماڭدۇق. بىر كۈندە بىر ياكى

بىر يېرىم شەرئىدىن ئارتۇق ماڭالمايتتۇق . قار ياردىغانلاردىن بىرى مەن ئىدىم . ئون - ئون بەش ئىچكىي بىلەن قاسىم بەگ ياراتتى ، قاسىم بەگنىڭ ئىككى ئوغلى — تەڭرى بەردى بىلەن قەنبەر ئەلى ۋە يەنە بىرنەچچە نۆكىرىمۇ بار ئىدى . مۇشۇ ئېيتىلغانلار ياياق يۈرۈپ قار يارار ئىدۇق . بىر ئادەم سەككىز - ئون قارى ئىلگىرى مېڭىپ قار ياراتتى ، قەدەم باسقاندا قار ئادەمنىڭ بېلىگە ، كۆكسىگە كېلەتتى . بىرنەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن ئالدىدىكى ئادەمنىڭ هالى قالماي تۇرۇپ قالاتتى . ئاندىن ئۇنىڭ كەينىدىكى ئادەم ئالدىغا ئۆتەتتى . بۇ ئون - يىگىرمە ئادەم يالاق مېڭىپ ، قارنى يارغاندىن كېيىن ، ئۇ يولدا بىر يۈكسىز ئاتنى يېتىلەپ مېڭىشقا بولاتتى . بۇ ئات ئۈزەڭگىگىچە ، قاپتىلىغىچە قارغا پېتىپ ماڭاتتى ، ئون - ئون بەش قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن ، بۇ بوش ئاتمۇ هالسىزلىشاتتى . ئاندىن بۇ ئاتنى ياقىغا تارتىپ ، يەنە بىر يۈكسىز ئاتنى يېتىلەيتتى . مۇشۇ يوسۇندا بىز ئون - يىگىرمىچە كىشىلا قار ياراتتۇق ، پەقەت مۇشۇ ئون - يىگىرمە ئادەمنىڭ ئاتلىرىلا ئالدىغا يېتىلىنەتتى . باشقا ھەممە ئوبدان - ئوبدان يىگىتلەر ۋە بەگ ئاتالغانلار ئاتلىرىدىنمۇ چۈشمەي ، تەييار ئېچىلغان يولغا چۈشۈپ ، باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ مېڭىشاتتى . باشقىلارنى تەكلىپ قىلىش ياكى زورلاش ۋاقتى ئەمەس ئىدى . ھىممەت ۋە غەيرىتى بارلار ئۆزلۈكىدىن قىلىدۇ . مۇشۇ تەرىقىدە قار يېرىپ يول ئېچىپ ، چۈشكەن يېرىمىزدىن ئۈچ - تۆت كۈندە زىرىرىن ئۆتكىلىنىڭ تۈۋىگە — خەۋالى قۇتى دېگەن غارغا كەلدۇق . شۇ كۈنى قار - شىۋىرغان شۇنداق بولدىكى ، ھەممە ئادەم ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە قالدى . ئۇ تەرەپنىڭ ئاھالىسى تاغدىكى غار - ئۆڭكۈرلەرنى «خەۋال» دەپ ئاتايدۇ . بۇ غارغا يېتىپ كەلگەن ۋاقتىمىزدا شىۋىرغان ئەۋجىگە چىقتى . غارنىڭ قېشىدىلا چۈشتۇق . قار قېلىن ، يول تار ئىدى ، ئېچىلغان يولدىمۇ ئاتلار قىينىلىپ ماڭاتتى . كۈن ئىنتايىن قىسقا بولغىنى ئۈچۈن ، ئالدىدا

ماڭغانلارلا كۆڭنىڭ يورۇقىدا غار ئالدىغا يېتىپ كەلدى ، قالغانلار نامازشام ، خۇپتەنگىچە كەلدى . ئاندىن ھەممە ئادەم توختىغان يېرىگىلا چۈشتى . نۇرغۇن ئادەم ئات ئۈستىدىلا تاڭ ئاتقۇزدى . غار بىر ئاز تاردەك كۆرۈندى . مەن غارنىڭ ئاغزىدا كۆرەك بىلەن قارنى كۆرەپ ، ئۆزۈمگە بىر ئورۇن تەييارلىدىم . قارنى كۆكسۈمگىچە قازساممۇ ، يەرگە يەتمىدى . شامالنى توسقۇدەك بىر دالدا بولدى ، شۇ يەردىلا ئولتۇردۇق . باشقىلار غارغا كىرىك ، دەپ كۆپ زورلىدى ، كىرمى-دىم . «ھەممە ئادەم قار - شىۋىرغان ئىچىدە تۇرغاندا ، مەن ئىسسىق ئۆيدە دەم ئالسام ، ھەممە جاپا - مۇشەققەت چېكمۋاتقاندا ، مەن بۇ يەردە ئۇخلاپ راھەتلەنسەم ، ئادەمگەرچىلىكتىن يىراق ، ھەممىنەپسلىك-كە يات بىر ئىش بولىدۇ . ھەرقانداق جاپا - مۇشەققەت بولسا كۆرەي ، كىشىلەر چىدىغانغا مەنمۇ چىداي . پارسچە ماقالدا «مەرگ بايارلان سۇ-رەست» (دوستلار بىلەن ئۆلۈم بەجايىكى توي) دېگەنىكەن ، دەپ ئويلىدىم . شۇ شىۋىرغاندا ئۆزۈم ياسىغان ئورەكتە ئولتۇردۇم . خۇپ-تەنگىچە قار راسا چاپقۇنلاپ ياغدى . مەن ئېگىشىپ ئولتۇرۇۋالغاند-دىم . ئارقامغا ، بېشىمغا ، قۇلاقلىرىمغا تۆت ئىلىك قار قونۇپتۇ . شۇ كېچىسى قۇلىقىم ئۇششۇپ قالدى . ناماز خۇپتەن مەزگىلىدە غارنىڭ ئىچىنى كۆرۈپ چىققانلار : «غارنىڭ ئىچى ئىنتايىن چوڭ ئىكەن ، ھەممىمىز سىغىدىكەنمىز» دەپ ۋارقىراشتى . بۇنى ئاڭلىغاندىن كې-يىن ئۇستۇمدىكى قارلارنى سىلكىۋېتىپ غارغا كىردىم . غارنىڭ ئەت-راپىدىكى يىگىتلەرنىمۇ چاقىردىم . قىرىق - ئەللىك كىشىگە كەڭتاشا ئورۇن چىقتى . ھەر كىم پىششىق گۆش ، قورۇما گۆش قاتارلىق ئۆزىدە بار بولغان يېمەكلىكلەرنى چىقاردى . شۇنداق قار ۋە شىۋىرغاندا ، ئىنتايىن ئىسسىق ، تىنچ ۋە راھەت يەرگە ئېرىشتۇق .

ئەتىسى قار - شىۋىرغان توختىدى . سەھەر قوزغىلىپ ، يەنە شۇ تەرىقىدە قار يېرىپ يول ئېچىپ ئۆتكەل ئۈستىگە چىقتۇق . يول يەنە ئايلانما - ئايلانما بولۇپ ، يەنە يۇقىرىغا چىقىپ كېتىدىكەن ۋە شۇ



ئۆتكەلنى «كۆتەلى زەررىن» دەپ ئاتايدىكەن. بىز يۇقىرى چىقماي، جىلغىنىڭ تۆۋىنىگە قاراپ چۈشۈپ كەتتۇق. ئۆتكەلنىڭ تۆۋىنىگە چۈشكىچە كۈن كەچ بولدى. جىلغىنىڭ ئىغىزىدا قوندۇق. ئۇ كېچە-سى بەك سوغۇق بولدى. نۇرغۇن كىشىنىڭ پۇت - قوللىرى ئۈششۈ-دى. ئەتىسى جىلغىنىڭ تۆۋىنىگە قاراپ ماڭدۇق. يولنىڭ بۇ يەردە ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، تەۋەككۈل قىلىپ جىلغا تۆۋىنىگە

قاراپ ئىلگىرىلىدۇق . ئىنتايىن تىك ئۇچما يەرلەردىن چۈشتۇق . نامازشام مەزگىلىدە جىلغىنىڭ ئىغىزىغا چىقتۇق . قىرىلاردىن ھېچ- كىممۇ بۇ ئۆتكەلنى مۇنداق قېلىن قار بېسىپ تۇرغاندا ، بۇ يەردىن بىر كىمنىڭ ئۆتۈپ باققانلىقىنى بىلمەيتتى ، بۇ پەسىلدە بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈش كىشىنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەيتتى . گەرچە بىرقانچە كۈن بۇ قېلىن قارنىڭ جاپاسىنى تارتقان بولساقمۇ ، لېكىن دەل مۇشۇ قېلىن قارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزىمىزنى مەنزىلگە يەتكۈزدۇق . ئەگەر مۇشۇن- داق قېلىن قار بولمىسا ، ئانداق يول يوق ئۇچىملاردىن كىم ئۆتەلەيت- تى ؟ ئەگەر مۇنداق قېلىن قار بولمىغان بولسا ئاۋۋالقى تىك ئۇچمىدىلا ھەممەيلەن ئات - تۆگىلىرىدىن ئايرىلغان بولاتتى .

ھەرنىكو بەردى كى دەر شومار ئەست ،

تا دەر نىگەرى سەلاھى كار ئەست .

(يۈز بەرگەن ھەربىر ياخشى - يامانلىق ، تەكشۈرۈپ كۆرسەڭ تۇرمۇش ئۈچۈن خەيرىيەتلىكتۇر .)

ناماز خۇپتەن بىلەن يەكە ئوتلىقىغا كېلىپ چۈشتۇق . يەكە ئوتلىقىنىڭ ئاھالىسى بىز كېلىپ چۈشكەندىن كېيىنلا خەۋەر تاپتى . ئىسسىق ئۆيلەر ، سېمىز قويلار ، ئاتلارغا ئوت - سامان ، قالاش ئۈچۈن ئوتۇن - تېزەك ھەممىسى تەييار ۋە مول ئىدى . شۇنداق سوغۇق ۋە قاردىن قۇتۇلۇپ ، مۇنداق يېزا ۋە ئىسسىق ئۆيلەرنى تېپىپ ، شۇنداق مۇشەققەت ۋە بالالاردىن خالاس بولۇپ ، مۇنداق كۆپ نان ۋە سېمىز قويلارغا ئېرىشىپ ، شۇنداق ھوزۇرلاندۇقكى ، بۇنى پەقەت شۇنداق مۇشەققەتلەرنى كۆرگەنلەرلا بىلىدۇ ؛ بۇ خىل راھەتنى پەقەت شۇنداق بالالارنى باشتىن كەچۈرگەنلەرلا بىلىدۇ . يەكە ئوتلىقىدا خاتىرجەم ، كۆڭۈل توق بىر كۈن تۇردۇق . يەكە ئوتلىقىدىن ئىككى يىغاچ يول مېڭىپ يەنە چۈشتۇق . ئەتىسى روزا ھېيت بولدى . بامىيان بىلەن مېڭىپ شىبەرتۇ ئۆتكىلىدىن ئېشىپ ، جىڭلەككە يەتمەيلا چۈش- تۇق . تۇركمەن ھەزارەلىرى ئۆي ۋە ماللىرى بىلەن بىز ماڭغان

يولنىڭ ئۈستىدىلا قىشلىغانىكەن . ئۇلار بىزنىڭ كېلىشىمىزدىن زادىلا خەۋەر تاپمىغانىكەن ، ئەتىسى مېڭىپ كېلىۋېتىپ ، ئۇلارنىڭ ئىېغىل ۋە كەپىلىرىنىڭ ئارىسىغىلا چۈشتۇق . ئىككى ـ ئۈچ ئىېغىل بۇلاندى ، قالغانلىرى ئۆي ۋە نەرسىلىرىنى تاشلاپ ، بالا ـ چاقىلىرىنى ئېلىپ تاغقا چىقىۋالدى . ئالدى تەرەپتىن بىرنەچچە هەزارەنىڭ ئۆز ئادەملىرىـ نى باشلاپ چۈشۈپ ، ئوق ئېتىپ ئادەملىرىمىزنى ئۆتكىلى قويمايۋاتـ قانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر كەلدى . بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ تېز ئىلگىرىلىـ دىم . بېرىپ قارىسام ، بۇ بىر تارچۇق يەرمۇ ئەمەس ئىكەن . بىرنەچچە هەزارە بىر تاغنىڭ تۇمشۇقىدىن كېلىپ ئوق ئېتىۋاتاتتى . بىزنىڭكىـ لەر هەممىسى بىر يەرگە يىغىلىپ تۇرۇپتۇ . ئوبدان ـ ئوبدان يىگىتـ لەر دۈشمەننىڭ قارىسىنى كۆرۈپتۇ . هاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قېلىپتۇ . مەن تېز يېتىپ بېرىپ ئۇ تەرەپكە يۈردۈم ، ماڭ ، ماڭ دەپ ئىلگىرى ماڭدىم . غەرىزىم ئۇلارنى تېز ماڭدۇرۇش ۋە دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىش ئىدى . ئۇلارغا رىغبەت بېرىپ ئالدىغا ئۆتتۇم ، لېكىن سۆزگە هېچكىم قۇلاق سالمىدى . ساۋۇت ، كېچىم ۋە ياراغ يوق ئىدى ، لېكىن مەندە ئوق ۋە ساداق بار ئىدى . مەن ماڭسام ، باشقىلار هەممىسى تۇردى ، ئۇلارنى گويا دۈشمەن ئۆلتۇردى . نۆكەرنى جىددىي پەيتتە جېنىمغا ئەسقاتىدۇ دەپ قىلىسەن . نۆكەر تۇرۇپ بەگ ماڭىدىـ غان ، نۆكەر تىنچ تۇرۇپ بەگ چاپىدىغان ئىش يوق . نۆكەر مۇنداق بولسا ، ئۇنىڭدىن نېمە پايدا ، ئۇ ئىشىڭغا ئەسقاتمايدۇ ، ئاش تېتىقمۇ بولمايدۇ . ئاخىر ئات سېلىپ يۈردۈم ، ئاتنى چاپتۇرۇپ تاغ ئۈستىگە ماڭدىم . مېنى كۆرۈپ باشقىلارمۇ ماڭدى ، قورقۇنچاقلىرى كەينىدە قالدى . يېتىپ بېرىپ تاغقا ياماشتۇق ، ئوقلىرىغا قارىماي ئۈستىگە چىقتۇق . بەزىدە ياياق بولۇپ ، بەزىدە ئاتلىق بولۇپ جۈرئەت بىلەن ئىلگىرىلىدۇق . دۈشمەن تاغدىن ئوق ئاتاتتى ، ئۇلار بەرداشلىق بېرەلـ مەي قاچتى . هەزارەنى قوغلاپ تاغقا چىقتۇق ، قىر ۋە جىلغىلاردا ئۇلارنى كېيىكتەك ئوۋلىدۇق .

## مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1. بابۇر ئاتىسىدىن مىراس قالغان دۆلەتكە 12 يېشىدا پادىشاھ بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ پادىشاھلىق ئورنىنى تارتىۋېلىش كويىدىكى ئىچكى - تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئارام بەرمەي بوزەك قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. شۇ تۈپەيلى خانلىق تەختىدىن ئايرىلىپ، ئۆزىگە سادىق بەگ - نۆكەرلىرى بىلەن يىللاپ - يىللاپ، يۇرتتىن يۇرتقا قېچىپ يۈرۈپ كۈن ئۆتكۈزۈپ، قولدىن كەتكەن ھاكىمىيىتىنى قايتا قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پۇرسەت ئىزدەيدۇ. بۇ پارچىدا دەل ئۇنىڭ 23 ياش ۋاقتىدا باسقان بىر قېتىملىق مۇشەققەتلىك سەپىرى تەسۋىرلەنگەن. سىلەر مۇشۇ مۇشەققەتلىك سەپەر جەريانىدا بابۇرنىڭ ۋۇجۇدىدا قانداق ئالىيجاناب خىسلەتلەرنىڭ ئىپادىلەنگەنلىكىنى تېپىپ چىقىڭلار.

2. بابۇرنى ئوڭۇشسىز قىسمەتكە باش ئەگدۈرمەيۋاتقان، مۇشەققەتلەرنى باتۇرلۇق بىلەن يېڭىشقا ئۈندەپ تۇرغان كۈچنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى مۇلاھىزە قىلىپ بېقىڭلار.

3. تېكىستتىكى «يۈز بەرگەن ھەربىر ياخشى - يامانلىق، تەكشۈرۈپ كۆرسەڭ، تۇرمۇش ئۈچۈن خەيرىيەتلىكتۇر» دېگەن جۈملىنى قانداق مەنىدە چۈشىنىشكە بولىدۇ؟

4. تېكىستنىڭ بايان قىلىنىشىنى ھازىرقى زامان ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىكى بايان ئۇسۇلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، جۈملە ئىشلىتىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلەر ھەققىدە ھېس قىلغانلىرىڭلارنى بايان قىلىپ بېقىڭلار.

# 20 . مەھمۇد غەزنەۋىگە ھەجۋىي

فىردەۋسى[1]

كىشۋەرلەر فاتىھى مەھمۇد پادىشاھ ،
مەندىن قورقماس بولساڭ ، خۇدا بار ، خۇدا ،
ئوتتۇز يىل مېھنەت ھەم زەخمەتتە قالدىم ،
پارس تىلىدا ئەجەمنى قۇتقۇزۇپ قالدىم .
سۆزۈمدىن جەننەتتەك بېزەندى جاھان ،
مەندىن ئاۋۋال مۇنداق كىم يازالىغان ؟
نامەگە بېرەرمۇ تاشلىماي نىگاھ ،
ئىغۋاگەرگە قۇلاق سالدىڭمۇ ، گۇمراھ .
شېئىرىمنى پەسەيتمەك ئۇلارنىڭ ئىشى ،
پەلەكتىن ياخشىلىق كۆرمەس ئول كىشى .
شۇمىدى ۋەدىلەر ، شۇنداقمىدى دىت ،
شۇمىدى بۇ جاھان شاھىدىن ئۈمىد ؟
ئىغۋاگەر كۆرمىسۇن ياخشىلىق يۈزىن ،
يامانغا بۇيرۇپتۇ ياخشىلىق سۆزىن .
شاھقا كۆرسىتىشتى تۈرقۈمنى خۇنۇك ،
يالقۇنلۇق چوغۇمنى كۆمۈردەك سوغۇق .
جاھاندار بولمىسا مۇنچىلىك خەسىس ،

---

[1] ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى (تەخمىنەن 934 — 1025) — دۇنياغا مەشھۇر ئىران شائىرى . بۇ پارچە فىردەۋسىنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1998 - يىلى نەشر قىلىنغان ، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تەرجىمە قىلغان «شاھنامە»ناملىق داستانىدىن ئېلىندى .

مېنى ھەيدىمەيتتى تەختىدىن ھەرگىز.
مەملىكەت بېشىغا خەسىس چىقمىسۇن،
مەردلەرگە خەسىسلىك ئەسلا يۇقمىسۇن.
شاھتىن كۆپ يىراقتا دانالىق بەختى،
بولمىسا جايىم بولۇر ئىدى شاھ تەختى.
ئەجدادى تاجىدار بولمىغان پادىشاھ،
تاجىدار ئىشلىرىن قىلالماس ئەسلا.
شاھلاردىن بولسىدى بۇ شاھقا پەدەر،
كىيگۈزگەن بولاتتى ماڭا تاجۇ زەر.
مۇبادا ئانىسى بولسىدى خاندان،
تىللاغا كۆمەتتى مېنى بىگۇمان.
ئۇلۇغلار زاتىدىن بولمىغاچ بۇ شاھ،
ئۇلۇغلار نامىدىن دىلى بولدى سىياھ.
«شاھنامە»دەپ چەكتىم ئوتتۇز يىللىق رەنج،
شاھىمدىن كۈتتۈم ئاڭا لايىق گەنج.
قالۇر دەپ جاھاندا نامىم بىننىياز،
ئۇلۇغلار قاتارى قىلىپ سەرەفراز،
ھەققىمگە خەزىنە ئىشىكىن ئېچىپ،
قېتىق پۇلى بەردى ماڭا گەنج چېچىپ.
قېتىق پۇلى بوپتۇ مېنىڭ قىممىتىم،
پۇلىغا قېتىق ئالدىم كېتەر سائىتىم.
قورقۇتتۇڭ: «ئۇستىڭگە دەسسىسۇن دەپ پىل،
تېنىدىن چىقسۇن قان دېدىڭ مىسلى نىل!»
دىلىم پاك بولغاچقا بۇندىن قورقمىدىم،
نەبى، خۇدا يولى مېنىڭ تۇتقىنىم.
ئەگەر شاھ مەھمۇد بىلمىسە بۇنى،
ئەقىل بىر كېپەككە تەڭ قىلماس ئۇنى،

تېگى پەس ئائىلەدىن پەسلىكتە ئۆتەر،
ئاتىسى پادىشاھ بولسا ھەم ئەگەر.
ئۇنىڭ پەسلىكىدىن سۆز ئاچسام ناگان،
سۆزلىرىم بىر دەريا بولۇر شۇ ھامان.
ئەرزىمەس كىشىگە قىلىپ ئەقىدە،
ئۇندىن ياخشىلىقلار كۈتمەك بىھۇدە.
بىر كالۋا ئۆچىنى چىقارماق دېمەك،
قويىندىن بىر يىلان ئويغاتماق دېمەك.
ئاچچىق بىر مېۋىلىك دەرەخنى ئەگەر،
جەننەتكە كۆچۈرسەڭ نە ئۇنۇم بېرەر؟
كەۋسەردىن سۇ ئىچسە چاڭقىغان مەھەل،
مەيلىدى سۇ ئەمەس، گەر بەرسە ھەسەل.
كىم ئۆتسە ئەتىرچى يېنىدىن شۇل دەم،
ئەتىر ھىدى كېلەر چاپىنىدىن ھەم.
كۆمۈرچى يېنىدىن ئۆتسەڭ مۇبادا،
يۇققىنى ھېچقاچان ئاق ئەمەس قارا.
زاتى پەسلەرگە ھېچ ئۇمىد باغلىما،
قارا تون ئاقارماس، دىلنى داغلىما.
جاھانگىرنىڭ نامى گەر بولسا ئىدى پاك،
بىلىمدانلار دىلى بولماس ئىدى چاك.
رەنجىگەن شائىر ھەجۋىي يازسا ئەگەر،
ياڭرار ئۇ قىيامەت كۈنىگە قەدەر.

## مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1. مەشھۇر ھۆكۈمران سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى مەشھۇر شائىر

ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىگە مۇبادا ئالەمشۇمۇل بىر ئەسەر يېزىپ چىقسا كاتتا ئىنئام بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان . شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۇلۇغ شائىر 30 يىل يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ «شاھنامە»نى يېزىپ چىققان . ئويلىمىغان يەردىن مەھمۇد غەزنەۋى ئىغۋاگەرلەرنىڭ سۆزىگە كىرىپ كېتىپ بۇ ئەسەرنىڭ قىممىتىنى ناھايىتى تۆۋەن باھالىغان ھەم لەۋزىدە تۇرمىغان . بۇنىڭدىن شائىر قاتتىق نارازى بولغان . شائىرنىڭ پوزىتسىيىسى پادىشاھنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىلىشىغا سەۋەب بولغان . ناھەق مۇئامىلىگە ئۇچراپ ، ھاقارەتلەنگەن شائىر ھەقىقىي ئەدىبكە خاس غۇرۇرى بىلەن بۇ مەشھۇر ھەجۋىي شېئىرىنى يېزىپ پادىشاھنى قاتتىق مەسخىرە قىلغان . سىلەر بۇ ھەجۋىي شېئىرنى ئوقۇغاندىن كېيىن شائىرنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش روھىدىن ۋە بۇنداق قەيسەرلىكىدىن قانداق تەسىرات ئالدىڭلار ؟

2 . شېئىردىكى ئاساسلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى تېپىپ چىقىپ ، ئۇنىڭ قانداق مەنە ئىپادىلىگەنلىكىنى سۆزلەپ بېقىڭلار .

# ئۇنىۋېرسال ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش

## ياشلىق خىياللىرى

*بىز ياشلىقنىڭ رەڭگارەڭ ، جۇشقۇن ، گۈل پەسلىگە كىرىپ كەلمەكتىمىز . ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويۇشىمىز بىلەن كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكىنى تېتىيمىز . تۇرمۇشتا تەدرىجىي ھالدا ئۆزىمىزنىڭ ساغلام خاراكتېرىمىز ۋە ئاكتىپ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىمىزنى شەكىللەندۈرىمىز . ھەممە ئادەم ياشلىق باھارىغا تەشنا بولىدۇ ، ئۆزىنىڭ كېلەچىكىگە تەلپۈنىدۇ ، ئۇنداق ئىكەن ، بىز ئۇتتەك ياشلىق باھارىمىزنى ئۇرغۇتايلى ، ئۇنىڭغا غەيرەت قوشايلى ، ئۇنى كۈيلەيلى ، ئۇنى قەدىرلەيلى !*

*تۆۋەندىكى پائالىيەتلەرنى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن ئىختىيارىي تاللاپ ، پائالىيەت قىلىڭلار .*

### 1. ياشلىق ئارزۇسى

ياشلىقتا نەزەر سالىسىڭىز ، قەلبىڭىز غايىگە تولىدۇ ، رېئال كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ قىممىتىگە تەشنا بولىسىز .

ئەگەر سىزنىڭ بىر گۈزەل ئارزۇيىڭىز بولسا ، ئارزۇيىڭىزنى بىر پارچە قەغەزگە يېزىپ ، ئۇ قەغەزنى بىر كىچىك قېيىق قىلىپ ياساپ ، سۇغا قويۇپ بېرىڭ ، ئۇ سىزنىڭ ئارزۇيىڭىزنى يىراقلارغا ئېلىپ كېتىدۇ .

ئەگەر سىزنىڭ بىرەر غايىڭىز بولسا، ئۆزىڭىز يالغۇز ياكى 4 ـ 5 دوستىڭىز بىلەن تاغ چوققىسىغا چىقىپ، دەريا ـ ئېقىن، كۆللەر بويىغا بېرىپ . . . ئاسمانغا، تاغلارغا، دەريا، كۆللەرگە قاراپ ۋارقىراپ تۇرۇپ ئارزۇيىڭلارنى ئېيتىڭلار. ئاسمان، زېمىن سىلەرگە گۇۋاھ بولسۇن!

سىنىپ بويىچە ياكى يىللىقلار بويىچە ياشلىق باھارى مۇراسىمى ئۆتكۈزۈڭلار، يالغۇز ياكى بىرلىشىپ، بىر پارچە ياشلىق قەسىمى يېزىڭلار، كىلەچەك توغرىسىدا كەڭتاشا پاراڭلىشىپ، ئۆزئارا ئىلھاملاندۇرۇڭلار.

## 2. ياشلىق قىبلىنەماسى

ياشلىق باھارىغا قەدەم قويغان ھامان، ئادەم مۇستەقىل بولىدۇ، خاس خاراكتېرى تەدرىجىي شەكىللىنىدۇ. ئۆزىڭىزنىڭ ياشلىق باھارىڭىزغا تېتىك، مەزمۇت قەدەم قويۇش ئۈچۈن ئۆزىڭىزگە ياشلىق باھارى قىبلىنەماسى يېزىپ چىقىڭ.

قەدىمدىن ھازىرغىچە نۇرغۇن دانىشمەن ۋە پەيلاسوپلار ئۆزلىرىنىڭ كۆزىتىش كۈچى ۋە ئەقىل ـ پاراسىتىگە تايىنىپ، كىشىلىك تۇرمۇشقا دائىر نۇرغۇن ئەقلىيە سۆزلىرىنى يەكۈنلەپ چىققان، سىز ئۇلارنى خاتىرىلىۋېلىپ، ھەر ۋاقىت ئۆزىڭىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرسىڭىز بولىدۇ.

سىزمۇ ئەقلىيە سۆزنىڭ شەكلىدە ئۆزىڭىزنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتىن ئالغان تەسىراتلىرىڭىزنى يېزىپ چىقىپ، ئۆزىڭىزنىڭ ياشلىق باھارىڭىزغا يول بەلگىسى قىلىڭ، ئۆزىڭىزنىڭ ئاجىزلىقلىرى ئۈستىدە «مەخسۇس تۈزەش» ئېلىپ بېرىڭ.

ئۆزىڭىزنىڭ ياشلىقىڭىزنى نۇر چاچقۇزماقچى بولغاندا، دوستلىرىڭىزنىمۇ ئۇنتۇپ قالماڭ، كۆچۈرۈۋالغان ئەقلىيە سۆزلىرىنى ۋە ئۆزىڭىزنىڭ تەسىراتىڭىزنى يېزىپ، ساۋاقداش، دوستلىرىڭىزنىڭ

پايدىلىنىشىغا تەقدىم قىلىنىدۇ.

### 3. ياشلىق توغرىسىدىكى بىلىم

ياش ـ ئۆسمۈرلۈك دەۋرى بەدەن ئۆسۈپ يېتىلىدىغان، خاراكتېر شەكىللىنىدىغان دەۋر. بۇ ۋاقىتتا بىز ياشلىق مەزگىلىدىكى فىزىئو-لوگىيىلىك، پسىخىكىلىق بىلىملەرنى كۆپرەك ئىگىلەپ، ئۆزىمىزنى تېخىمۇ ياخشى بىلىش ئۈچۈن قولايلىق يارىتىشىمىز كېرەك.

ئالاقىدار ماتېرىياللارنى ئىزدەپ ھەم ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋا-لىغا بىرلەشتۈرۈپ، ماتېرىيالنى سىستېمىلىق تەھلىل قىلىپ، رەت-لەپ چىقىش كېرەك. قىزىقىدىغانلار ئۆزىنىڭ خاراكتېرى، ئارتۇقچى-لىقىغا ئاساسەن، ئۆزىنىڭ ئالغا بېسىش يۆنىلىشى ۋە نىشانىنى بەلگى-لەپ، ئۆزىنى تېخىمۇ ياخشى ئىپادىلەپ، خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، «ياشلىق باھارنىڭ گۈزەل پىلانى»نى تۈزۈپ چىقسا بولىدۇ. يەنە تام گېزىتى، قولىيازما گېزىت ياكى كومپيۇتېردا ئىشلەنگەن كارتون قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، سىنىپنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ياشلىق مەزگىلىگە دائىر بىلىم-لەرنى تەشۋىق قىلىشقا بولىدۇ.

### 4. ياشلىق باھارغا مەدھىيە

ياشلىق خۇددى گۈلگە ئوخشاش گۈزەل، ئوتتەك قىزغىن بولى-دۇ، ئۇ بىزنىڭ كىشىلىك ھايات سىمفونىيىمىزنىڭ ئەڭ جۇشقۇن بۆلىكى. ھەرقانچە قىيىنچىلىق، ئەگرى ـ توقايلىق، ئازاب ـ ئوقۇ-بەت بولسىمۇ، بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ پايدىلىق كەچۈرمىش بولۇپ، بىزنى قىممەتلىك تەجرىبىگە ئىگە قىلىدۇ. بىز «چوڭ بول-دۇق»، بىز «قۇدرەت تاپتۇق». ياشلىق بىلەن بىز قىزغىنلىققا، جۇشقۇنلۇققا، ئۈمىدكە تولىمىز.

مەخسۇس تېمىلىق سىنىپ يىغىنى ئېچىپ، شېئىر دېكلاماتسىيە

قىلىڭلار ، ناخشا ئېيتىڭلار ، ئۇسسۇل ئويناڭلار . . . (ئۆزۇڭلار يېزىپ تەييارلىساڭلار تېخى ياخشى) ، ياشلىقنى ئەركىن ، جۇشقۇن مەدھىيىلەڭلار !

يۇنان ئەپسانىلىرىدە ، شىر تەنلىك ، ئادەم يۈزلۈك ئايال جادۇگەر سېفېنكىس ئېدىفوسقا بىر تېپىشماق ئېيتىپتۇ : «ئەتىگەندە تۆت پۇتلاپ ، چۈشتە ئىككى پۇتلاپ ، كەچتە ئۈچ پۇتلاپ ماڭىدىغان ، بۇ قانداق جانىۋار ؟» ئېدىفوس شۇئان : «ئادەم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

بىز ياشلىقنى قەدەم قويغاندىن كېيىن ، «ئىككى پۇتلاپ» يول مېڭىشقا باشلىدۇق دېسەك بولىدۇ . مۇشۇ تېمىدا بىر پارچە ماقالە يېزىڭلار .

## ▲ پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى ▲

1 . ئەقلىيە سۆزلەر

ياشلىقنىڭ لۇغىتىدە «قىيىنچىلىق» دېگەن سۆز بولمايدۇ ، ياشلارنىڭ ئاغزىدىن «توسالغۇ» دېگەن سۆز چىقمايدۇ ؛ پەقەت ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەشنى ، پەرۋاز قىلىشنى ، روھىنىڭ ئەركىنلىكىنى بىلىدۇ ، ئاجايىپ ئىدىيىلەر تۇغۇلىدۇ ، سەزگۈسى ئۆتكۈر ، ھاياتى جۇشقۇن بولىدۇ ، مۇھىت يارىتىپ ، تارىخنى بويسۇندۇرىدۇ . (لى داجاۋ)

جۇڭگو ياشلىرىنىڭ سوغۇق ھاۋادىن قۇتۇلۇپ ، يۇقىرىغا ئۆرلەشنى ، ئۆزىنى كەمستىكۇچىلەر تارقاتقان گەپلەرگە ئىشەنمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن . ئىش قىلالايدىغانلار ئىش قىلسۇن ، ئاۋاز چىقىرالايدىغانلار ئاۋاز چىقارسۇن . بىر ئۇلۇش ھارارىتى بولسا ، بىر ئۇلۇش نۇر چاچسۇن . (لۇشۈن)

ياش ــ ئۆسمۈرلۈك دەۋرى ، ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ ھۇجەيرىلىرىدىن ئىبارەت بۇ «زاپچاس»نىڭ ئۈنۈمى ئەڭ يۇقىرى بولىدىغان

دەۋر ، چوقۇم ياخشى ئۆگىنىش ، مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە ، مەيلى ئۇنى قانداق داڭلىق كىشى ئېيتقان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، سوراپ تېگىگە يېتىشكە ، ئالدىنقىلار سوراپ باقمىغان مەسىلىلەرنى سوراشقا جۈرئەت قىلىش كېرەك . (لى جېڭداۋ )

ياشلىق ناھايىتى گۈزەل ، ئۇنى ئىسراپ قىلىش گۇناھ . (سۇ بېنا )

ياشلىقنىڭ جۇشقۇنلۇقى ۋە توختىماي ئالغا باسىدىغان قىزغىنلىقى يوقاپ كەتسە ، كىشىلىك ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى بولمايدۇ . (مۇئۇدېر )

2 . ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ پسىخىك ساغلاملىقىنىڭ ئۆلچىمى

1 ) پائال يۇقىرى ئۆرلەش ، روھى تولۇپ تاشقان ، جۇشقۇن بولۇش ، ئۆزىگە ئىشىنىش ، ئالغا ئىنتىلىش ، غۇرۇرلۇق بولۇش .

2 ) ئاڭلىق ، تولۇپ تاشقان زېھنىي كۈچى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش ، ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى ئاڭلىق ئورۇنداش ، ئۆگىنىشتىكى قىيىنچىلىقتىن قورقماسلىق ، ئەقلىي ئىقتىدار ياخشى تەرەققىي قىلغان بولۇش .

3 ) ئائىلىدە ، مەكتەپتە دوستلارئارا ئۆزئارا ھۆرمەتلەيدىغان ، ئۆزئارا كۆيۈنىدىغان ، بىر ـ بىرىنى چۈشىنىدىغان ئاكتىپ كىشىلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش ، كوللېكتىپنىڭ ئالقىشلىنىدىغان ئەزاسى بولۇش ، كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا ئۆزىنىڭ دوستى بار بولۇش ، ئۆزئارا ياردەملىشىش ، ئىتتىپاق ، ئىناق مۇناسىۋەتنى ساقلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇش .

4 ) مۇھىتقا ماسلىشىشقا ماھىر بولۇش .

5 ) كەيپىياتى مۇقىم ۋە خۇشخۇي بولۇش .

6 ) پسىخىك پائالىيىتى مۇكەممەل ، ماس ، تۇرلۇك ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقارغان كېسەللەر (ھەددىدىن ئارتۇق جىددىيلىشىش ياكى ئەنسىرەش قاتارلىق ) دىن ساقلىنالايدىغان بولۇش .

## 3 . ياشلىق توغرىسىدىكى شېئىرلاردىن پارچە

ياشلىق ، چاقماقسەن ، چېقىپ ئۆچسەن ،
ئەۋرىشىم چېغىڭ مۇشۇ ئۆگەنگىن ، ئۆگەن !
قاراڭغۇ دىل چۆلىگە بىر كۈن چۆكسەن ،
ئادەم بولۇش دۆلدۆلىغا سالمىساڭ يۈگەن .

*　　*　　*

ياشلىق ئادەمنىڭ زىلۋا بىر چېغى ،
تولىمۇ قىسقا ئۇنىڭ ئۆمرى بىراق .
يىرتىلسا كالېندارنىڭ بىر ۋارىقى ،
ياشلىق گۈلىدىن تۆكۈلىدۇ بىر يوپۇرماق .

— ل . مۇتەللىپ

سەن باھارنىڭ تاشقىنىنى كۆرگەنمۇ ؟
ئۇ چاغ دەريا ئۆز قىنىدا ئاقمايدۇ .
خۇددى شۇنداق ياشلىقتىكى جۇشقۇن قان ،
ئۇرغۇپ ئۇرۇپ تومۇرلارغا پاتمايدۇ .
ياشلىق كۆچى تېپىپ ھامان تېشىغا ،
باش باھارنىڭ ئەگىزىدەك يامرايدۇ .
ياش ھاياتنىڭ تاشقىن روھىي قۇدرىتى ،
دولقۇنلايدۇ ، ئۇپقۇنلاردا قاينايدۇ .
ئاھ ، نېمىلەر بولماس دەيسەن نامايان ،
ئۆركەشلىگەن بۇ دولقۇنلار ئەۋجىدە !
يالتىرايدۇ ھاياجانلىق ھەۋەسلەر ،
دولقۇنلارنىڭ تاڭ نۇرىدەك مەۋجىدە ...

— قۇربان بارات



# مەخسۇس تېما

## كۆڭۈلدىكىدەك تىل ـ ئەدەبىيات

7 ـ يىللىققا كۆچكەندىن كېيىنكى تۇنجى سائەتلىك دەرس مەنزى-رىسى ئېسىڭىزدىمۇ؟ ئاشۇ چاغدا «سىزگە ئىشىك ئېچىلدى»نى ئۆگەندىڭىز، بۇ تېكىست سىزگە ئەدەبىيات دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، 9 ـ يىللىققىچە بولغان تىل ـ ئەدەبىيات ئۆگىنىشىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەردى. مانا ھازىر مول مەزمۇنلۇق ئۈچ يىللىق تىل ـ ئەدەبىيات ئۆگىنىش تۇرمۇشى تاماملىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ، تىل ـ ئەدەبىياتتىن نۇرغۇن ھاسىلات، تەسىرات ۋە بىلىشكە ئىگە بولدىڭىز. ئۆزىڭىز ئەستايىدىل ئويلىنىپ ۋە خۇلاسىلەپ كۆڭلىڭىزدىكىدەك تىل ـ ئەدەبىياتنىڭ نېمىلىكىنى سۆزلەپ بېقىڭ.

### تىل ـ ئەدەبىيات ئۆگىنىشنى خۇلاسىلەش

ئۈچ يىلدىن بۇيانقى تىل ـ ئەدەبىيات ئۆگىنىشى داۋامىدا مول مەدەنىيەت ئوزۇقىنى سۈمۈرۈپ، تىل ـ ئەدەبىيات ئىقتىدارىڭىزنى ئاشۇردىڭىز. تىل ـ ئەدەبىيات ئۆگىنىشىدىن ئېرىشكەن ھاسىلاتىڭىزنى ئەستايىدىل خۇلاسىلەپ كۆرۈڭ.

**1. 7 ـ يىللىقتىن 9 ـ يىللىققىچە بولغان تىل ـ ئەدەبىيات ئۆگىنىش نىشانى تەلىپى بويىچە ئۆز ـ ئۆزىڭىزنى دەڭسەپ باھالاپ كۆرۈڭ. تۆۋەندىكى تۈرلەردىكى كۆرسەتمىلەر بويىچە ئۆزىڭىزنىڭ**

ئۆگىنىش ئەھۋالىنى دەڭسەپ، A، B، C لاردىن مۇۋاپىقلىرىنى تاللاپ تىرناق ئىچىگە تولدۇرۇڭ.

1) تىل ـ ئەدەبىيات ئۆگىنىشتىكى ئومۇمىي تەسىراتىم: ھېسسىيات پوزىتسىيە، ئىدىيىۋى قاراش، بىلىم، قابىلىيەت جەھەتلەردە A. خېلى زور ھاسىلاتقا ئېرىشتىم؛ B. بىرقەدەر كۆپ ھاسىلاتقا ئېرىشتىم؛ C. ئۈنۈم روشەن بولمىدى. ( )

2) ئورتاق ئەدەبىي تىلدا دېكلاماتسىيە قىلىشتا: A. توغرا، راۋان بولدى، ئەسەردىكى ھېسسىياتنى بىرقەدەر توغرا ئىپادىلەپ بېرەلىدىم؛ B. توغرا، بىرقەدەر راۋان بولدى، ئەسەردىكى ھېسسىياتنى ئاساسەن ئىپادىلەپ بېرەلىدىم؛ C. ئاساسەن توغرا، بىراق دېگەندەك راۋان بولمىدى، ھېسسىيات كەمچىل بولدى. ( )

3) يادقا ئالغان مۇنەۋۋەر شېئىرلىرىم: A. 80 پارچىدىن ئارتۇق؛ B. 80 پارچىگە يەتتى؛ C. 80 پارچىدىن ئاز. ( )

4) ئىچىدە ئوقۇش سۈرئىتىم: مىنۇتىغا A. بىر بەتتىن ئارتۇق؛ B. بىر بەتكە يەتتى؛ C. بىر بەتتىن ئاز. ( )

5) دەرستىن سىرتقى ئوقۇشلۇق: A. ئالاھىدە قىزىقىمەن، پىلان تۈزۈپ تۈرلۈك يوللار بىلەن ئۆزۈمگە لازىملىق مۇنەۋۋەر ئوقۇشلۇقلارنى تېپىپ ئوقۇدۇم؛ B. قىزىقىمەن، ھەر ۋاقىت گېزىت ـ ژۇرناللارنى ئوقۇدۇم، بىراق ئېنىق نىشان ۋە پىلان تۈزمىدىم؛ C. قىزىقىشىم يېتەرسىز، دەرستىن سىرتقى ئوقۇشلۇقلارنى ئازراق ئوقۇدۇم. ( )

6) ئوقۇش جەريانىدا: A. ئېسىل سۆز، جۈملىلەر ۋە پارچىلارنى خاتىرىلەپ ماڭدىم، تەسىرات يېزىپ قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم؛ B. بەزىدە خاتىرە يازدىم، بەزىدە ئۆزۈمنىڭ بەزى قاراشلىرىمۇ بارلىققا كەلدى؛ C. خاتىرە قالدۇرۇش ئادىتىم يوق، ئۆزۈمنىڭ قاراشلىرىمۇ ناھايىتى ئاز. ( )

7) مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئوقۇشتا: A. دائىم دېگۈدەك ئۇنىڭدى-

كى پېرسوناژ، ھەرىكەت ۋە سۆز ـ جۈملىلەردىن تەسىرلىنىپ، مول باغلانما تەسەۋۋۇر ۋە گۈزەل ئىنتىلىشلىرىم بارلىققا كەلدى، ھەر ۋاقىت ئاشۇ سۆز ۋە ئىدىيىلەر بىلەن ئۆزۈمگە تەلەپ قويۇپ ئۆزۈمنى رىغبەتلەندۈردۈم؛ B . بەزىدە تەسىرلەندىم ۋە ئىلھام ئالدىم؛ C . تەسىراتىم ناھايىتى ئاز بولدى. ( )

8 ) كىتاب، گېزىت ئوقۇشتا: A . ئاچقۇچلۇق سۆز ـ جۈملىلەرنى تېپىپ، ئاساسلىق مەزمۇننى توغرا ھەم ئىخچام يىغىنچاقلىدىم؛ B . مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇپ، ئوقۇش مەزمۇنىنى يىغىنچاقلىدىم، بىراق دېگەندەك توغرا ھەم ئىخچام بولمىدى؛ C . مۇھىم نۇقتىنى تۇتالمىدىم، مەزمۇننى يىغىنچاقلىيالمىدىم. ( )

9 ) ئۈچ يىلدىن بۇيانقى دەرستىن سىرتقى ئوقۇغان كىتابلىرىمنىڭ ئومۇمىي مىقدارى: A . 5000 بەتتىن ئارتۇق بولدى؛ B . 5000 بەتكە يەتتى؛ C . 5000 بەتتىن ئاز بولدى. ( )

10 ) يېزىقچىلىقتا: A . ناھايىتى بىمالال يازىمەن، قىزىقىشىم بار؛ B . ئاز ـ تولا قىزىقىشىم بار، بىراق بىرئاز قىيىنچىلىق ھېس قىلىمەن؛ C . قىزىقىشىم يوق، بىر خىل يۈكتەك ھېس قىلىمەن. ( )

11 ) ئەسەر يېزىقچىلىقىدا: A . چىن ھېسسىياتىمنى ۋە ئويلىغانلىرىمنى تەبىئىي ئىپادىلىيەلەيمەن؛ B . بەزىدە چىن ھېسسىياتىم ۋە ئويلىغانلىرىم بويىچە يازالمايمەن؛ C . ئۆزۈمنىڭ ھېسسىياتى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلۇم ئۈستىدە ئويلانمايمەن، پەقەت تاپشۇرۇقنى ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئورۇنداش ۋە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈنلا يازىمەن. ( )

12 ) يېزىقچىلىق جۈغلانمىسى جەھەتتە: A . تۇرمۇش ۋە ئوقۇش داۋامىدا مول تېمىلارنى تېپىپ چىقالايمەن، ئادەتتە جۈغلاشقا ئەھمىيەت بېرىمەن؛ B . يېزىقچىلىق تېمىلىرىنى بايقاشقا ماھىر ئەمەس، جۈغلانمام بىرقەدەر ئاز؛ C . جۈغلانمام كەم، يازغۇدەك ماتېرىيال

تاپالماي قالىمەن . (     )

13) يېزىقچىلىق جەريانىدا : A . كۆپ پىكىر قىلىش ، تېز-تېز تۈزۈش ، كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىش ئادىتىم بار ؛ B . بەزىدە تېز-تېز تۈزۈۋالىمەن ھەمدە ئەسەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆزگەرتىمەن ؛ C . ئەزەلدىن تېز-تېز تۈزمەيمەن ھەم ئەسەرنى تۈزىتىش ئادىتىممۇ يوق . (     )

14) يېزىقچىلىق سۈرئىتى : 45 مىنۇتتا A . ئىككى - ئۈچ بەتتىن ئارتۇق ؛ B . ئىككى - ئۈچ بەتكە يەتتى ؛ C . ئىككى - ئۈچ بەتتىن ئاز . (     )

15) مۇزاكىرە داۋامىدا : A . ئاكتىپ سۆز قىلىمەن ، سۆزلىرىمنىڭ ئاساسى بار ؛ B . بەزىدە پىكىر ئالماشتۇرۇشقا قاتنىشىمەن ، سۆزۈمنىڭ ئاساسى بولۇشقا تىرىشىمەن ؛ C . سۆز قىلىشنى ياقتۇرمايمەن ياكى رەسمىي تېمىدىكى سۆز قىلىشلارغا قاتنىشىشنى خالىمايمەن ، تۈرلۈك خەۋەرلەر توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇرۇشنى ياقتۇرمايمەن . (     )

16) باشقىلار بىلەن سۆزلەشكەندە : A . سەۋرچانلىق بىلەن دىققىتىمنى يىغىپ ئاڭلايمەن ، ئوبيېكت ۋە سورۇنغا دىققەت قىلىمەن ، سۆزلىرىم مەدەنىي ، جايىدا بولىدى ، يۈرۈش - تۇرۇشۇم تەبىئىي بولىدى ؛ B . باشقىلارنىڭ سۆزىگە پۈتۈن دىققىتىم بىلەن قۇلاق سالىمەن ، سۆز - ھەرىكىتىم مەدەنىي بولىدى ، بىراق سۆزنى تازا قاملاشتۇرالمىدىم ؛ C . ھەمىشە باشقىلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالمايلا سۆز ئارىلايمەن ، سۆزنى خالىغانچە قىلىمەن ، ئوبيېكت ۋە سورۇنغا دىققەت قىلمايمەن . (     )

17) باشقىلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندا : A . مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇپ ، قارشى تەرەپنىڭ مۇددىئاسى ، كەيپىياتى ۋە پوزىتسىيىسىنى چۈشىنەلەيمەن ؛ B . ئاساسىي مۇددىئاسىنى بىلەلەيمەن ، قارشى تەرەپنىڭ مۇددىئاسى ، كەيپىياتى ۋە پوزىتسىيىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن

بىلەلەيمەن ؛ C . مۇھىم نۇقتىنى تۇتالمايمەن ، قارشى تەرەپنىڭ مۇد-
دىئاسى ۋە پوزىتسىيىسىنى بىلەلمەيمەن . (   )

18 ) سۆز قىلىشتا : A . سۆزۈم ئېنىق ، توغرا ، رەتلىك ؛ B . ئېنىق ، رەتلىك ، بىراق ئىشلەتكەن ئىبارىلىرىم ئانچە توغرا ئەمەس ؛ C . ئانچە رەتلىك ئەمەس ، ھەمىشە ئويلىغانلىرىمنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن . (   )

19 ) تىل ـ ئەدەبىيات دەرسىدىن سىرتقى ئۆگىنىش پائالىيەتلى-رىگە : A . ئاكتىپ قاتنىشىمەن ، تۇرمۇش داۋامىدا ياكى باشقا پەنلەر ئۆگىنىشى داۋامىدا تىل ـ ئەدەبىيات ئۆگىنىشكە ، تىل ـ ئەدەبىياتنى تەتبىقلاشقا ماھىر ؛ B . قاتنىشىش قىزغىنلىقىم بار ، بىراق تىل ـ ئەدەبىيات دەرسىدە ئۆگەنگەنلىرىمنى باشقا جايدا ئىشلىتەلمەيدىغاندەك ھېس قىلىمەن ؛ C . قىزىقمايمەن ، تىل ـ ئەدەبىيات دەرسىدىكى نەرسىلەرنى ياخشى ئۆگەنسەملا بولىدۇ ، دەپ قارايمەن . (   )

20 ) مەملىكەت ئىچى ـ سىرتى ۋە ئاپتونوم رايونىمىز ، تۇرۇش-لۇق جايىمىز ، مەكتىپىمىز ئىچىدىكى چوڭ ئىشلار ، مۇھىم ئىجتىما-ئىي قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىگە : A . ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىمەن ، ئۆزۈمنىڭ قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىمەن ھەمدە مۇۋاپىق ئۇسۇلدا مۇزاكىرىگە قاتنىشىمەن ؛ B . كۆڭۈل بۆلىمەن ، بىراق مۇزاكىرىدە سۆز قىلالمايمەن ، باشقىلارنىڭ دېگەنلىرىنى يوللۇق ھېس قىلىمەن ؛ C . ۋاقتىم يەتمەيدۇ ، مۇزاكىرىگە قاتنىشىش قىزىقىشىممۇ يوق . (   )

21 ) تىل ـ ئەدەبىيات ئۆگىنىشى داۋامىدا : A . مەسىلىلەرنى بايقىيالايمەن ، مۇستەقىل ياكى باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ مەسىلى-نى ھەل قىلىشنىڭ چارىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ ، جاۋاب تېپىپ چىقىشقا تىرىشىمەن ؛ B . بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىزدىنىشنى ياقتۇرىمەن ، بىراق مەسىلىلەرنى ئۆزۈم ئانچە بايقىيالمايمەن ؛ C . مەسىلىنىڭ جاۋابىنى تىرىشىپ ئەستە تۇتا-

لايمەن ، ئۆزۈم سوئال قويالمايمەن ھەم ھەل قىلىش چارىلىرىنىمۇ تېپىپ چىقالمايمەن . (  )

**تەكلىپ :**

بۇ خۇلاسىنى ئەڭ ياخشىسى بىرىنەچچە ساۋاقداش بىر گۇرۇپپا بولۇپ ، ئىش تەقسىم قىلىنىۋېلىپ ھەمكارلىشىپ ئىشلىشى لازىم . ئومۇمەن ، مۇنداق ئۈچ جەھەتتىكى خىزمەتنى ئىشلىسە بولىدۇ :

① يېزىپ رەتلەش

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكى (ئالتە كىتاب ) ئىچىدىن يادلاش تەلەپ قىلىنغان شېئىرلار يېزىپ رەتلىنىدۇ . باشلانغۇچ مەكتەپ باسقۇچىدا يادلىغان شېئىرلارنى رەتلەپ چىقالىسا تېخىمۇ ياخشى .

② سېلىشتۇرۇش ۋە تەھلىل قىلىش

يۇقىرىدا بېرىلگەن بەزى تۈرلەردە ساۋاقداشلارنىڭ ئۆز ئارا ياردەم بېرىشىگە توغرا كېلىدۇ ، سېلىشتۇرۇش ، تەھلىل قىلىش ئارقىلىق مۇۋاپىق كېلىدىغان سانلارنى تىزناق ئىچىگە تولدۇرۇش لازىم .

③ ستاتىستىكا قىلىش ۋە سىناش

يادقا ئالالىغان شېئىرلىرى ، ئۈچ يىلدىن بۇيان ئوقۇغان كىتاب ، ژۇرناللىرىنىڭ سانى ھەمدە بەت سانى ستاتىستىكا قىلىنىدۇ .

كىتاب ، گېزىتلەردىن ئەسىر تالLاپ ئوقۇلۇپ ، مىنۇتىغا قانچىلىك خەت ئوقۇيالايدىغانلىقى ھېسابلىنىدۇ .

يېزىقچىلىق دەرسىدىكى ئەھۋالغا ئاساسەن ، يېزىقچىلىق سۈرئىتى ھېسابلاب چىقىلىدۇ ياكى باشقىدىن بىر پارچە يېزىپ شۇ مەيداندا ھېسابلىنىدۇ .

**2 . تۆۋەندىكى جەدۋەل تولدۇرۇلىدۇ .**

**3 . تۆۋەندىكى ئۆز - ئۆزىنى باھالاشنى تاماملاش ئاساسىدا ، «مېنىڭ خۇلاسەم» يېزىپ چىقىلىدۇ .**

## ئۆز - ئۆزىنى باھالاش جەدۋىلى

| باھالاش تۈرى / مەزمۇنى | ياخشى كۆرۈش دەرىجىسى: ياقتۇرىمەن | ياخشى كۆرۈش دەرىجىسى: بىر قەدەر ياقتۇرىمەن | ياخشى كۆرۈش دەرىجىسى: ئادەتتىكىچە | ياخشى كۆرۈش دەرىجىسى: ياقتۇرمايمەن | ئۆگىنىش تەسىراتى | نەتىجىسى | تۈرلەر بويىچە باھا (ئەلا، ياخشى، ئوتتۇرا، ناچار) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئوقۇش (داڭلىق ئەسەرلەرنى ئۆز - ئىچىگە ئالىدۇ) | | | | | ① بىر خىل لەززەت (  )<br>② بىر خىل يۈك (  )<br>③ ئوقۇسام ئوقۇمىسام بەرىبىر (  ) | ئوقۇش خاتىرىسى ____ ھەت ياكى ____ پارچە<br>ئوقۇغان چەت ئەل داڭلىق ئەسەرلىرى ____ پارچە<br>باشقىلار ____ | |
| يېزىقچىلىق | | | | | ① بىر خىل ئېھتىياج (  )<br>② مۇئەللىم ياز دېدى (  )<br>③ يازسام - يازمىسام بەرىبىر (  ) | ھۆسنخەت مەشقى ____<br>ئېلان قىلىنغان ئەسىرى ____ پارچە<br>تاللانما توپلىمى ____ پارچە<br>باشقىلار ____ | |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاغزاكى<br>ئالاقە | | | | | ① باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىشقا خۇشتار (  )<br>② ئالاقىلەشكۈم بار، ئەمما قۇربىم يەتمەيدۇ (  )<br>③ پىسخىكامدا توسالغۇ بار (  ) | ئامموۋى سورۇندا ئالاقىلەشكەن قېتىمى ——<br>ئائىلىدىكىلەر بىلەن كۆڭۈللۈك سۆھبىتى —— قېتىم | |
| مەخسۇس تېما<br>(ئۇنىۋېرسال ئە-<br>مەلىيەت پائالى-<br>يىتىنى ئۆز ئى-<br>چىگە ئالىدۇ) | | | | | ① مەخسۇس تېما ئۆگىنىشىنى مۇھىم تىل - ئەدەبىيات ئەمە-<br>لىيىتى دەپ قارايمەن (  )<br>② مېنىڭچە، مەخسۇس تېمى-<br>نىڭ قىممىتى بار، بىراق قى-<br>يىنلىق دەرىجىسى چوڭ (  )<br>③ مەخسۇس تېما ئۆگىنىشى بول-<br>سىمۇ، بولمىسىمۇ بولىدۇ (  ) | تەكشۈرۈش دوكلاتى قاتارلىق<br>ئەسەرلىرى —— پارچە<br>پائالىيەتكە قاتناشقان قېتىم سا-<br>نى ——<br>باشقىلار —— | |
| هۆسنخەت | | | | | ① هۆسنخەت سەنئىتىدىن لەززەت ئېلىش ھەۋىسىم بار<br>(  )<br>② هۆسنخەتنى ياقتۇرمايمەن<br>(  )<br>③ هۆسنخەت ئۆگىنىشكە قىزىقىشىم يوق (  ) | داڭلىق خەتتاتلارنىڭكىنى كۆ-<br>چۈرۈپ يازغىنى —— قېتىم<br>هۆسنخەت مۇسابىقىسىگە قاتنى-<br>شىپ مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى ——<br>قېتىم | |

## تىل - ئەدەبىياتتىن قايتا لەززەت ئېلىش

تىل - ئەدەبىيات ئۆگىنىشىدە جەزمەن نۇرغۇن ئۆزگىچە تەسىرات ۋە تۇيغۇلارغا ئېرىشتىڭىز . تۆۋەندىكى بىرقانچە تېمىدىن ئىككى ، ئۈچنى تالالاپ ياكى ئۆزىڭىز تېما تۇرغۇزۇپ ، ئىنچام ، چىن ، جانلىق بولغان تەسىرات ماقالىسى يېزىپ چىقسىڭىز بولىدۇ ھەمدە يازغانلىرىڭلارنى توپلاپ سىنىپ بويىچە «تىل - ئەدەبىياتتىن قايتا لەززەت ئېلىش» توپلامچىسىدىن بىرنى تۈزۈپ ، تىل - ئەدەبىيات پۇرىقى بار مۇقاۋا لايىھەلەپ مۇقاۋىلىساڭلار بولىدۇ .

**پايدىلىنىش تېمىلىرى :**

1 . تىل - ئەدەبىيات ئۆگىنىشىدىكى رىيازەت ۋە شادلىق

2 . تىل - ئەدەبىيات بىلەن بولغان ئۈزۈلمەس رىشتەم

3 . ئۈچ يىللىق تىل - ئەدەبىيات رىشتىسى

4 . تىل - ئەدەبىياتنى ئەڭ ياخشى كۆرىمەن (ياكى ئۇنىڭغا ئەڭ ئۆچ )

5 . ئۆزۈم ياسىغان ئاچقۇچ بىلەن تىل - ئەدەبىيات دەرۋازىسىنى ئاچتىم

6 . تىل - ئەدەبىيات زېمىنىدا سەيلە

7 . تىل - ئەدەبىيات ئۆگىنىشى بايلىقى ھەممىلا يەردە بار

8 . ئۇزاق مۇددەتلىك جۇغلانما ، تاسادىپىي نەتىجە

9 . تىل - ئەدەبىياتنى ئۆزئارا ئۆگەنگەن ياخشى

10 . مەخسۇس تېما ئۆگىنىشى مېنىڭ ئەقىل - پاراسەت ئۇچقۇنلىرىمنى چاقناتتى

11 . تىل - ئەدەبىيات ماڭا كەلگۈسىگە بارىدىغان قاناتنى بەردى

12 . تىل - ئەدەبىيات ئۆگىنىشىدە دەرستىن سىرتقى ئۆگىنىشكە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك

13 . مىنىڭ ئەسىرىم مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىندى — تىل ـ ئەدەبىيات ئۆگىنىشىمدىكى بىر تال غۇنچە

14 . گۈزەللىك — تىل ـ ئەدەبىياتتا

15 . تىل ـ ئەدەبىيات ئۆگىنىشىدە تىل ـ ئەدەبىيات ئۆگىنىشنى ئۆگىنىۋېلىش

..............

## تىل ـ ئەدەبىيات ھەققىدە مۇھاكىمە

بىرىنچى، بەزىلەر: تىل ـ ئەدەبىيات مەڭگۈ ئوقۇپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان مىكرو قامۇس، دېيىشىدۇ.

بەزىلەر: تىل ـ ئەدەبىيات كىشىلىك ھاياتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان رەڭدار دۇنيا، دېيىشىدۇ.

بەزىلەر: تىل ـ ئەدەبىيات شاخلىرى باراقسان ئۆسكەن، غۇنچىدە مېۋە چۈشكەن بىلىم دەرىخى، تىل ـ ئەدەبىيات ئۆگەنگەنلىك مېۋە ئۈزگەنلىك، دېيىشىدۇ.

بەزىلەر: تىل ـ ئەدەبىيات ئىنسانلارنىڭ قەلبىنى كۆرىدىغان كۆزنەك، تىل ـ ئەدەبىيات ئادەمنىڭ پەزىلىتىنى تاۋلايدۇ، دېيىشىدۇ.

بەزىلەر: تىل ـ ئەدەبىيات ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى تارقىتىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىدىغان توشۇغۇچى، دېيىشىدۇ.

بەزىلەر: تىل ـ ئەدەبىيات دېگەن تىل ـ ئەدەبىيات، دېيىشىدۇ.

سىز ھېكمەتلىك ئىبارىلەرگە ئوخشايدىغان بىر بۆلەك سۆزدىن پايدىلىنىپ، كۆڭلىڭىزدىكى تىل ـ ئەدەبىياتنىڭ نېمىلىكىنى ئوبرازلىق يىغىنچاقلاپ بېرەلەمسىز؟ ئەگەر شۇنداق قىلالىسىڭىز ئۇنى خاتىرىڭىزگە ياكى خەت مەشقى دەپتىرىڭىزنىڭ ئېتول بېتىگە يېزىڭ ھەمدە ئىنچام ئىبارىلەر بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ ھېكمەتلىك سۆزىنىڭ مەنىسىنى

ئېنىق شەرھلەڭ ، ساۋاقداشلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇڭ .

ئىككىنچى ، سىنىپتا تىل ـ ئەدەبىيات توغرىسىدىكى مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىپ كۆپچىلىكنى تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى ۋە ئۆگىنىشكە دائىر تەكلىپ بېرىشكە ۋە مۇزاكىرە قىلىشقا تەكلىپ قىلىش لازىم : ئوچۇق ھەم ھاياتىي كۈچكە ئىگە تىل ـ ئەدەبىيات دەرسى قانداق بولۇشى كېرەك ؟ تىل ـ ئەدەبىيات ئۆگىنىشىدىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل ، شەكىللەر قايسىلار ؟ بۇلارنى ئەتراپلىق مۇزاكىرە قىلىشقا ياكى بىر تەرەپىنلا نۇقتىلىق مۇزاكىرە قىلىشقا بولىدۇ . ھەممەيلەن «كۆڭۈلدىكىدەك تىل ـ ئەدەبىيات» تېمىسىدا نۇتۇق ئورگىنالى ياكى تەكلىپنامە تەييارلايدۇ . بۇنى يېزىشتا ئۆزىنىڭ ئۈچ يىلدىن بۇيانقى تىل ـ ئەدەبىيات ئۆگىنىش ئەمەلىيىتى ۋە تەسىراتىغا بىرلەشتۇرۇپ ، ئاساسى بار ھالدا تەھلىل ۋە تەقرىز قىلىشى كېرەك . ئوقۇغۇچىلار ئورگىنالنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ساۋاقداشلارنىڭ سوئال سورىشىغا ياكى ئۆز ئارا سۆھبەتلىشىشكە يول قويۇش كېرەك .

ئۈچىنچى ، تۆۋەندىكى «خەير ـ خوش ، تىل ـ ئەدەبىيات دەرسى»دە جاڭ مۇئەللىم چېن شياۋيۇنگە «تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىر يۇرۇش تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكى»نى سوۋغا قىلىدۇ . سىزنىڭچە ، بۇ سوۋغاتنىڭ مەنىسى نېمە ؟ ئەگەر چېن شياۋيۇن سىزنىڭ ساۋاقدىشىڭىز بولغان بولسا ئۇنىڭغا نېمە سوۋغات قىلاتتىڭىز ؟ نېمە ئۈچۈن بۇنداق سوۋغات بېرىسىز ؟

«دۇنيادىكى بەزى نەرسىلەردىن مەھرۇم بولۇش ئالدىدا ياكى مەھرۇم بولغان ۋاقتىمىزدىلا ئۇنىڭ قىممەتلىكلىكىنى ھېس قىلىمىز» . چېن شياۋيۇننىڭ تىل ـ ئەدەبىيات دەرسىگە بولغان پوزىتسىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە بىرلەشتۇرۇپ ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان بۇ جۈملە سۆزدىن قانداق تەسىرات ئالدىڭىز ؟

## خەير ـ خوش ، تىل ـ ئەدەبىيات دەرسى

يادقا يېزىشتا ئۈچىنچى قېتىم لاياقەتسىز بولغىنىمدىن كېيىن ، سىنىپ مەسئۇلىم جاڭ مۇئەللىم مېنى تۆتىنچى رەتتىن ئەڭ ئالدىنقى رەتكە يۆتكەپ قويدى ، بۇنداق بولغاندا ، جاڭ مۇئەللىم ھەر ۋاقىت ئالدىمدىن كەتمەيتتى . بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆزىدىن قېچىپ رەسىم سىزالمايدىغان ؛ قەغەزگە ھەزىللەرنى يېزىپ پۇرلاپ ئارقا رەتتىكى ساۋاقداشلىرىمغا تاشلاپ بېرەلمەيدىغان ؛ ھەتتاكى مۇگدىۋېلىش ئۈچۈن كىتابنى دالدا قىلىپ كىتاب ئوقۇۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالالمايدىغان بولدۇم .

— چېن شياۋيۇن ، — مۇئەللىم ئىسمىمنى چاقىرغىنىدا يۇرد-كىم دۇپۇلدەپ سوقۇپ ، ئورنۇمدىن تۇردۇم ، — سوئالىمغا جاۋاب بەرگىن ، مۇشۇ دەرستىكى مەسەلىنىڭ ئاپتورى كىم ؟

ھەي ، بايا كىتابقا قاراپ ئولتۇرغان بولساممۇ ، بىراق خىيالل-رىم نە ـ نەلەرگە پالاس قىقىپ كەتكەنىدى ، مەن «ھە ، ھى» قىلىپ دۇدۇقلاپ تۇردۇم . توساتتىن يان تەرىپىمدە ئولتۇرغان يې جىسۇڭ-نىڭ ئاغزىنى قىيسايتىپ ئىككى قولى بىلەن ئارغامچا تارتىپ تۇرغاند-دەك ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم . ئۇ مېنىڭ نىجادكارىم ئىدى ! بۇ ھەرىكەتتىن خاتىرەم ئويغاندى : « 依 »تاۋۇشنى چىقىرىپ يىپ تارتىش . توغرا ، مەن ئالدىراپ ـ تېنەپلا «ئاپتورى ئىزوپ !» دەپ جاۋاب بەردىم .

جاڭ مۇئەللىم مېنى ئولتۇرۇشقا بۇيرىدى ، مەن ئوغرىلىقچە ئۇھ دەۋەتتىم ، يې جىسۇڭغا قاراپ كۆزۈمنى قىستىم ، بۇ ئۇنىڭغا بىلدۈر-گەن مىننەتدارلىقىم ئىدى .

مەكتەپتىن قايتقاندىن كېيىن ئاپام كىيىمىمنى ئالماشتۇرۇشنى، رەسىمخانىغا ئاپىرىپ رەسىمگە چۈشۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى، بۇ يېڭى يىلدىلا كىيگەن كاستۇم ـ بۇرۇلكا بولۇپ، گالىستۇكىمۇ بار ئىدى. بۇنداق سۆلەتۋازلىقتىن نورمالسىزلىق ھېس قىلدىم. قايتار يولىمىزدا ئاپام ماڭا «شاۋيۇن، ئائىلىمىز ئوتتۇرا ئامېرىكا قىتئەسىگە كۆچۈپ بارىدىغان بولدى، بۇنىڭدىن خۇشالمۇسەن؟» دەپ سورىدى.

كۆڭلۈمدە خۇشال بولۇپ ئۇنىڭدىن «ئۇنداقتا، مەكتەپكە يەنە بېرىۋېرەمدىم؟» دەپ سورىدىم.

«ئەمدى رەسمىيەت بېجىرىۋاتىمىز، يەنە بىرەر ئايچە ساقلايمىز، ئەلۋەتتە داۋاملىق ئوقۇيسەنەدە» دېدى ئاپام.

كۆڭلۈمدىكىسى بىر خۇداغىلا ئايان ئىدى، چەت ئەلگە كۆچىدىغىنىمىزنى ئويلاپ، تۇنجى بولۇپ يادىمغا يەتكىنى بۇنىڭدىن كېيىن يادقا يېزىشتىن قۇتۇلىدىغانلىقىم بولدى. ئەلۋەتتە، چەت ئەلگە چىقساممۇ يەنىلا مەكتەپتە ئوقۇيتتۇم، بىراق ئۇ چاغلاردا ھېچبولمىغاندا ئاشۇ قىيىن خەنزۇچە خەتلەرنى يادقا يېزىش ئىشى يوقتۇ؟

ئىككىنچى كۈنى مەكتەپكە كېلىشىمگىلا جاڭ مۇئەللىم مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ چىقتى، مەن كۆڭلۈمدە يەنە يادقا يېزىشتا لاياقەتسىز بولغانلىقىم ئۈچۈن ئەيىبلەيدىغان بولدى، كۆپ بولسا ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ۋاتىلدىۋالار، كېيىنچۇ، ۋاي ـ ۋۇي، كېيىن بۇ يەردىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى مەندىن يىراق بولىدۇ، دەپ ئويلىدىم.

دەرۋەقە، جاڭ مۇئەللىم مېنىڭ يادقا يېزىش دەپتىرىمنى ئالدى. مەن بېشىمنى تۆۋەن قىلىپ ئۇنىڭ يېنىدا جىمغىنە تۇردۇم. ئۇ يادقا يېزىش دەپتىرىمنى ئاستا ۋاراقلاپ يېقىملىق ھەم جىددىي تەلەپپۇزدا «چېن شياۋيۇن، بۇ قېتىم سېنى چاقىرتىشىم سېنى ئەيىبلەش ئۈچۈن ئەمەس، قارىغىنا، يادقا يېزىشتا ئىلگىرىلەپسەن، بەشلا خەت خاتا بولۇپ قاپتۇ. شياۋيۇن، ئىلگىرىلىگەنلىكىڭنى كۆرۈپ راستتىنلا خۇشال بولدۇم. دەرسنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ، ئۆيگە قايتقاندىن كې-

يىن تىرىشىپ مەشىق قىلساڭلا ئىلگىرىلىشىڭ چوقۇم تېخىمۇ تېز بولىدۇ، ئېسىڭدە بولسۇن، سەن دېگەن جۇڭگولۇق، ئۆزۇڭنىڭ يېزىقىنىمۇ ياخشى يازالمىساڭ كۈلكىگە قالماسەن؟» دېدى.

جاڭ مۇئەللىم گېپىنى تۈگىتىپ تارتمىسىدىن «قانداق قىلغاندا تىل - ئەدەبىياتنى ياخشى ئۆگەنگىلى بولىدۇ» دېگەن كىتابنى ئېلىپ ماڭا سۇنۇپ «بۇ مېنىڭ ساڭا بەرگەن كىچىككىنە سوۋغىتىم» دېدى. مېنىڭ ئىككى قولۇمغا تىترەك ئولاشتى. ھەي، ئۇ مېنى ئىلگىرىكىدەك ئەيىبلىسە رازى ئىدىم!

قوڭغۇراق چېلىندى، بىرىنچى سائەتلىك دەرس تىل - ئەدەبىيات دەرسى ئىدى. ئىلگىرى بۇ دەرسكە كىرسەم ھەمىشە خامۇشلىشىپ روھلىنالمايتتىم، غەلىتە ئىش، بۇگۈن تىل - ئەدەبىيات كىتابىنى ۋاراقلىغاندا باشقىچە تۇيغۇغا چۆمدۈم، جاڭ مۇئەللىمنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزىنىڭ شۇنچە يېقىملىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بۇ سائەتلىك دەرس ۋاقتى ناھايىتى تېزلا توشۇپ بىردەمدىلا دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىندى.

مەكتەپتىن قايتقاندىن كېيىن، جاڭ مۇئەللىم بەرگەن كىتابنى ۋاراقلىغانىدىم، بىرىنچى ئابزاس سۆزگە نەزىرىم چۈشتى. «جۇڭگو ئۇزاق تارىخقا ئىگە، گۈزەل زېمىن، ئۇزاقتىن بۇيان يېتىلدۈرگەن جۇڭگو مەدەنىيىتى خەنزۇ تىلىنى دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل تىللارنىڭ بىرىگە ئايلاندۇردى.»

بۇ سۆزلەر خۇددى بىر ئادەم مول ھېسسىيات بىلەن قۇلاق تۈۋىمدە دېكلاماتسىيە قىلىۋاتقاندەك بىلىندى. ھېچقانداق بىر كىتابنىڭ مەزمۇنى قەلبىمنى بۇنداق لەرزىگە سالمىغانىدى. مەن ئۇنى بىراقلا ئوقۇپ تۈگىتىۋەتتىم. مەن جاڭ مۇئەللىمدىن بۇ كىتابنى ماڭا نېمىشقا بالدۇرراق بەرمەيدۇ، بۇنداق بولغاندا ئۆزىمىزنىڭ تىل - ئەدەبىياتىنىڭ بايلىقى ۋە ئەۋزەللىكىنى بالدۇرراق بىلمەيتتىممۇ، دەپ نارازىمۇ بولدۇم. ھەي، مەن تازىمۇ قاملاشمىغان بالىدە! تۇنۇگۈن

ئاپامدىن چەت ئەلگە كۆچىدىغانلىقىمىزنى ئاڭلاپ تۈنجى بولۇپ ئەمدى خەنزۇچە خەتلەرنى يادقا يازمايدىغان بولدۇم، دەپ خۇشال بولغانىدىم! مەن كىتابىمنى قويۇپ، دادامنىڭ يېنىغا بېرىپ، «دادا، كەلگۈسىدە جۇڭگو تىل - ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشكە پۇرسەت بارمۇ؟» دەپ سورىدىم. دادام «مەنمۇ مۇشۇنىڭ غېمىنى قىلىۋاتىمەن، ئۇ جايدا جۇڭگو-لۇق مۇھاجىرلار ئىنتايىن ئاز، جۇڭگولۇق مۇھاجىرلار ئۈچۈن ئې-چىلغان مەكتەپلەرمۇ يوق. ئۇياققا بارغاندىن كېيىن ئىسپان تىلىنى ئۆگىنىشىڭ كېرەك، ئۆزىمىزنىڭ تىل - ئەدەبىياتىنى ئۇنتۇپ كېتەر-سەنمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن» دېدى.

مەن چۆچۈپ كېتىپ، ئالمان - تالمان تىل - ئەدەبىيات كىتا-بىمنى ئېلىپ بۈگۈن ئۆتكەن تېكىستنى تەكرارلىدىم، تېكىستنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن قىزىقارلىق بىلىندى. مەن قەغەزگە يېڭى ئۆگەنگەن خام خەتلەرنى تەكرار - تەكرار كۆچۈرۈپ يازدىم. ئۆزۈمنىڭ تىل-ئەدەبىيات ئۆگىنىشكە بىر ئايلا پۇرسەت قالغانلىقىنى ئويلاپ ئازابلاندىم، پۈتۈن كىتابنى بىراقلا ئۆگىنىپ بولالىسامچۇ، دەپ ئارزۇ قىلدىم.

مەن ئۇدا ئىككى قېتىملىق يادقا يېزىشتا 80 نومۇر ئالدىم، جاڭ مۇئەللىم ھەر قېتىمدا مېنى رىغبەتلەندۈرەتتى. يېقىندا بىر قېتىملىق يادقا يېزىشتا بىرمۇ خەتنى خاتا قىلماي 100 نومۇر ئالدىم! شۇ كۈنى دەرسكە كىرگەندە جاڭ مۇئەللىم مېنىڭ يادقا يېزىش دەپتىرىمنى ئېلىپ بىرىنچى بېتىنى ئېچىپ كۆپچىلىككە كۆرسەتتى. ئاندىن ئەڭ ئاخىرقى بىر بەتنى ئېچىپ ئېگىز كۆتۈرۈپ ئوقۇغۇچىلارغا كۆرسەت-تى، جاڭ مۇئەللىم «قاراڭلار، چېن شياۋيۈن ئوقۇش مەۋسۇمى باشلانغاندا يادقا يېزىشتا ھەمىشە لاياقەتلىك بولالمايتتى، مانا ھازىر 100 نومۇر ئالدى، ئۇ بىزنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىمىز» دېدى.

يۈرىكىم قارتلا قىلىپ قالدى، ھەي، تىل - ئەدەبىيات دەرسى، مەن ساڭا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغىنىمدا سەندىن ئايرىلىدىغان بول-

ـدۇم . ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە كۆز ياشلىرىمنى توختىتىۋالالماي قالدىم . يېنىمدا ئولتۇرغان يې جىسۇڭ بۇنى كۆرۈپ ھەيران قىلىپ «جاڭ مۇئەللىم ، چېن شياۋيۈن يىغلاۋاتىدۇ !» دېدى .

ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن ماڭا قارىدى ، جاڭ مۇئەللىم يېنىمغا كېلىپ مۇلايىملىق بىلەن بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ «شياۋيۈن ، ئىلگىرىلىگەنلىكىڭ ئۈچۈن يىغلاۋاتامسەن ؟» دېدى .

مەن كۆز ياشلىرىمنى سۈرتۈپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىسەدىگىنىمچە «جاڭ مۇئەللىم ، كېيىنكى ھەپتە بۇ يەردىن كېتىدىغان بولدۇم ، پۈتۈن ئائىلىمىزدىكىلەر ئوتتۇرا ئامېرىكا قىتئەسىگە كۆچۈپ بارىدىغان بولدى ، ماڭا . . . ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ تىل - ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش پۇرستى قالمىدى » دېدىم .

پۈتۈن سىنىپ توساتتىن تىمتاسلىققا چۆمدى ، جاڭ مۇئەللىم بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ ، مېنى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى .

بۇگۈن ئەڭ ئاخىرقى تىل - ئەدەبىيات دەرسى ئىدى ، جاڭ مۇئەللىم پۇختا تېڭىلغان بولاقتىن بىرنى ئالغاچ كەلگەنىدى ، ئۇ پۈتۈن سىنىپتىكى ساۋاقداشلارغا «چېن شياۋيۈننىڭ كۆپچىلىك بىلەن ئەسرالىشىدىغان ئەڭ ئاخىرقى كۈنى ئىكەن ، بىز ئۇنىڭ چەت ئەلدە ساغلام ، خۇشال يېتىلىشىگە تىلەكداشمىز . مەن ئۇنىڭغا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىر يۈرۈش تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكىنى سوۋغا قىلدىم ، ئۇنىڭ ۋەتەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن ئوبدان ئۆگىنىپ ، جۇڭگو تىل - ئەدەبىياتىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن » دېدى .

مەن ھۆرمەت بىلەن بۇ بىر يۈرۈش كىتابنى قولۇمغا ئېلىپ جاڭ مۇئەللىمنىڭ سۆزىنى ئەسكە ئالدىم . « . . . ئېسىڭدە بولسۇن ، سەن دېگەن جۇڭگولۇق ، ئۆزۈڭنىڭ ئېلىڭنىڭ يېزىقىنىمۇ ئوبدان يازالمىساڭ كۈلكىگە قالامسەن ؟ »

خەير ـ خوش ، قەدىردان ساۋاقداشلىرىم ! خەير ـ خوش ، تىل ـ ئەدەبىيات دەرسى ! مەن جاڭ مۇئەللىمنىڭ سۆزىنى مەڭگۈ ئېسىمدە تۇتىمەن ، بۇ سۆز مېنىڭ ۋەتەندىن مىڭ چاقىرىملاپ يىراقتا بولساممۇ ئۆز مىللىتىمنىڭ تىل ـ ئەدەبىياتىنى ياخشى ئۆگىنىشىمگە ئىلهام بېرىدۇ .

(بۇ پارچە شياڭگاڭلىق يازغۇچى خې زىنىڭ «خەير ـ خوش ، تىل ـ ئەدەبىيات دەرسى» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى . بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان . )

# ئۇيغۇر تىلى

## جۈملە بىلەن گرامماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەر

جۈملە بىلەن گرامماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەر — جۈملە بۆلەكلىرى بىلەن سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە بولالمايدىغان، ئۆزگە خاس ئىنتوناتسىيە (تىنىش بەلگىلىرى) ئارقىلىق جۈملە بۆلەكلىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

| تۈرى | مەزمۇنى | مىساللار |
|---|---|---|
| قاراتما سۆزلەر | جۈملىدە ئىپادىلەنگەن پىكىرنىڭ كىمگە، نېمىگە قارىتىلغانلىقىنى كۆرسىتىش ياكى باشقىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان، جۈملە بىلەن گرامماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. قاراتما سۆزلەر كۆپ ھاللاردا جۈملىنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا كېلىدۇ، قىسمەن ھاللاردا جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ. قاراتما سۆزلەر جۈملىنىڭ بېشىدا كەلسە، قاراتما سۆزلەردىن كېيىن پەش قويۇلىدۇ؛ قاراتما سۆزلەر جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلسە، قاراتما سۆزنىڭ ئىككى تەرىپىگە پەش قويۇلىدۇ؛ قاراتما سۆزلەر جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كەلسە، قاراتما سۆزدىن بۇرۇن پەش قويۇلىدۇ. | ① — ھە، سوقۇشقاق خورازلار، مۇشتلىشىشقا تاپقان يېرىڭلارنى قارا؟! ② ھەي دارىن، راست گەپ، بۇ خوتۇن ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ. ③ غەمدىن خالاس بولدۇق، ئەمدى ئۇرۇق - تۇغقان بولۇپ قالدۇق، جامىكا، ھەر ئىش بولسا يولى بىلەن . . . ④ ئىككى رودۇپاي شىللىمىزغا چاپلىشىۋالغان تۇرسا، قانداقمۇ سەكرىگىلى بولىدۇ، مۇئەللىم؟ |

| | | |
|---|---|---|
| قىستۇرما سۆز | جۈملىدە ئىپادىلەنگەن پىكىرگە قارىتا سۆزلىگۈچىنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرىدىغان، جۈملە بىلەن گراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. قىستۇرما سۆزلەر بەزىدە بىر سۆز شەكلىدە، بەزىدە سۆز بىرىكمىسى شەكلىدە، ئايرىم ئەھۋالدا جۈملە شەكلىدە قوللىنىلىدۇ. قىستۇرما سۆز جۈملىنىڭ بېشىدىمۇ، ئوتتۇرىسىدىمۇ ۋە ئەڭ ئاخىرىدىمۇ كېلىدۇ. قىستۇرما سۆز جۈملىنىڭ بېشىدا كەلسە ئۇنىڭدىن كېيىن پەش قويۇلىدۇ؛ جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلسە، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە پەش قويۇلىدۇ؛ جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كەلسە، ئۇنىڭدىن ئاۋۋال پەش قويۇلىدۇ. | ① ھەببەللى، سىزگە ئوخشاش كۆزى بار ئادەم تونۇيدۇ.<br>② گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، بىلىنكوفقا ئوخشاش ئادەملەرنى دەپنە قىلىش — تولىمۇ خۇشاللىنارلىق ئىش.<br>③ مانا بۇ خىلدا چاقچاقنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۈچۈن مېنىڭ تەرىپىمدىن ھېچقانداق بىر سەۋەب سادىر بولغان ئەمەس، بەلكى ئەكسىچە، مەن ئۆزۈمنى تامامەن ئەدەپلىك بىر ئادەمدەك تۇتىمەن.<br>④ بۇنداق قىلىش — ئۆزىنى ئۆزى خاراب قىلىش، خالاس. |
| ئىملىق سۆز | جۈملىدىكى پىكىرگە قارىتا سۆزلىگۈچىنىڭ تۈرلۈك ھېس - تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدىغان، جۈملە بىلەن گراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىملىق سۆزلەر بىر سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. | ①پاھ! نېمىدېگەن مەنزىرىلىك جاي بۇ!<br>②خەپ، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر! مېنىڭمۇ كۈنۈم تۇغۇلار!<br>③ۋاي ئىستەي، غۇنچەمدەك چىرايلىق، چېچەن قىز باينىڭ شۇ قوپال، ماڭقا ئوغلىغا خوتۇن بولۇپ كېتەرمۇ. |

| | | |
|---|---|---|
| ئىزاھلىغۇچى سۆز | جۈملىدىكى مەلۇم بىر بۆلەكنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلاش - روشەنلەشتۈرۈش رولىدا كېلىدىغان، جۈملە بىلەن گرامماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىزاھلىغۇچى سۆز جۈملىدە ئىزاھلانغۇچى سۆزدىن كېيىن كېلىدۇ. ئۇ تىرناق ئىچىگە ئېلىنىپ يېزىلىدۇ ياكى سىزىق ئارقىلىق ئايرىلىدۇ. | ① يەر شارىدىكى ھاياتلىقلار بولغان دائىرە ئادەتتە بىئوسفېرا (جانلىقلار چەمبىرىكى) دەپ ئاتىلىدۇ. ② تىل ئۆگىنىش — ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىش، مېنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى غايەم ئىدى. |

## مۇرەككەپ جۈملە

مۇرەككەپ جۈملە — مەنە، تۈزۈلۈش ۋە ئىنتوناتسىيە جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي جۈملىنىڭ مەلۇم سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن تۈزۈلۈپ، مۇرەككەپ ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملىدۇر.

| تۈرى | مەزمۇنى | مىساللار |
|---|---|---|
| تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە | مەزمۇنى بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي جۈملىنىڭ ئۆز ئارا تەڭداش مۇناسىۋەتتە باغلىنىشىدىن تۈزۈلگەن مۇرەككەپ جۈملىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى تولۇق ئاياغلاشقان شەكىلدە بولىدۇ. | ① قورقۇنچاقلىق ئادەمنىڭ نەزەر دائىرىسىنى تارايتىپ ۋۇجۇدىنى زەئىپلەشتۈرىدۇ، تەپەككۇرنى بېكىنمە ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ، روھىي دۇنيانى ئاسارەتتە قالدۇرىدۇ. ② ئادىل ھوشۇر ئۇيغۇر خەلقىنىڭلا پەخىرلىك ئوغلانى بولۇپ قالماستىن، بەلكى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پەخىرلىك «پەلەك شاھى» دۇر. |

| | | |
|---|---|---|
| بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە | تەركىبىدىكى تارماق ئاددىي جۈملىلەر بېقىنىش ، بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتىدە ئۆزئارا باغلىنىپ كەلگەن مۇرەككەپ جۈملىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ .<br>بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملىلەر باش جۈملە ۋە بېقىندى جۈملىدىن ئىبارەت ئىككى بۆلەكتىن تەشكىل تاپىدۇ . باش جۈملە — بېقىندۇرغۇچى جۈملە بولۇپ ، باشقا تارماق جۈملىلەرنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ كېلىدۇ ؛ بېقىندى جۈملە — بېقىنغۇچى جۈملە بولۇپ ، باش جۈملىنى ئىزاھلاپ ، ئۇنىڭغا بېقىنىپ كېلىدۇ . | ① ئۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالمىغان بولسىمۇ ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىختىساسلىق بولالىدى .<br>② پۇل تېجىگەن بولسام ، ئاۋۋال كىتاب سېتىۋالغان بولاتتىم .<br>③ ئويلىماي سۆزلىسەڭ ، ئاغرىماي ئۆلىسەن .<br>④ شۇنىڭغا ئىشىنىشىمىز لازىمكى ، كۆپ خىل ئىقتىدار يېتىلدۈرگەن ئادەم ھەرقانداق جايدا خارلانمايدۇ .<br>(ئاستى سىزىلغان جۈملە باش جۈملە ) |
| ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە | تەركىبىدىكى تارماق ئاددىي جۈملىلەرنىڭ بەزىلىرى تەڭداش مۇناسىۋەتتە ، بەزىلىرى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كېلىدىغان مۇرەككەپ جۈملىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ .<br>ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە كەم دېگەندە ئۈچ ئاددىي جۈملىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ . | مەتنىيازنىڭ قىچىسى مۇشۇ يېزىدىكى دېھقانلارنىڭ قىچىلىرىدىن خېلى بۇرۇن تېرىلغان ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتاپ كىشىنىڭ تېنىنى تونۇردەك قىزىتىدىغان مەزگىلدە پىشىپ قالدى ؛ پىشىپ قالدىلا ئەمەس ، توغرىسى ئورۇلىدىغان ۋاقتىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى . |

## قوشۇمچە I

# خەت ـ چەكلەردىن كۆرسەتمە

## ئاددىي توختامنامە

### رېمونت قىلىش توختامنامىسى

توختاملاشقۇچىلار :

×× مەكتەپ ۋەكىلى ×× (A تەرەپ )

×× رېمونت شىركىتى ۋەكىلى ×× (B تەرەپ )

ئوقۇتۇش بىناسىنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن ئىككى تەرەپ تولۇق كېڭىشىش ئارقىلىق تۆۋەندىكىدەك توختام تۈزدى :

1 . A تەرەپ B تەرەپكە ئوقۇتۇش بىناسىنى رېمونت قىلىشنى هاۋالە قىلدى ، B تەرەپ A تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلەر بويىچە (يەنى قوشۇمچە هۆججەت (1 )دىكى رېمونت قىلىش تەلىپى بويىچە ) رېمونت قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ .

2 . بارلىق رېمونت راسخوتى (ماتېرىيال ، رېمونت هەققى قاتار-لىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) ×× يۈەن بولىدۇ .

3 . A تەرەپ توختام تۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن × هەپتە ئىچىدە B تەرەپكە بېرىشكە تېگىشلىك رېمونت راسخوتىنىڭ 50٪ ىنى ئالدىن بېرىدۇ ، قالغان 50٪ ىنى ئوقۇتۇش بىناسى رېمونت قىلىنىپ بولغان-

دىن كېيىن ×× كۈن ئىچىدە بىر قېتىمدا تولۇق بېرىدۇ .

4 . ئوقۇتۇش بىناسى بىر ئاي ئىچىدە رېمونت قىلىنىپ بولۇشى كېرەك (×× ـ ئاينىڭ ×× ـ كۈنىدىن ×× ـ ئاينىڭ ×× ـ كۈنىگىچە) .

5 . رېمونتتا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللار ئىككى تەرەپ كېلىشكەن ئۆلچەم بويىچە ئىشلىتىلىدۇ . (قوشۇمچە هۆججەت (2) «ماتېرىيال ئۆلچىمى» بىر نۇسخا)

6 . مەزكۇر توختامنىڭ كۈچكە ئىگە ۋاقتى × يىل . ئەگەر قايسى بىر تەرەپ توختام ماددىلىرىغا خىلاپلىق قىلىپ ، رېمونت ئىشىغا تەسىر يەتكۈزسە ، خىلاپلىق قىلغان تەرەپ زىياننى تۆلەشكە مەسئۇل بولىدۇ .

7 . مەزكۇر توختام ئۈچ نۇسخا يېزىلىپ ، ئىككى تەرەپ بىر نۇسخىدىن ساقلايدۇ ، يەنە بىر نۇسخىسى نازارەتچىلىككە مەسئۇل بولۇشى ئۈچۈن ×× مائارىپ ئىدارىسىگە بېرىلىدۇ .

×× مەكتەپ (تامغا)

ۋەكىل : ×× (تامغا)

×× رېمونت شىركىتى (تامغا)

ۋەكىل ×× (تامغا)

×××× ـ يىل ×× ـ ئاينىڭ ×× ـ كۈنى

*توختامنىڭ قۇرۇلمىسى نىسبەتەن مۇقىم بولۇپ ، ئومۇمەن ماۋزۇ ، تېكىست ، ئاخىرىدىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەكتىن تۈزۈلىدۇ .*

*1 . توختامنىڭ ماۋزۇسى . ماۋزۇدا توختامنىڭ خاراكتېرى يېزىلىدۇ . مەسىلەن ، «سېتىش ـ سېتىۋېلىش توختامى» ، «هۆددىگە ئېلىش توختامى» قاتارلىقلار .*

*2 . تېكىست . بۇ ، تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ :*

*① توختام تۈزگۈچىلەر . بىۋاستە ئالاقىدار ئىككى تەرەپ ئەگەر*

ئورگان ، تەشكىلات بولسا ، ئۇنىڭ نامى يېزىلىدۇ ، شەخسلەر بولسا ، شەخسلەرنىڭ ئىسمى يېزىلىدۇ .

② توختام ئىمزالاشتىكى مەقسەت . يەنى ، ھەرقايسى ھەقدار تەرەپلەر ئوتتۇرىسىدا ، قانداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ، قانداق مەزمۇنلارنى ئاساس قىلىپ ، قايسى خىلدىكى ، قانچىلىك مۇددەتلىك توختام تۈزۈلگەنلىكى ئېنىق يېزىلىدۇ .

③ توختام مەزمۇنى . توختام تۈزۈشكەن ھەقدار تەرەپلەرنىڭ ئۆز ئۈستىگە ئالماقچى بولغان قانۇنىي ھوقۇق ، مەجبۇرىيەتلىرى ماددىلارغا بۆلۈپ تەپسىلىي كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ .

④ توختامنىڭ كۈچكە ئىگە ۋاقتى ۋە ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن توختامنى ئۆزگەرتىش شەرتلىرى ، « A » ، «B» ئىككى تەرەپ رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپلار ئېنىق يېزىلىدۇ .

⑤ توختامنىڭ نۇسخا سانى ۋە ئۇنى ساقلىغۇچىلار يېزىلىدۇ . ئادەتتە توختام تۈزۈشكەن ئىككى تەرەپ توختام نۇسخىسىنى بىردىن ساقلايدۇ . مۇھىم توختاملار بولسا مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا بىر نۇسخا ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ .

3 . ئاخىرى . بۇنىڭغا توختام تۈزگۈچىلەر ئىمزا قويۇپ تامغا باسىدۇ . ئەگەر توختام تۈزۈشكە ۋەكىللەر قاتناشقان بولسا ، ئۇلارمۇ ئىمزا قويىدۇ . ئەڭ ئاخىرىدا توختام تۈزۈلگەن ۋاقىت ئېنىق يېزىلىدۇ . ئەگەر توختام ھەر ئىككى تەرەپكە ۋاكالىتەن باشقا بىر كىشى تەرىپىدىن يېزىپ بېرىلگەن بولسا ، ۋاكالىتەن يېزىپ بەرگۈچىنىڭ ئىمزاسى ۋە تامغىسى بېسىلىدۇ . ئەگەر توختامغا مۇناسىۋەتلىك ئىزاھاتلار ، چۈشەندۈرۈشلەر قوشۇمچە قىلىنغان بولسا ، ئۇلار «قوشۇمچە ھۆججەت (1 ) » ، «قوشۇمچە ھۆججەت (2 ) » دەپ ئىزاھلىنىدۇ ۋە توختامنىڭ كەينىگە قوشۇپ تۈپلىنىدۇ . بۇلارمۇ ئادەتتە توختامنىڭ تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ .

## يەر ئىجارىگە ئېلىش ھەققىدىكى تىلخەت[1]

1 . مايمۇن يىلى بىرىنچى ئاينىڭ ئىككىنچى
2 . كۈنى ، ماڭا تەمۈر بۇقىغا
3 . زىرائەت تېرىشقا يەر كېرەك بولۇپ ،
4 . قايىمتۇنىڭ چاڭىقتىكى ئىلچى
5 . بىلەن تەڭ ئۈلۈشكەن يېرىنى
6 . ئىككى شىخ (ئاشلىق ئۆلچەم بىرلىكى) ئىجارىگە ئالدىم .
7 . بۇ يەرنىڭ ھوسۇلىنى ئالغاندا ، باج —
8 . سېلىق كەلسە ، مەن تەمۈر بۇقا جاۋابكار بولدى —
9 . مەن ، قايىمتۇ جاۋابكار بولمايدۇ . (ئەگەر) چوڭ سېلىق
10 . كەلسە ، ئۇ (قايىمتۇ) جاۋابكار بولىدۇ . گۇۋاھچى
11 . مىسىر ، گۇۋاھچى سەڭە . بۇ نىشان[2]
12 . مەن تەمۈر بۇقىنىڭدۇر . مەن
13 . قايىمتۇ تەمۈر بۇقىدىن
14 . سوراپ يازدىم .

## ئۆي ئىجارىگە ئېلىش تىلخېتى

تىلخەت يازغۇچىلار : ئەكرەم (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ئا» تەرەپ

① «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى . بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا پۈتۈلگەن ، يۇەن دەۋرىگە تەۋە ۋەسىقە بولۇپ ، تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان . «تىلخەت» — «پۈتۈم ، ھۆججەت ، ئىسپات» قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ .
② نىشان — پۈتۈم ، تىلخەت دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ .

دەپ ئاتىلىدۇ )

ئابلاجان (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ب» تەرەپ دەپ ئاتىلىدۇ.)

«ئا» تەرەپ ×× شەھىرى ×× يولى ×× نومۇرلۇق ئۆينىڭ جەنۇبىدىكى بىر ئېغىزلىق ئۆينى ئېلىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن «ب» نىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن ئىجارىگە بېرىلىدۇ. ئورتاق كېڭىشىش ئاساسىدا تۆۋەندىكىدەك تىلخەت پۈتۈلدى:

1. جەنۇب تەرەپتىكى بۇ بىر ئېغىز ئۆينىڭ كۆلىمى 20 كۋادرات مېتىر بولۇپ، مۈلۈك ھوقۇقى «ئا» تەرەپكە تەۋە، «ئا» تەرەپ «ب» تەرەپكە ئىجارىگە بېرىدۇ. مۇددىتى × يىل (×××× - يىل ×× - ئاينىڭ - ×× كۈنىدىن ×××× - يىل ×× - ئاينىڭ ×× - كۈنىگىچە).

ئايلىق ئىجارە ھەققى خەلق پۇلى ×× يۈەن بولۇپ، «ب» تەرەپ ھەر يىلى بىرىنچى ئېيىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا بىر يىللىق ئومۇمىي ئىجارە ھەققى ×× يۈەننى «ئا» تەرەپكە تاپشۇرىدۇ. «ئا» تەرەپ يېزىپ بەرگەن پۇل ئېلىش ھۆججىتى ئاساس قىلىنىدۇ. «ب» تەرەپ باھانە كۆرسىتىپ ئىجارە ھەققىنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ، «ب» تەرەپ بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە ئىجارە ھەققىنى تولۇق تاپشۇرمىسا، «ئا» تەرەپنىڭ ئۆينى قايتۇرۇۋېلىش ھوقۇقى بولىدۇ. «ب» تەرەپ ئۆي ئىجارىسىنى ئۆز ۋاقتىدا تاپشۇرۇۋاتقان پۈتۈشكەن ۋاقىت ئىچىدە «ئا» تەرەپ ھەرقانداق سەۋەب كۆرسىتىپ ئۆينى قايتۇرۇۋېلىش تەلىپىنى قويمايدۇ.

2. «ب» تەرەپ ئۆي ئىجارە ئالغان مەزگىلدە، توك ۋە سۇ سائىتىنى «ئا» تەرەپ بىلەن تەڭ ئىشلىتىدۇ. توك پۇلىنى ئىككى تەرەپ ئۆيگە ئورناتقان چىراغنىڭ ۋات سانىنىڭ نىسبىتى بويىچە ھېسابلايدۇ. تېلېۋىزور، توڭلاتقۇلارنىڭ ھەربىرى × چىراغ ھېسابلىنىدۇ. سۇ پۇلى ئىككى تەرەپنىڭ جان سانى بويىچە ئايرىلىدۇ.

3. «ب» تەرەپ ئىجارە ۋاقتى توشقاندا ئۆينى مۇددەت بويىچە

«ئا» تەرەپكە قايتۇرىدۇ. ئەجارە ۋاقتىنى ئۇزارتماقچى بولسا، «ب» تەرەپ ئەجارە مۇددىتى توشۇشتىن ئۈچ ئاي بۇرۇن «ئا» تەرەپكە ئېيتىپ، «ئا» تەرەپنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن ئۇزارتسا بولىدۇ. «ئا» تەرەپ قوشۇلمىسا، «ب» تەرەپ مۇددەت بويىچە ئۆينى قايتۇرىدۇ، ھەرقانداق سەۋەبلەر بىلەن ئارقىغا سۈرۈشكە بولمايدۇ.

4. بۇ تىلخەت ئىككى نۇسخا بولۇپ، «ئا»، «ب» تەرەپتە بىر نۇسخىدىن بولىدۇ.

تىلخەت يازغۇچىلار: ئەكرەم (ئىمزا، تامغا)

ئابلاجان (ئىمزا، تامغا)

تونۇشتۇرغۇچى: ئېلى

×××× - يىل ×× - ئاينىڭ ×× - كۈنى پۈتۈلدى.

*ماۋزۇ تىلخەتنىڭ ئۈستۈنكى قۇرىنىڭ ئوتتۇرىغا يېزىلىدۇ. تىلخەتنىڭ نامى مەسىلەن، ئۆي ئېلىش تىلخېتى، قەرز تىلخېتى قاتارلىقلار. تىلخەت يازغان ئىككى تەرەپ ياكى كۆپ تەرەپنىڭ ئىسمى ئېنىق يېزىلىشى، ئاندىن تىلخەتنىڭ سەۋەبى ۋە مەقسىتى يېزىلىدۇ.*

*تېكىستتىكى، كونكرېت ماددىلار، بۇ تىلخەتنىڭ ئاساسىي قىسمى. پۈتۈشكەن ماددىلار بىر - بىرلەپ ياكى قاتلامموقاتلام ئېنىق يېزىلىدۇ. بۇ قىسىمدىكى مەزمۇنلارنى ئەتراپلىق، قانۇنىي بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن يېزىش كېرەك.*

*ئاخىرىغا تىلخەتنىڭ ئىككى نۇسخا يېزىلىپ، ھەربىر تەرەپ بىر نۇسخىدىن ساقلايدىغانلىقى ئېنىق يېزىلىدۇ. قوشۇمچە ھۆججەت بولسا، ئۇنىڭ قانداق ھۆججەت ئىكەنلىكى ۋە سانى يېزىلىدۇ. بەزى تىلخەتلەردە ئۇنىڭ ئىناۋەتلىك ۋاقتى يېزىلىدۇ.*

*ئاخىرىدا تىلخەت پۈتكۈچىلەر ئىمزا قويۇپ، تامغا باسىدۇ. گۇۋاھچى، تونۇشتۇرغۇچىلار بولسا ئۇلارمۇ ئىمزا قويۇپ، تامغا باسىدۇ. تىلخەت پۈتۈلگەن ۋاقىت يېزىلىدۇ.*

## ھەق تەلەپ ئەرزنامىسى

دەۋاگەر : ×× ، ئەر (ئايال) ، × ياش ، ئۇيغۇر ، ×× شەھىرىدىن ، ×× شىركەتنىڭ تېخنىك خادىمى ، تۇرۇشلۇق ئادرېسى × يول × نومۇر .

جاۋابكار : ×× ، ئەر (ئايال) ، × ياش ، ئۇيغۇر ، ×× دۇكىنىنىڭ پىركازچىكى ، تۇرۇشلۇق ئادرېسى × يول × نومۇر .

تەلەپ : دەۋاگەرنىڭ خەلق يولى 70 - نومۇرلۇق قورۇدىكى ئۆيىنىڭ تېگىشلىك قىسمىنىڭ مۈلۈك ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە بېكىتىپ بېرىش .

دەلىل ۋە ئىسپات (قىسقارتىلدى)

شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسىگە

ئەرز سۇنغۇچى : ×× (ئىمزا ، تامغا)

×××× - يىل × - ئاينىڭ × - كۈنى

قوشۇمچە : 1 . مەزكۇر ئەرزنامە بىر نۇسخا

2 . ماددىي پاكىت 2 دانە

3 . يازما پاكىت 4 پارچە

*ئۇستۇنكى قۇرنىڭ ئوتتۇرىسىغا «ھەق تەلەپ ئەرزنامىسى» دەپ يېزىلىدۇ . دەۋاگەر ۋە جاۋابكارلارنىڭ ئىسمى ، جىنسى ، يېشى ، مىللىتى ، يۇرتى ، كەسپى ، خىزمەت ئورنى ، ئائىلە ئادرېسى قاتارلىقلار يېزىلىدۇ (تىرناق ئىچىگە ئەرز سۇنغۇچىنىڭ دەۋاگەر ياكى جاۋابكار ئىكەنلىكى ئېنىق ئىزاھلىنىدۇ) . ئاندىن دېلو مەزمۇنى ، يەنى تەلەپ*

قىلىدىغان ئىشلار، پاكىت، دەلىل ـ ئىسپات ۋە دەۋا مەقسىتى قاتارلىقلار يېزىلىدۇ. سوتلىنىدىغان سوت مەھكىمىسىنىڭ نامى يېزىلىپ، ئاخىرىدا دەۋاگەرنىڭ ئىمزاسى قويۇلۇپ، تامغىسى بېسىلىپ، يىل، ئاي، كۈن ۋە ئىزاھاتلار يېزىلىدۇ.